ISSN 1005-0876

BULAK



# بۇلاق

2

1998

www.uyghurkitap.com





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

## 19-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 63-سان

1998

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر




1998 - يىللىق 2 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

چاھار دەرۋىش ............ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (5)
(قاسىم بېگىم تەرجىمىسى)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت
ھەمزەنامە ............................ غەرىب خەستە (57)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
تەجەللىنىڭ ياغلىققا كەشتىلەنگەن قەسىدىسى ... (96)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھېكايەتلەر ................... مۇئىن جۇۋەينى (101)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تىلى ........ ئىمىن تۇرسۇن (105)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بەش تالىپ (داستان) ........................................ (132)
توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار رەھىمى
كەنجى باتۇر (چۆچەك) ........................................ (134)
رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى
رىۋايەتلەر........................................ (143)
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
بېيىت - قوشاقلار........................................ (135)
رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال

* *

خەتتات: قايىنام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر پورترېتى، (رەسسام: جالالىدىن بەھرام).
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: تەجەللىنىڭ ياغلىقتا كەشتىلەنگەن قەسىدىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: رەسسام يۈسۈپجاننىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرىدىن.

# چاھار دەرۋىش

## (تەنبىھاتى دەرۋىشىيە)

### ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (قاسىم بېگىم تەرجىمىسى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

### خوجا سەگپەرەسنىڭ سەرگۈزەشتىسى

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى: ئىككىنچى دەرۋىش ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىنى تامام قىلغاندا مەزىن نامازغا ئەزان ئوقۇدى. ئازادە بەخت قەلبى ھاياجانغا تولغان ھالدا دۆلەتخانىسىغا راۋان بولدى. مۇبارەك مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ھەقتەئالانىڭ پەرزىنى بەجا كەلتۈردى. لىباسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بارگاھىنى قۇتلۇق قەدەملىرى بىلەن شاتلاندۇردى. ئاندىن ئىككى ياساۋۇلغا ئۇ دەرۋىشلەرنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن پەرمان قىلدى. ئۆزى دۆلەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، خاس كىشىلىرى بىلەن سۆھبەت قۇردى.

دەرۋىشلەر بامدات نامىزىدىن پارىغ بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى، ياساۋۇل يېتىپ كېلىپ پادىشاھ ھۇزۇرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. دەرۋىشلەر بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ۋە شۈكرى ئېيتىپ، تېزلىك بىلەن راۋان بولدى. ئۇلار پادىشاھ دەرگاھىغا يەتكەندە رۇخسەتتىن كېيىن يەر ئۆپۈپ دۇئاغا ئېغىز ئاچتى. نەزمە:

ئىلاھا، دەۋلەتىڭ پايەندە① بولسۇن،
فۇرۇزى② ئاخىرەتىڭ تابەندە③ بولسۇن.
بۇدۇر چەرخى كەمىنە چاكەرىڭدىن،

---

① پايەندە — دائىمىي، مەڭگۈلۈك؛ مۇستەھكەم.
② فۇرۇز — پارلىماق، نۇرلانماق.
③ تابەندە — پارلىماق، پالتىرىماق، نۇرلانماق.

www.uyghurkitap.com



زۇھەل بىرلە ئەتارىد①بەندە بولسۇن.
سەئادەت يار بولسۇن دەۋلەتىڭگە،
ئەدۇۋلار②باشى تەندىن كەندە③بولسۇن.

مەدھىيە ئاداسىدىن كېيىن خۇرسەنلىك بىلدۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. پادىشاھمۇ دەرۋىشانە مەرھەمەت يۈزىسىدىن بۇلارنى چاقىرتىپ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئەي مۇھتاجلىق مەملىكىتىنىڭ مىسكىنلىرى، خۇش كېلىپسىزلەر! سەپىرىڭلار نەگە؟ نېمە ئۈشقا مۇنچە غەمكىن بولدۇڭلار؟...

— بەختنىڭ بىلەن دۆلىتىڭ قۇدرەت تاپسۇن! — دېدى دەرۋىشلەر جاۋاب بېرىپ، — بىز دەرۋىشلەردۇرمىز، چارىسىز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ، جاھان نېمەتلىرىدىن كېچىپ، مەھرۇملۇق زەھرىنى يەتكۈچە ئىچىپ، تەنھالىق يولىغا قەدەم قويۇپ، جاھان مەملىكەتلىرىنى كېزىپ يۈرۈپتىمىز. ھېسابسىز ھىجران ۋە جەبىر - زۇلۇم تارتىپ، چەكسىز ھەيرانلىق دېڭىزىدا يۈرۈپ ھېچبىر ماكاندا تىنچلىققا پۇرسەت تاپالمىدۇق. جاھان غېمىنىڭ دەردى بىلەن، جان - ئۆمۈرنىڭ غۇبارى بىلەن سورۇلدۇق.

— ئەي دەرۋىشلەر، — دېدى [پادىشاھ] ئازادە بەخت ئالدىراپ، — بۇنىڭدىنمۇ ئېنىقراق بايان قىلىڭلار!

دەرۋىشلەر دېدىكى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولغاي! سۆزلىمەككە بىزدە تاقەت، ئىشتمەككە سىزدە قۇۋۋەت يوقتۇر. ئەھۋالىمىز كۆپ مالالدۇر.

ئازادە بەخت گۈلدەك ئېچىلىپ، خەندان ئۇرۇپ دېدىكى:

— ئەي دەرۋىشلەر، بۇ سۆزۈڭلار راست ئەمەستۇر، چۈنكى مەن ئىككى كىشىنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئۆتكەن كېچە ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى يەنە بىرەيلەننىڭ يۈزىدىن پەردىسىنى ئېچىپ، تەرتىپ بىلەن سەرگۈزەشتىنى بايان قىلىشىنى خالايمەن.

دەرۋىشلەر پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن لەرزان ۋە ھەيران بولۇپ ئاغىزلىرى تۇتۇلدى.

ئازادە بەخت كۆردىكى، بۇلاردا نە سوئال سورىغۇدەك، نە ماقال ئېيتقۇدەك قۇۋۋەت يوق ئىدى. بۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ، شاھلىق ئىشارىتى بىلەن مەجلىس ئەتراپىدىن ئەغيار غۇبارىنى يوق قىلىپ، ئۇلپەت دۇرجىنىڭ④ئاغزىنى ئېچىپ، دەرۋىشلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن سەرگۈزەشتىنى بايان قىلماق بولۇپ دېدىكى:

— ئەي دەرۋىشلەر، ئەلھال، سۆھبەتتە تارتىنىش ھاجەت ئەمەس. بۇ سەرگۈزەشتلەرنى مەن ئىلگىرى ئۆزۈم كۆرۈپ ھەقىقەتكە يەتكەنىدىم. سىزلەر ئارام ئېلىڭلار، مەن سۆزلەپ بېرەي.

دەرۋىشلەر يەر ئۆپۈپ:

— پادىشاھلارنىڭ ئىلتىپاتى گادايلار ئۈچۈن ھەقىقىي شەپقەت ۋە مەرھەمەتتۇر، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئازادە بەخت سەرگۈزەشتىنى باشلىدى:

---

① ئەتارىد — مىركۇرىي سەييارىسى.
② ئەدۇۋ — دۈشمەن، ياۋ.
③ كەندە — ئۈزۈلگەن، كېسىلگەن، قىرقىلغان.
④ دۇرج — قىممەتلىك تاشلار سېلىنىدىغان قۇتىچە؛ ئاغىز؛ كۆڭۈل

تەگرىتائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ياش ۋاقتىمدىلا ئاتام پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ئەبەدىيلىك ئەركى، سۇلتانلىق تەختى ۋە ھۆكۇمرانلىق مەنسىپىدە ئولتۇردۇم. رۇم مەملىكىتىنى پەرمانىمغا كەلتۈردۈم. شۇ كۈنلەردە بەدەخشان سودىگەرلىرىدىن بىركىشى بۇ مەملىكەتكە كەلدى. ئۇنىڭدا ھېسابسىز مال - جاۋاھىر ۋە توقۇلمىلار بار ئىدى. ئۇنىڭ نامى شەھىرىمىزدە يۇر بولۇپ، داڭقى بىزگىچە يەتتى. «ئالدىمغا ھازىر بولسۇن!» دەپ پەرمان قىلدىم. چاقىرتىشتىكى مەقسىتىم ۋە ھازىر قىلماقنىڭ سەۋەبى: 〔ئۇ سودىگەر ئارقىلىق〕 ھەر ديار پادىشاھلىرىنىڭ تۇتقان يوللىرى ۋە ھەر شەھەر سۇلتانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت - ئادەتلىرى، خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ياخشى ۋە يامان تۇرمۇش ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئىدى.

ئۇ مەرد - ھوشيار دەرگاھىمىزغا ھازىر بولۇپ، بىر قۇتىنى ئۆز رەسمى بويىچە بىزگە تارتۇق قىلدى، قۇتىنى ئېچىشىم بىلەن بىردانە گۆھەرگە نەزىرىم چۈشتى، ئۇ ئىنتايىن سۈزۈك ۋە رەڭلىك ئىدى. ئۈچ مىسقال تاشنىڭ ۋەزنىدە كېلەتتى. ئۆيۈمدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سۈپىتىنى كىشىلەردىنمۇ ئاڭلىمىغانىدىم. ئالاھازەل تولىمۇ خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلدىم. ئۇ كىشىگە ئىززەت - ئىكرام ۋە ئېھتىرام ئەيلەپ، ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئىنئام بەردىم. ھەشەمەتلىك تون - سەرپاي كىيدۈردۈم. ئۇنىڭ مال - ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ھېسابسىز مەنپەئەت يەتكۈزدۈم. مال - دۇنيالىرىدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماي، نەچچە مۇددەت خىزمىتىمدە تۇرغۇزدۇم. ئۇ جاھان كۆرگەن، ياخشىلار، مەردلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خۇش چاقچاق، قائىدە - يوسۇنلۇق كىشى ئىدى.

ھېكايەتنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، گۆھەرگە نەزەر سېلىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، تولا چاغلاردا خاس مەجلىسلەردە ئۇ گۆھەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆز - كۆز قىلاتتىم. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ تەرىپىنى قىلىشاتتى.

ۋاقتىكى، مەملىكىتىمىزگە ھەر دياردىن ئەلچىلەر كەلدى. دۆلەتنىڭ ئەمىر - ئەرباب، كاتتىلىرىنىڭ قاتنىشىشىدا مەجلىس قۇرۇلدى. ھەممىلەر جاي - جايىدا ئولتۇرۇپ، دەرىجىلىرى بويىچە ئورۇن تۇتۇشتى. شاھانە بەزمە تۈزۈلۈپ، ئەيش - پاراغەت ئىشىكلىرى كۇشادە ئېچىلدى. ئادەت تەرىقىسى بىلەن ئۇ قۇتىدىن گۆھەرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدىم. پەرەڭدىن كەلگەن بىر ئەلچى بۇ تەرىپنى ئاڭلاپ ئانچىكىم تەبەسسۇم قىلدى.

بۇ مەجلىستە ئاتامغا ۋەزىر بولغان تەدبىرلىك بىر ۋەزىر بار ئىدى. ئۇ مۇناسىپ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، نېمەتكە بولغان شۈكرى ۋە مەدھىيىلىرىنى ئادا قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم، جاھان خەلقىنىڭ سەرۋىرى، بۇ بىر پارچە تاش ھەرقانچە تەڭداشسىز ۋە يېگانە بولسىمۇ، دوست ۋە غەيرىينىڭ ئالدىدا بۇنچە تەرىپلەش ھاجەتسىزدۇر، بەلكى بۇ تاشنىڭ ئۇنچىۋالا قەدىر - قىممىتى يوقتۇر، خۇراسان شەھرىدە بىر مەرد سودىگەر بار. ئۇنىڭ ئون ئىككى تال گۆھىرى باردۇركى، ھەربىرىنىڭ ۋەزنى يەتمىش مىسقال كېلىدۇ. ئۇ ئون ئىككى تال گۆھەر بىر ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەندە غەزەپ ئوتى جۇش ئۇردى. خۇراسان سودىگىرى توغرىسىدىكى تەرىپنى يالغان بىلىپ، ۋەزىرنى سىياسەت قىلدىم. پۇل - ماللىرىنى تالان قىلدىم.

پەرەڭ پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى شاپائەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىلتىماسىم شۇكى، بۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى تىلەيمەن! گۇناھى نېمىكىن؟ — دېدى.

— يالغانچىلىقتىن زىيادە گۇناھ بارمۇ؟ — دېدىم.

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ يالغانچىلىقى سىزگە قانداق زاھىر بولدى؟
— كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەس، — دېدىم مەن، — ئۇ مەرد سودىگەر بىر دىنار ئۈچۈن جېنىنى ھالاكەت بوسۇغىسىدا قويۇپ، گاھى تاغ - دەشتلەردە، گاھى كېمىدە يۈرىيدىغان تۇرسا، ھەربىرى يەتمىش مىسقال كېلىدىغان ئون ئىككى تال گۆھەرنى ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويارمۇ؟

ئەلچى ئالدىمدا يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، دۆلىتىڭ ھەمىشە قۇدرەتلىك بولغاي! بۇ زاماننىڭ غارايىبلىرى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ھېسابسىز ۋە پايانسىزدۇر. كىشىلەرنىڭ قولاقلىرىغا يەتكەن ھەرقانداق مۇقەددەس ھېكايىنىڭمۇ راست - يالغانلىق ئېھتىمالى باردۇر. بەلكىم بۇ ھېكايە راستتۇر. ناۋادا مەسلىھەت ئۈچۈن يالغان ئېيتتى دېگەندىمۇ، ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەقلىدۇر. ئۇ گۇناھىنى تىلىگۈچىسى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ. خاھى دۆلەت كاتتىلىرى، خاھى بەندىلىرىڭ بولسۇن ھۆكۈم قىلغاندا ئالدىراپ ئۆلۈمگە بۇيرۇمىغىن. ئۇلارنىڭ ھەق قەدىمىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغىن! ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۆتكەن پادىشاھلار زىندانىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياساشقانكى، ھەرقاچان ئاچچىق بىلەن گۇناھكارغا غەزەپ قىلسا بولىدۇ، ئەمما ئۇنى نەچچە كۈن زىنداندا بەنت قىلغاي! شۇنداقتا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ غەزىپى بېسىلىدۇ؛ بەنت قىلىنغۇچىنىڭ گۇناھسىزلىقى مەلۇم بولسا، پادىشاھ ناھەق خۇن تۆكۈشتىن ساقلىنالايدۇ.

ئۇ ئاقىل مەردنىڭ ياخشى سۆزلىرى بىلەن غەزەپ ئىشكلىرىنى يېپىپ، ئۇنى قەتل قىلماقتىن توختاتتىم. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى بىكار قىلىپ، بىر يىلغىچە زىندانغا بەنت قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ئەگەر شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقى زاھىر بولسا، نىجات تاپماقلىققا سەۋەب بولغاي؛ ناۋادا ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى جازاسىغا يەتكۈزۈپ بىلگىنىمنى قىلماقچى بولدۇم.

ئەلچى يەر ئۆپۈپ سۆزىنى توختاتتى. ۋەزىر زىندانغا تاشلاندى.

ۋاقتىكى، بۇ جازا [ۋەزىرنىڭ] ئۆيىگە يەتتى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە غوۋغا پەيدا بولدى. قازارا، ئۇ ۋەزىرنىڭ دانا ۋە پاراسەتلىك، ساۋاتلىق ۋە قابىلىيەتلىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ ئون ياشتا ئىدى. ۋەزىر قىزىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ زىيادىلىكىدىن ئۆزىنىڭ يېنىدا ئالاھىدە ئىمارەت ياسىتىپ، قىز ئۈچۈن ساھىبجامال كېنىزەكلەرنى خىزمىتىدە قويۇپ، ئەيش - پاراغەت لازىمەتلىكلىرىنى ھازىر قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ نادىرە ئەمىرزادىلەر بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، شاد - خۇراملىق ئىچىدە ياشايتتى. شۇ كۈنى ئۇ بىگانە گۈزەل ئادەت تەرىقىسى بىلەن ئەيش - پاراغەتكە مەشغۇل ئىدى. ئانىسى چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى ياش، يالاڭ ئاياغ قىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىككى قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ:

— ئىلاھا، مۇنداق قىزنى ھېچكىم تۇغمىغاي، ناۋادا تۇغسا ھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق بولغاي! قىزنىڭ ئورنىغا يامان ئاتلىق بولسىمۇ بىر ئوغۇل بەرگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا، ئەلۋەتتە، دىل غەشلىكىنى كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرگەن بولاتتى، بۇ چىگىلگەن كۆڭلىمىزنىڭ تۈگۈچلىرىنى تەدبىر قوللىرى بىلەن يەشكەن بولاتتى، — دەپ ئاھ - پىغان قىلدى.

قىز ئانىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئانا، نېمە ۋەقە بولدى؟ يىغا - زار قىلماقنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يامان ئاتلىق ئوغۇلدىن ھاسىل بولۇپ، مەندىن ھاسىل بولمايدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سېنىڭ بېشىڭغا تۇپراق ياغقاي! — دېدى ئانىسى جاۋاب بېرىپ، — بۇنىڭدىن زىيادە مۇسىبەت بولارمۇ؟ قېرى ئاتاڭنى پادىشاھ زىندانغا سالدى. سەۋەبى شۇكى، بىچارە ئاتاڭ پادىشاھ ھۇزۇرىدا

پادشاھنىڭ خىزمىتىگە زاھىر بولغاندا: «خۇراساندا بىر سودىگەر بار، ئۇنىڭ ئون ئىككى گۆھىرى بولۇپ، ئۇ ئىتنىڭ بوينىغا باغلاقلىقتۇر» دەپ ھېكايە قىلغانىكەن. بۇ نەقىل پادشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقماپتۇ. بىر يىلغىچە بۇ ھېكايىنىڭ راستلىقى مەلۇم بولسا مەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئاتاڭنى سىياسەت قىلىدىكەن. مەقسەت ـ مۇددىئايىم شۇ ئىدىكى، ئەگەر سەن ئوغۇل بولغان بولساڭ، بۇ ۋەقەدە ھىيلە قىلىپ بولسىمۇ بىچارە [ئاتاڭ] نى بۇ بالادىن خالاس قىلغان بولاتتىڭ!

— ئەي ئانا، دېدى قىز، — ئۇشبۇ سۆزۈڭ راستتۇر. ئەمما تەقدىر ئىلاھىيغا مۇخالىپ ئىش بولماس، بەلكى سەۋر قىلماق كېرەك. ئۆز رىزالىقنى قازايى ئىلاھىغا بەرگەن كىشى ياخشى كۈن تاپىدۇ. ئەكسىچە سېنىڭ يىغا ـ زار قىلمىقىڭ ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەرز قىلىپ پادشاھنىڭ غەزىپىنى ئاشۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. تەقدىردىن كەلگەن بالا ـ قازاغا سەۋردىن ئۆزگە چارە يوقتۇر. خۇدايىتائالانىڭ خاھىشىغا بېقىپ سەۋر قىلماق كېرەك!...

قىز ئەيش بىساتىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر بۇلۇڭدا خاموش بولۇپ ئولتۇردى. ئاتىسىنىڭ قەدىردان بىر دوستى بار ئىدى. كەچ بولغاندا ئۇنى خىلۋەتكە چىللاپ كېلىپ:

— ئاتامنى [بۇ بالادىن] خالاس قىلىپ، ئانامنىڭ تەنە ـ تاپىنىسىدىن نىجات تېپىشنى خالايمەن. شۇڭا سىز بىلەن ئەجەم مەملىكىتىگە بېرىپ، خۇراسان پادشاھىنىڭ مۆھۈرلۈك خېتىنى ھەمدە نىشاپۇرنىڭ بۇزرۇكلىرى ۋە كاتتىلىرىنىڭ نامىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئاتامنى زىنداندىن خالاس قىلسام، — دېدى. ئۇ خوجا ھەم تولا پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قىزنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ نىشاپۇرغىچە ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا رازى بولدى. ئۆزئارا كېڭىشىشتىن كېيىن مەسلىھەت بۇ ئىشنى خەلقتىن مەخپىي تۇتۇش، ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىك، ئەجەم ۋىلايىتىگە لايىق ماتالار ۋە نەپىس جاۋاھىر قاتارلىقلاردىن تەييارلاش، بىرنەچچە خىزمەتچىنى ھەمراھ قىلىش، كېرەكلىك ئەسۋابلارنى ھازىرلاشقا قارار تاپتى. شۇنداق قىلىپ ياخشى تىلەكلەردىن كېيىن مەزكۇر ئەشيالارنى سەرەمجان قىلىپ، ئۇ ئاقىل قىز ئوغۇلچە كىيىندى. جاۋاھىر، مال ـ ماتالار تەقلەندى. كېچىدە ھازىرلىقلارنى ئېلىپ، غەيرىيلەرگە تۇيدۇرماي ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇل خوجا بىلەن پۈتۈشكەن جايغا جەم بولدى. غۇلام، مۇلازىملارغا بۇيرۇپ يۈكلىرىنى تۆگىلەرگە يۈكلەتتى. جاۋاھىر ۋە پۇل ـ پىچەك، ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ ئەجەم ۋىلايىتىگە راۋان بولدى. قىزنىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، سۆز ـ چۆچەك بولۇشتىن قورقۇپ قىزىنىڭ ھەرىكىتىنى مەخپىي تۇتتى.

بۇلار نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام، ساق ـ سالامەت نىشاپۇر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سودىگەرلەرنىڭ سارىيىغا چۈشۈپ، نەچچە كۈن ئارام ئېلىپ يول رەنجىدىن ئىستىراھەت تاپقاندىن كېيىن، سەھەر ۋاقتىدا ھاممامغا بېرىپ، پاكىز لىباسلارنى كىيىپ، ھاممامدىن چىقىپ نىشاپۇر بازىرىغا كەلدى.

ۋاقتىكى، تۆت كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ بازارغا نەزەر سالدى. بىر دۇكاننىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن، ھېسابسىز جاۋاھىرلارنى كۆردى. دۇكاندا ئېسىل لىباسلارنى كىيگەن، قىرىق ـ ئەللىك ياشلاردىكى بىر كىشى چىرايلىق ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىدى. ئالدىدا زەردىن كولاھ كىيگەن، ئالتۇن كەمەر باغلىغان غۇلام ۋە چاكارلار قول باغلاپ تۇراتتى. كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلاردىن نەچچە كىشى دۇكاننىڭ ئالدىدا سەندەللەردە ئولتۇرۇپ سۆھبەت قىلىۋاتاتتى. قىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تەئەججۇب قىلدى. ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئاتام ئېيتقان سودىگەر مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ، خۇدايىتائالادىن تەۋپىق تەلەپ قىلدى. ئاندىن يەنە بىر تەرەپكە قاراپ بىر دۇكاننى كۆردى: بۇ دۇكانغا ئىككى قەپەس قويۇلغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



ھەربىرىدە بىردىن ئادەم بەند قىلىقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىمى يوق، چاچ - ساقىلى بىلىكە چۈشكەن، تىرناقلىرى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدەك، يۈزى سارغايغان، نەپسى بوغۇلغان، كۆڭلى دەردلىك، بىر تىرە - بىر سۆڭەك، جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەن، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئازاب تارتقانىدى. بۇنداق ھالەتنى ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئىشتمىگەنىدى. قەپەسلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە بەستلىك، چىرايىدىن ۋەھشەت يېغىپ تۇرغان ئىككى زەڭگى غۇلام ئۇلارغا پاسىبانلىق قىلىپ تۇراتتى. قىز بۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولۇپ، تەپەككۇر ئىلكىدە: «لەھەۋلە ۋەلە قۇۋۋەتە ئىللە بىللەھىل - ئەلىيۇل - ئەزىم» (ماگا پەقەت بۈيۈك ئاللاھتىئالا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ياردەم بېرەلەيدۇ) نى ئوقۇپ بىر تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى، يەنە بىر دۇكاننى كۆردى: دۇكانغا يىپەك گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، گىلەم ئۈستىگە قىممەت باھا جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن بىر سەندەل قويۇلغانىدى. سەندەلگە قاپلانغان نەپىس تۆشەكتە بويۇن تاسمىلىرى رەڭمۇرەڭ تاشلار بىلەن نەقىشلەنگەن، ئۈستىگە كىمخاپ يوپۇق يېپىلغان، بويىنىغا تىللا زەنجىر ئېسىلغان بىر ئىت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئالدىغا سۇ تولدۇرۇلغان تىللا جام قويۇلغانىدى. ئاپتاپ سۈرەتلىك ئىككى غۇلام - پەرەڭ بەچچە ئۇل سەگ ( ئىت ) نىڭ خىزمىتىدە خىزمەت كەمىرىنى باغلاپ تۇراتتى. بىرىنىڭ قولىدا تاۋۇس قانىتىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ، يەنە بىرىنىڭ قولىدا زەر رومال بار ئىدى. بىرى يەلپۈسە، يەنە بىرى سۈرتۈپ ئىتنىڭ بەدىنىنى چاڭ - توزاڭدىن پاك قىلاتتى.

ئۇ خوجا ۋەزىرنىڭ قىزىغا ھەمراھ ئىدى. ئۇلار مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر بولغان گۆھەرلەرنى بۇ ئىتنىڭ بويۇن تاسمىسىدا كۆردى. قىز خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ: «ئاتامنىڭ نىجات تاپمىقى بۇلارغا باغلىق، بۇ دەلىللەرنى قايسى يول بىلەن قولۇمغا ئېلىپ قايتارمەن؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ناگاھ، تۆت كوچا دوقمۇشىدا — بازار ئىچىدە « گۈل يۈزلۈك » نىڭ ھۆسن شولىسىنىڭ جىلۋىسىدىن غوۋغا - توپىلاڭ، خەلقىنىڭ كۆڭلىدە ئاتەش پەيدا بولدى. خەلق ئۇ « گۈل يۈزلۈك » نىڭ تاماشىسىغا مەشغۇل بولۇپ توپلىشىۋالغاچقا، يول توسۇلۇپ قالدى.

ۋاقتىكى، جاۋاھىرپۇرۇش خوجىنىڭ بازار خەلقىنىڭ سىركۆل كەبى دەۋر قىلغان چەمبىرىكى ئوتتۇرىسىدا بەئەينى نەرگىس يەڭلىغ تۇرغان ئۇ دىلئارامغا نەزىرى چۈشۈپ، غۇلاملاردىن بىرىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ غۇلام:

— خوجام سىزلەرنى چاقىرىدۇ، — دېدى.

قىز شۇدەم جاۋاھىرپۇرۇش تەرىپىگە يۈزلەندى.

ئەي دەرۋىشلەر، قازارا، ئۇ خوجىنىڭ كۆزى خوجىزادە ئەمەلىينىڭ① جامالىنىڭ نۇرىغا چۈشتى - دە، شۇئان ئۇ ئەگمە قاشىنىڭ خانىسىدىن چىققان ئىشق ئوقى خوجا بىچارىنىڭ (جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ) مۇھەببەتخانىسىنىڭ نىشانىغا تەگدى.

〔جاۋاھىرپۇرۇش〕 ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ خۇدىنى ئىختىيارىدىن يوقاتتى. شېئىر:

ئىككى ئالەم كۆيگەنى ئول ئىشقىنىڭ رەڭگى ئېرۇر،
ھەم شەھادەت ئىبتىداسى ئىشقىنىڭ جەڭگى ئېرۇر.
ھەر بەلاۋۇ دەردۇ رەنجى ئىشقدىن پەيدا بولۇر،
بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى ھەم ئىشقدىن پەيدا بولۇر.

① خوجىزادە ئەمەلىي — بۇ قىزنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئەرچە ئىسمى.

خوجىزادىمۇ ئەھۋالىنىڭ پەرىشانلىقىدىن ئېيتاتتىكى، بېيىت:

رەڭگى ئۆچكەن چىرايىم ھەم يۈرەكنىڭ ئاغقانى،
ئاشىقى بىچارە ھەر يەردە ئېرۇر رەسۋا بولۇر.

ئەي دەرۋىشلەر، مەشۇقنىڭ ئېھتىياجى ئاشىقنىڭ ئىشقىدا بولىدۇ. خوش، خوجىزادە ئارزۇسىغا يېتىش مەقسىتىدە ئۇل گۆھەر (جاۋاھىر) پۇرۇشنىڭ قوللىرىنى بۇسە قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا باردى. خوجا جاۋاھىرپۇرۇش ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، جان - جىنىدىن كۆزلىرىگە ئاتىلارچە سۆيۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزئارا كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ئەي ئوغۇل، قايسى گۈلىستاننىڭ گۈلى، قايسى بوستاننىڭ سەرۋىرى، قايسى سەدەپنىڭ دۇردانىسى سەن؟ سەپىرىڭ قايسى تەرەپكە؟ — دەپ سورىدى.

— تۇغۇلغان جايىم قۇستەنتەنىيەدۇر، — دېدى قىز جاۋاب بېرىپ، — ئاتام ياشلىق ۋاقتىنى تىجارەتكە سەرپ قىلىپ، ئەلھال مۇبارەك يېشى يەتمىشكە يەتكەندە كۆزىگە ئاغرىق پەيدا بولدى. خەلقنىڭ بارماق - كەلىمىكنىڭ ئىشكىلىرى يېپىلدى. ئالاھازەل، ماڭا سەپەر قىلماققا پەرمان قىلدى. ئاتامنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەجەم مەملىكىتىگە ئىرادە قىلدىم. ئاندىن كېيىن ئۇشبۇ ئىقلىمغا كېلىپ سىزلەرنىڭ پاكىز تەبىئەت ۋە گۈزەل خىسلەتلىرىڭىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھەۋىسى پېقىرغا غالىب بولۇپ، خۇراسانغا سەپەر قىلدىم. خۇداغا شۈكرى، ئارزۇيۇمنىڭ خاھىشى بىلەن قوللىرىنى بۇسە قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بېيىت:

ئەگەر بىز مەردى ئارىپ① دامەنى② گەردىغە يەتمەسمىز،
ۋەلى شايەدكى ئارىپ دامەنى گەردى يېتەر بىزگە.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى: ئۇل دىلرەبا يەنە [كۆڭۈلنى خوش قىلىدىغان] نۇرغۇن ئىبارىلەرنى بايان قىلدى. خوجا (جاۋاھىرپۇرۇش) ھەم مەپتۇن بولۇپ:

— ئەي پەرزەنتىم، رەنج - زەھمەت تارتىپ خوش كېلىپسەن! كەلگىنىڭدىن خۇرسەن بولدۇم، — دېدى. بېيىت:

قەدەمىڭ تۇشتى غەمكىن باشىمە جان،
فىدا بولسۇن دىلۇجان، ئەي دىلۇجان.
رەۋاقۇ دىيدە بەرھەق ئاستانەڭ،
كەرەم ئەيلەپ ئۆيۈمگە تۇشكىل، ئەي جان.

— ئەي پەرزەنت، خىزمەتكارلىرىڭ نەدە؟ ئەمر قىلغىل، تا پېقىرنىڭ خانىسىغا كەلگەي! بۇلارنىڭ مۇساپىرخانىدا بولماقلىقى مۇۋاپىق ئەمەستۇر. خۇداغا شۈكرىكى، كەمىنە پېقىرنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئىمكانى ۋە ئېتىبارى باردۇر. ئەل ئىچىدە «بىر زەررە ئېھسان قىلساڭ، مىڭ زەررە قەدرىڭ بولىدۇ»

① ئارىپ — بىلگۈچى، دانا، مەرىپەتلىك.
② دامەن — ئېتەك.

دېگەن گەپ بار. شۇ سەۋەبلىك مۇبارەك قەدىمىڭنى كۆزۈمنىڭ قارىقىغا ــ تەشەككۇر ئىزھار قىلغۇچى جېنىمغا قويسالڭ، ئەلۋەتتە ئەھۋالىم تېخىمۇ ياخشى بولغاي!

خوجىزادە ئەمەلىي ئۆزرە ئېيتقاندىن كېيىن رازى بولدى. خوجا قۇللىرىنى خوجىزادىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەسۋاب، مال، نەرسە - كېرەكلىرىنى كارۋان سارايدىن ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. خوجىزادە كەچ بولغۇچە بازاردا سودىگەر خوجىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئاندىن ئۆيىگە قايتىشتى. ئىككى غۇلام بەچچە - بىرىسى ئىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يەنە بىرسى سەندەلنى ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى. يەنە بىرنەچچە زەڭگى ئىككى قەپەسنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. خوجا بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ۋاقتىكى، ئۆيگە يەتتى. تەكلىپ بىلەن ئۇلار خوجىنىڭ ئىمارىتىنىڭ ئايۋىنىدا ئولتۇردى. ئايۋاننىڭ ئالدىدا كۆل بار ئىدى. كۆلنىڭ قىرغىقىغا بىر يىپەك گىلەم سېلىقلىق ئىدى. زەرباب بىلەن يېپىلغان سەندەلنى گىلەم تۆپىسگە قويۇپ، ئۇستىگە ئىتنى ياتقۇزۇپ قويۇشتى.

ئەمما خوجا (سودىگەر) ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، خوجىزادە ئەمەلىيگە كۆپ مېھرىبانلىق ئاتا قىلىپ مەجلىس تۈزدى. خوجا ئاۋۋال ئۆزى ئىچىپ، تەكلىپ بىلەن خوجىزادىگە تۇتۇپ سۆھبەتكە مەشغۇل بولدى. ئاندىن كېيىن دىماغلىرى قىزىپ خۇش كەيىپ بولغاندا تائام تارتىلدى. خوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن مۇلازىملار زەرباب داستىخاننى سەندەلنىڭ يېنىغا سېلىپ، ئۇ تائامدىن ئاۋۋال ئىتقا ئېلىپ بەردى. ئىت سەندەلدىن چۈشۈپ داستىخاننىڭ تۆپىسگە چىقىپ خالىغىنىنى يەپ، يەنە سەندەلگە چىقىپ ئولتۇردى. غۇلام بەچچىلەر ئىتنى يەلپۈپ، ئاغزىنى ئېرتاتتى. ئاندىن ئۇ غۇلام بەچچىلەر ئىتنىڭ ئالدىدىكى لېگەننى ئېلىپ كېلىپ قەپەسنىڭ يېنىدا قويۇپ، خوجىسىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپلارنى ئاچتى. ئۇ بەختسىزلەرنى تاشقىرى چىقىرىپ نەچچە قامچا ئۇرۇپ، ئىتتىن ئاشقان تائامنى يېگۈزدى. ئاندىن يەنە قەپەسكە بەند قىلىپ، قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچنى خوجىغا بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا تائامغا مەيل قىلدى.

خوجىزادە ئەمەلىي بۇ ئىشلارنى مۇرۇۋۋەتتىن يىراق كۆرگەچكە، تەبىئىتىگە ئېغىر كەلدى، خوجىنىڭ مەزىپىنى غەيرىي بىلدى. ئۇنىڭ داستىخىنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. خوجا قانچە ئىلتىماس قىلسىمۇ قوبۇل قىلمىدى. شۇ سەۋەبلىك خوجا:

— نېمە ئۈچۈن تائامغا مەيل قىلمايسىز؟ — دەپ سورىغانىدى، خوجىزادە:

— ماڭا تائامىڭىز مۇناسىپ ئەمەستۇر. بۇ قانداق قىلىق؟ ئاۋۋال ئىتقا يېگۈزدۈڭلار، ھەرقانداق مەزھەپتە بۇ نىجىسلىقتۇر. مەگەر پەرەڭنىڭ مەزھىپىدە ئىتتىن ھەم نىجىسراق نەرسىلەر بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىتنى مۇنچە پەرۋىش قىلىپ باقمايدۇ. بىراق سەن ئىككى بەندەڭنى بىچارىنى شۇبۇ رەۋىش بىلەن كېچە ۋە كۈندۈز قىيناپ ساقلاپسەن. بەس، بۇ خۇدانىڭ بەندىلىرىگە شۇ قاتارلىق سىتەم قىلغىنىڭ ئازدەك، يەنە تېخى ئىتتىن ئاشقان ئاشنى بېرىۋاتىسەن!؟ ئۆزۈڭگە ئىنساپ بەرگىن. بۇنداق ئىشلار قايسى مەزھەپتە راۋادۇر؟! نېملا بولمىسۇن، ھەرقانداق بەندىنىڭ ئىشىنى خۇدا بىلىدۇ. شۇبۇ يامان قىلىقىڭ بىلەن سېنى مۇسۇلمان بىلمەك قانداقىسىغا راۋا بولسۇن!؟ — دېدى.

خوجا جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئەي پەرزەنت، بۇ قىلىق ناماقۇلدۇر، بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. بۇنداق ئىشلار خوپ ئەمەس. ئەمما چارەم يوق. چۈنكى بۇلار ماڭا دەۋر - زامانىنىڭ تەقەززاسىدىن لازىم بولدى. شۇنداق قىلىۋاتقىنىمغا خېلى مۇددەت بولدى. ھەتتا كىشىلەر ماڭا «سەگپەرەس» لىكىم بىلەن شۆھرەت بەردى. ئەمما خۇدانىڭ

لەنىتى مۇشرىكلار ۋە دىنسىزلارغا بولغاي!...

خوجا كەلىمەئى تەييىبە①«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى②) نى ئۈنلۈك ئوقۇپ قىزنىڭ كۆڭلىگە ئاز - تولا تەسكىن بەردى. ئاندىن:

— ئەي پەرزەنت، مەن «سەگپەرەس» لىكنى بۇ سىرنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈنلا قوبۇل قىلغانىمەن. ئۇزۇن مۇددەت بولدى. بۇ ئىشنى ئۆزگىلەرگە ئاشكارا قىلمىدىم.

— ئەي پەرزەنتىم، بۇ قىسسىنى ئىشتكەندىن كېيىن غۇسسە يېمەكتىن، كۆڭۈل قان بولماقتىن ئۆزگە پايدىسى يوقتۇر. سەن بۇ خىياللاردىن (يەنى بۇ سىرنى بىلىش ئىستىكىدىن) كەچكىن. ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولغىن. ئېنىقكى، بۇ قىسسىنى بايان قىلماققا مەندە تاقەت، ئاڭلىماققا سەندە قۇۋۋەت يوقتۇر، — دېدى.

خوجىزادە بۇنى ئىشتىپ، لېۋىنى بۇ توغرىدىكى گەپ - سۆزلەرنى سوراشتىن باغلىدى. ئۆزىنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسلىرىنى ئاشكارا قىلماقنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تائام يېگىلى ئولتۇردى.

ئىككى ئايغىچە ئۇ «يىگىت» شۇ تەرىقىدە ئاتا بىلەن پەرزەنتتەك يول تۇتۇپ، خوجىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ھۆسن - جامالى ۋە ئەدەب - ئەخلاقى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن ۋە رام قىلىۋالدى. شۇ قەدەر ھىيلىلەرنى ئىشلەتتىكى، خوجا ئۇ «يىگىت» نى ئەگەر بىردەملا كۆرمىسە، ھايات چىرىغى ئۆچكەندەك بولاتتى.

بىركۈنى كېچىدە خوجىزادە مەست بولۇپ يىغلىدى. خوجا يىغلىماقنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، خوجىزادە:

— ئەي ئاتا، نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى جاۋاب بېرىپ، — كاشكى، مەن خىزمەتلىرىگە كەلمىگەن بولسام، مۇنچە يېقىنلىقىنى كۆرمىگەن بولارىدىم. تا بۈگۈنگىچە يىراق بولماقنىڭ (ئايرىلىشنىڭ) خارلىقىنى تارتمىغان بولاتتىم. ئاخىر، ئىشلىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن؛ ئەگەر تىرىك قالسام، يەنە بىر مەرتىۋە خىزمەتلىرىگە يەتكەن بولاتتىم. ناۋادا ئەجىلىم ئاخىرىغا يەتسە...

خوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاشىقى بىچارە بولۇپ، يۈرەك - باغرى پۇچۇلۇپ، كۆپتىن - كۆپ يىغلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ بېيىتىنى ئوقۇماققا كىرىشتى. بېيىت:

جانان لاي ئۇردۇم، ئەمما ئاخىرىدە مۇبتەلا بولدۇم③،
ۋەلى بىگانەلىك قىلمەكى، مەن كۆپ ئاشىنا بولدۇم؛
بۇ ھالىمدىن سەن ئاگەھ بولماساڭ جاندۇر بەدەن ئىچرە،
ئىچىمدىن چىقماس ئۇل مېھر - ۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم.

— ئەي مېنىڭ جېنىم، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، نېمە ۋەقە بولدى؟ بۇ قاتارلىق تەقەززالىق ئىچىدە ئۆزۈڭدىن توپۇشۇڭ ۋە رەنجىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بېيىت:

---

① كەلىمەئى تەييىبە — پاكىز سۆز، ئىمان كەلىمىسى.
② «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، 49 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى.
③ بۇ سۆز 0114 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «كۆردۈم» دەپ يېزىلغان. 028 - نومۇرلۇق قولىيازمىغا ئاساسەن «بولدۇم» دەپ تۈزىتىلدى.

www.uyghurkitap.com

يۈزۈڭنى كۆرسەتىپ ئالدىڭ كۆڭۈلنى،
كۆڭۈل كويىغە بارماق ئەمدى جايىز.

— خۇدايىتائالا شاھىتتۇركى، تا ھاياتلا بولسام قولۇمنى ئېتىكىڭدىن بوشاتماسمەن. ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەمەلگە ئاشمايدىغان مۇنداق خىيالنى بېشىڭدىن چىقىرىۋەت. رەڭۋازلىق ئەمەسكى، بۇ قېرى قۇلۇڭ تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سەندىن ئايرىلىشنى ئىختىيار قىلماسمەن. ئەجەم مەملىكىتى ھەم خۇش ئاب، خۇش ھاۋا، رۇمدىن كەم ئەمەس. ئەگەر تۇرۇپ قېلىشنى ئىختىيار قىلساڭ، ھەرقايسى خىزمەتكارلىرىڭدىن ئەمىن بولغىن. ئىشەنچلىك خىزمەتكارلاردىن ئەۋەت [ئاتا - ئاناڭنى] تېز يۇرسەتتە ساق - سالامەت ئۇشبۇ مەملىكەتكە ئېلىپ كەلگەي!

ئەي پەرزەنت، تىرىكچىلىك مېھنىتىنى تولا تارتىپ، ئىختىيارسىز نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ، تا ئۆمرۈمنى قېرىلىققا يەتكۈزدۈم. مال - دۇنيالىرىم ھېسابسىزدۇر. ئەمما مەندىن كېيىن پەرز - سۈننەتنى بەجا كەلتۈرگۈدەك پەرزەنتىم يوقتۇر. ماڭا پەرزەنت بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن. ۋاقتىكى، ماڭا مەقتائالادىن ئەجەل يەتسە، ئۆز قولۇڭ بىلەن دەپنە قىلىپ، زۆرۈرىي ئىشلىرىمنى بەجا كەلتۈرسەڭ، ئاندىن كېيىن نېمە قىلساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە!

خوجىزادە دېدىكى:

— ئەي ئاتا، ئۆزلىرىدىن ئايرىلغۇم يوقتۇر، ئەمما ئاتىنىڭ رىزالىقى خۇدايىتائالانىڭ خۇشخۇيلۇقى ۋە ئىككىلا ئالەمدە مەقسەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ئاتا - ئانام ئاجىز بولغاچقا ماڭا بىر يىلدىن ئارتۇق رۇخسەت بەرمىگەن. ئۇلار ھازىر ئىنتىزارلىق كۆزلىرى بىلەن يولۇمغا قاراشماقتا. ئۇلار ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. شۇڭا بۇ خىياللىرىنى ماڭا راۋا كۆرمىگەيلا. بەلكى شەپقەت قىلىپ پېقىرنى بۇ زېمىندىن كۆتۈرۈپ، ھەمراھ بولۇپ، بۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن قەدەم رەنجى قىلغايلا، ۋەدە قىلىمەنكى، تا ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇلدۇرمەن!...

بۇ قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن، ئۇ خوجا بىچارە ئۆزىنى ئاشىق كۆرۈپ، ھەمراھ بولۇپ بېرىشتىن بۆلەك چارە تاپالمىدى.

ۋاقتىكى، يول ھازىرلىقلىرى پۈتۈپ رۇمغا سەپەر قىلدى:

خوجا سەگپەرەس ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئىگىلىرى، نۇرغۇن غۇلام - مۇلازىملىرى بىلەن ھېسابسىز خەزىنە - گۆھەرلىرىنى ئېلىپ، ياخشى سائەتتە نىشاپۇر شەھىرىدىن تاشقىرى چىقتى. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئۆزگىچە ئەسۋابلار بىلەن چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇپ چۈشكۈن قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خۇراسان، ئىراقنىڭ سودىگەرلىرى ۋە باشقا تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق مال - ماتالىرىنى سوۋغا قىلىشىپ جەم بولغاندىن كېيىن، ياخشى سائەتتە يۈز تۆگىگە ئالتۇن يۈكلەپ، يۈز تۆگىگە نەپىس مال - ماتالارنى يۈكلەپ، يەنە يۈز تۆگىگە جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يۈكلەپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بەش يۈز پالۋان ۋە شەمشەر بىلەن زەررىن كەمەرلىك قۇللارنى سەپراس قىلىپ، ئۇ ئاسماننىڭ قۇياشى — مەھبۇبىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى. ئۇ «يىگىت» دۇر - گۆھەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇ خوجا ھەم ئۆزىنى شۇ تەرىقىدە زىننەتلەپ ھەمراھ بولدى. باشقىلارمۇ ئۇ ماھرۇيىغا ئەگىشىپ تەربىيەچىسىدەك ئەقىدە بىلەن راۋان بولدى.

بىر تۆگىگە تەختىراۋاننى يۈكلەپ، ئۈستىگە سايىۋەن ئورنىتىپ، ئىچىنى شۇ تەختىراۋاننىڭ تۆپىسىگە ئولتۇرغۇزغانىدى. ئىككى قەپەستىكى ئىككى سەرگەردانى بولسا، بىر تۆگىگە يۈكلەپ خوجىنىڭ ئالدىدا

ئېلىپ مېڭىپ، تا رۇمغا يەتتى.

خوجىزادە رۇخسەت سوراپ شەھەرگە كىردى. ئاندىن ھەمراھلىرى ئۈچۈن بىرەر مەنزىلنى تېپىش كويىدا ۋەزىرنىڭ (يەنى ئاتىسىنىڭ) مەھەللىسىگە كىرمەكچى بولغانىدى، كىشىلەر مەنئى قىلدى. ئەمما قىز تەقدىرنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۆزىنى ھەييارلىق ۋە مەككارلىق تونىغا ئوراپ مەھەللىگە داخىل بولۇپ، ئاتىسىنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلىپ دېدىكى:

— خۇدايىتائالا دانادۇر. خۇدايىتائالانىڭ خۇشنۇدلۇقى ئۈچۈن ئاتامنى [تۇتقۇنلۇقتىن] خالاس قىلاي دەپ بۇ قاتارلىق ئىشلارنى قىلدىم. غەم كېچىلىرى شادلىققا ئۇلاشتى. خۇداغا شۈكرى، ئاللاتائالانىڭ تەۋپىقى، سىزلەرنىڭ دۇئالىرىڭىزلارنىڭ ھىممىتى بىلەن مەقسىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولدى. ئول سودىگەر خوجىنى بويۇن تاسمىسىغا گۆھەر ئېسىلغان ئىتتى بىلەن بۇ يەرگىچە كەلتۈردۈم. مېھمانىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، مېھرى - مۇھەببىتى ئۈچۈن مېنى يەنە ئىككى كۈن ئەپۇ قىلىڭلار. تاكى بۇ ئىشلارنى تامامىغا يەتكۈزۈپ، ئاتامنى ئۆلۈم ۋە مەھبۇسلۇقتىن خالاس قىلغايمەن!

ئانىسى قىزنى كۆرۈپ، بۇ خەۋەرنى ئىشتكەندىن كېيىن تەڭرىتائالاغا سەجدەئى شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ، قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ باشلىرىغا، يۈزىگە سۆيۈپ، دۇئا قىلىپ رۇخسەت بەردى.

ئۇ كۈمۈش بەدەن شۇبۇ سائەت سودىگەرنىڭ چۈشكۈنىگە باردى. ئەمما ئۇ خوجا ھېسابسىز كۆڭۈل بەرگەن سەۋەبلىك خوجىزادىنىڭ ھەجرىگە (ئايرىلىشقا) تاقەت قىلالماي، ئارقىسىدىن ئىزدەپ كەتكەنىدى. مىسرا:

دوستىنىڭ ئول جىلۋەگاھى مۇشكىل ئېرمىش كۆرمەكى.

قىز شەھەردىن بىر پەرسەڭ يىراقلىقچە ئىزدەپ بېرىپ خوجىنى تېپىپ بىللە كەلدى. ئۇلار شەھەرگە يېقىن مۇۋاپىق ئورۇننى تېپىپ چۈشكۈن قىلماق ئۈچۈن، خۇش ئاب ۋە خۇش ھاۋا بىر يەرنى پاكىزلەپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇرۇپ ئىستىراھەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەي دەرۋىشلەر، قازارا، ناماز ئەسىر بولغاندا شىكاردىن يانغان بىر كىشىنىڭ كۆزى ئۇشبۇ ماكانغا چۈشتى. ئۇ خوجىزادە بىلەن باشقا سودىگەرلەرنىڭ چېدىردا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. سودىگەر خوجىنىڭ ئۆزى ئېرىق لېۋىدە بىر سەندەلدە ئولتۇرۇپ [باشقىلار بىلەن] سۆھبەت قۇرۇشقانىدى. ئۇ كىشى بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن:

«ئايا، بۇلار كىملەردۇر؟ پادىشاھ ئۆز ئەمىرلىرىدىن بىرەرسىنى ھېچياققا بۇيرۇغان ئەمەس، بىرەر يەردىن ئەلچى كېلىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى» دەپ تەئەججۈپلىنىپ، ئۆز كىشىسىدىن بىرىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇدى.

ۋاقىتكى، ئۇ كىشى جامائەتنىڭ قېشىغا كەلدى. خوجا ئۇنى چاقىرتىپ ھال - ئەھۋالنى سورىدى. ئۇ كىشى ھەم خوجىنىڭ جاي - مەنزىلىدىن ئاگاھ بولۇپ، ئۆزىگە ئېھتىياتنى لازىم بىلدى. ئەمما خوجا سۆز ئېچىپ:

— ئەگەر سىزلەرگە دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتىدىن مالاللىق يەتمىسە، غېرىبخانىمىزنى شادلاندۇرۇپ، مەنزىلىمىزنى مۇنەۋۋەر قىلغايسىزلەر. كېلىپ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى. ھېلىقى كىشى ھەم بۇلارنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىش نىيىتىدە كېلىپ، تەزىم، سالام - سائەت قىلىشىپ بىر سەندەلدە ئولتۇردى. ئاندىن بۇ يەردىكى كېرەك - ياراق ۋە خوجا سەگپەرەس بىلەن ئاپتاپ تەلەت خوجىزادىنى كۆرۈپ، ئىت ئولتۇرغان سەندەلنىڭ ئۇدۇلدىكى نەقىشلىك كۆرۈنۈشلەرگە نەزەر سېلىپ ھوشىنى يوقاتتى.

مېھماندارچىلىقتىن كېيىن خوجا ئۇ كىشىگە نەچچە تونلۇق ئىگىن، نەپىس ماتالاردىن نەچچە توپ ھەدىيە قىلدى. ئۇ ھەم تەپتىش - كۆزىتىشلەرنى تامام قىلىپ، خوجىنىڭ ھال - ئەھۋالنى سوراپ

شەھەرگە قايتتى...

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ماڭا خەۋەر قىلىپ خوجىنىڭ تۇرق - ئەتۋارىنى مەن بىلەن باراۋەر دېگۈدەك بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپ ئوتلىرىم شولا ئۇردى، كۆڭلۈمدە:

«ئۇ كىشى مۇشرىكلاردىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا سىياسەت قىلماقلىق، ئىمانىنى مۇھاپىزەت قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ جەزملەشتۈرۈپ، غەزەپ قىلىش ئۈچۈن نەچچە كىشىگە ئۇنى ئالدىمغا ھازىر قىلىپ مال - دۇنيالىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا پەرمان چۈشۈردۈم.

ئەي دەرۋىشلەر، قازارا، شۇ كۈنى ھېلىقى چاغدا ۋەزىرگە شاپائەت قىلغان ئەلچىمۇ قېشىمدا بار ئىدى.

ۋاقتىكى، بۇ ھۆكۈمنى ئىشىتىپ ئىختىيارسىز خەندە ئۇردى. ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ قەھرىم تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئۇستازلار ئېيتقانكى، بېيىت:

خەندەئى بەجا ئېرۇر نادان ئىشى،
گىريە بېھتەر خەندەئى بىھۇدەدىن.

— ئەي يەڭگىلتەك، نادان، — دېدىم مەن، — نېمە سەۋەبتىن كۈلسەن؟

— خەندە قىلمىقىمنىڭ، — دېدى ئەلچى، — نەچچە سەۋەبى باردۇر: بىرىنچىسى شۇكى، تەدبىرلىك پىشقەدەم ۋەزىرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە زاھىر بولدى. ئول گۇناھسىز مەرد تۇتقۇنلۇقتىن نىجاتلىق تاپىدىغان بولدى. خۇداغا شۇكرى، پېقىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ھەزرەتلىرىنىڭ ئېتىكى ئۇ بىگۇناھنىڭ قېنى بىلەن بويىلىشتىن ساقلىنىپ قالدى. يەنە بىرى شۇكى، ئەي ئۇلۇغ شاھىم، ئول مەرد سودىگەرنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغايلا. بىر كىشىنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئىشتىپلا جاۋابكارنى قەتل قىلىشقا ھۆكۈم قىلىش مۇۋاپىق بولارمۇ؟ نەزمە:

قەۋلى① بىھۇدەغە قۇلاق سالماق،
رەخنە سالماق② چۇ مۇلكىدىن بۇزماق.
مۇفسىدى③قول تەرك قىلماسسەن،
خەللەدە ئەللاھۇ ئەل - تەرىق تاپماسسەن④.
ئاڭلادىڭمۇ ھەزرەتى سۇلايمان،
بەندەئى خاس ھەزرەتى رەھمان.
دەردىسەر⑤تاپتى ئول چۇ ساھىبى ھۇش،
بۇ سەبەبدىن چۇ قويدى پەنبە بىگۇش⑥.
مۇددەئا پەنبەدىن چۇ ئول قويدى،
بىھۇدە سەمئىيدىن⑦ھەزەر قىلدى.

دوستلاردىن بىرى چۇ سوردى ھال،
تىڭلاماي ئول سوئال ساھىبى ھال.
يەنە بىر سوئال ساھىبى ھال.
ئاڭلاماي بەردى ئول جەۋاب ئاندىن.
پەنبەنى ئالدى ئول چۇ بەردى جەۋاب،
بۇ دۇرۇر پەنبە ئەيىھال - ئەھباب.
دوستلار ھەق ئىشنى قىلدىلار،
تەڭرىنىڭ قۇلچىلىقىنى قىلدىلار.
ئالماقنى ھۇشى گۇشدىن،
بىخەبەر بولمە ئەھلى ھۇشدىن.

---

① قەۋل — گەپ، سۆز.
② رەخنە سالماق — دەز كەتكۈزمەك.
③ مۇفسىد — زەھەرلىك؛ بۇزغۇچى.
④ «مەڭگۇ، ئەبەدىي يول تاپالمايسەن» دېگەن مەنىدە.
⑤ دەردىسەر — باش ئاغرىقى، تەشۋىش.
⑥ بىگۇش — ھېچ نېمىنى ئاڭلىماسلىق، ھېچ نەرسىگە قۇلاق سالماسلىق
⑦ سەمئىي — ئاڭلاش، قولاق سېلىش.

ئەي دەرۋىشلەر، ئۇل دانا مەرد ئۇشبۇ سۆزلىرى بىلەن مېنى ئاگاھلاندۇردى. ۋەزىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ، سودىگەر بىلەن ئوغلىنى ۋە ئۇ ئىككى قەپەستىكى مەھبۇسلارنى ئىتى بىلەن ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلدىم. پەرمانىم بويىچە خوجىنى ھازىر قىلدى. كۆردۈمكى، خوجا ۋە خوجىزادە ئىككىلىسى ھەشەمەتلىك لىباسلارغا ئۇرالغانىدى. ئەمما خوجىزادىنىڭ ھۆسنىنىڭ شولىسىدىن كۆزلىرىم روشەن بولدى. ئۇل نادىرەئى ھۆسن - جامالنىڭ قولىدا ئالماس - جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈك بولۇپ، ھەربىرى بىر خەزىنىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلەتتى. ئۇ ئۇشبۇ ئۈزۈكلەرنى تەختىمنىڭ يېنىغا قويۇپ، يەر ئۆپۈپ نېرى بېرىپ تۇردى. ئۇ خوجا ھەم زېمىن بۇسەلىك ئاداسىدىن كېيىن دۇئا ۋە ساناغا ئېغىز ئاچتى. ئۇ پاساھەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭغا خىتاب قىلدىم:

— ئەي ئادەم سۈرەتلىك شەيتان! بۇ خۇدا يولىغا مۇخالىپ قانداق تۇزاق ۋە ئۇنىڭغا ئىلىنغىنى نېمە؟ بۇ ئۆز يولۇڭغا قېزىلغان قانداق ئورا؟ قايسى دىندا سەن؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ تەلىپىڭ نېمە؟

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي! — دېدى خوجا، — مەن خۇدانىڭ بەندىسىدۇرمەن. پەيغەمبىرىم ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. چاھارىيار ئىمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستىدۇرمەن. ناماز ۋە روزىنى ئادا قىلىمەن. ھەزرەتلىرىنىڭ نەزىرىدە ھازىر بولغان (يەنى ھەزرەتلىرى كۆرۈپ تۇرغان) بۇ سۈرەتلەر بىر تۆھمەتنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئىشلاردۇر. بۇلارنى ئىزھار قىلىشتىن (يەنى بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاشتىن) مەخپىي ساقلاشنى زۆرۈر دەپ بىلىمەن.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش مەغلۇبىيەتكە يول ئېچىشتۇر. «سەگپەرەس» لىكنى ئۆزەمگە مۇناسىپ بىلىپ، «خوجا سەگپەرەس» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت تاپتىم. مانا ئەمدى بېشىمنى شۇبۇ ئاستانىگە قويۇپتىمەن. ھەر ئىش ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرىچە بولغۇسىدۇر.

— ئەي دەشت - سەھرانىڭ دىۋىسى! — دېدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سېنىڭ جاھىللاردىن ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. بىھۇدە (يالغان) سۆزلىرىڭ ئۈچۈن ئالدانماسمەن. ناۋادا دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق ئۇلۇغلارنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىق ئىسپات قىلالمىساڭ، سېنى قەتل قىلىشتىن قول تارتمايمەن. ياكى قازاغا رازى بول، ئۆزگىلەر ئىبرەت ئالغاي! ۋە ياكى راست [سۆزۈڭنى] بايان قىلغىن!

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، — دېدى خوجا، — بىز مەھرەملەرنىڭ قېنىدىن كەچسەڭ نە بولغاي!؟ مال - دۇنيا دېسەڭ مەندە بار. تامامى جاھان ئۇنىڭ ھېسابىدىن ئاجىزدۇر. ھەممىنى ئال. بىزگە رۇخسەت بەرگىن!

— سېنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلماق تەرىقىسى، — دېدىم مەن، — قىساستىن قول تارتماق بىلەن باراۋەردۇر.

ناگاھ، ئۇ خوجا كۆكۈل - كۆكسىدىن چىقىرىپ ھەسرەتلىك ئاھ تارتىپ:

— ئەي پەرزەنت، ئەمدى مەن ھاياتلىقىمدىن ئۈمىد ئۈزدۈم. ئەمما سېنى كىمگە تاپشۇرارمەن؟ — دېدى.

— ئەي ئەخمەق، — دېدىم مەن، — چاپسان بولغىن! بىھۇدە سۆزلىمە! باھانە قىلمىغىن!

ئۇ مەرد، ئەھلى دەرد، ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدا قويغان قەدىمىنى ئاخىرەت سەپىرىگە قويۇپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ:

— ئىلاھا، پادىشاھ سالامەت بولغاي! ئەگەر جانىڭ مۇئامىلىسىدىن جانانىڭ يىراقلىقى يامان

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمىسا ئىدى، ھېچكىم مەندىن بۇ سۆزنى (سىرلارنى) ئىشىتمەس ئىدى. ھالا ئىش بۇ يەرگە يەتتى. ئەي ئۇلۇغ شاھىم، پەرمان قىلغىن، قەپەستىكى ئىككى كىشى كەلتۈرۈلسۇن. ئۆزەڭ دۆلەت ئىقبالىڭ بىلەن مېنىڭ سۆزۈمگە بىر پەس قۇلاق سالغىن، ئەگەركىم سۆزلىرىم راست بولمىسا، بۇلار يالغانچى قىلسۇن! — دېدى.

بۇ سۆزنى ئىشىتىپ پەرمان قىلدىم. تا ئۇ ئىككى مەھبۇسنى قەپەستىن چىقىرىپ بىرىنى ۋەزىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرىنى چەپ تەرەپتە ئولتۇرغۇزۇپ، خوجا سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

خوجا سەگپەرەس شاھ ئازادە بەختكە سەرگۈزەشتىنى بايان قىلىپ دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ پادشاھ، ۋەزىرنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئولتۇرغان كىشى چوڭ ئاغامدۇر. سول تەرىپىدە ئولتۇرغىنى كىچىك ئاغامدۇر. مەن بۇلاردىن كىچىك، پارس ۋىلايىتىدىن بولىمىز. ئاتام سودىگەر كىشى ئىدى. سودىگەرلىك ئۈچۈن كېرەكلىك يىگىرمە مىڭ تىللا دەسمايىسى بار ئىدى. يېشىم ئون تۆتكە يەتكەندە ئاتام بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. تەزىيەت ئىشلىرىدىن پارىغ بولۇپ ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئاكىلىرىم ماڭا:

— تۇغقانلار ئىچىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى چاقىرىپ كەل، ساڭا گۇۋاھچى بولۇپ بەرسۇن. ئاتىمىزدىن قالغان مال - دۇنيالارنى تەقسىم قىلىپ، ھەر بىرىمىز ئۆز ھەسسىمىزنى ئېلىپ، ئۆز ئىشىمىزغا مەشغۇل بولايلى، — دېدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىل بولۇپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، بۇ قانداق گەپ؟ نېمە دەۋاتىسىلەر؟ مەن بولسام سىزلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلاردۇرمەن. مەن سىلەرنى ئۆزۈمگە تولىمۇ يېقىن بىلىمەن. سىزلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىڭلار ناھايىتى كۆپ، مەن ھەم شۇلارنىڭ بىرى بولسام نە بولغاي؟ ئاتىمىز بۇ دۇنيادىن ئۇ ئالەمگە يۈز قويدى. سىزلەر ھاياتلا بولساڭلار مەن كەمىنىگە ئاتىدارچىلىق قىلىڭلار. مەن تېخى كىچىك. مەن ئۈچۈن سىزلەرنىڭ پاناھىڭلاردا بولمىقىم زۆرۈردۇر. بىز كېرەكلىك تائام ۋە لىباسلارغا موھتاج ئەمەسمىز!... دېدىم. ئەمما ئۇلار:

— يامان خىيال قىلمىغىن. ئۇشبۇ ھىيلە بىلەن بىزنى پات پۇرسەتتە پەرىشان ۋە موھتاج قىلماي قالمايسەن! — دېيىشتى.

بۇلارنىڭ جاۋابىنى ئىشىتىپ ھېچنېمە دېمەي ئۆز جايىمغا بېرىپ يىغلىدىم. ئاخىر يەنە: «بەلكىم ئاكىلىرىم مېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغاندۇر» دەپمۇ گۇمان قىلدىم.

بىر كۈنى ئاكىلىرىم ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ناگىھان، چۈش ۋاقتىدا شەرئى ھاكىمنىڭ كىشىلىرى مېنى شەرئىيەت مەھكىمىسىگە ئېلىپ باردى. ئاكىلىرىمنى شۇ يەردە كۆردۈم. ئۇلار ئۆتكەنكى مۇددىئالىرىنى ئىزھار قىلغانىكەن. شەرئى ھاكىمى ماڭا خىتاب قىلىپ:

— شەرئىيەت ھۆكمىدىن نېمە ئۈچۈن بېشىڭنى قايتۇرىسەن؟ — دېدى.

ئاخشام ئاكىلىرىمغا دېگەن سۆزنى تەكرارلىدىم.

ئاكىلىرىم دېدىكى:

— ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا، تىلىڭدىن خەت بەرگىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئاتا مىراسىدىن دەۋا قىلساڭ شەرئىيەت ئالدىدا دەۋايىڭ ئاساسسىز ۋە بىكار بولغاي!

— خوپ، — دەپ بۇلارنىڭ مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق قىلىپ شەرئىيەت ھۆكمى بويىچە مۆھۈرلۈك خەت پۈتۈپ بەردىم.

غەشلىك كۆڭلۈم بىلەن ئۆيۈمگە كېلىپ، نەچچە كۈننى ئۇشبۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزدۈم. كېيىن

ئاكىلىرىم يەنە:

«بىزنىڭ ھويلىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن» دەپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا دۈشمەنلىك قىلمۇاتقانلىقىنى شۇندىلا بىلدىم. خۇدايىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، بۇلارغا دۇئايى خەير قىلىپ «ئىشلىرىمنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالاي» دەپ ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، جاھان ئارايىشى ئۈچۈن جانابىي ئاليلىرىغا مەخپىي قالمىغايكى، ئاتام ھايات ۋاقتىدا سەپەردىن كەلسىلا ئېلىپ كەلگەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سوۋغات رەسمى بىلەن ماڭا بېرەتتى. خىزمەتكار كېنىزەكلىرىنىمۇ ماڭا مۇقەررەر قىلىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغلاردا ماڭا بەزەن سوۋغاتلارنى ساتقۇزۇپ مىڭ تىللا جەمئى قىلىپ، شۇ زەرگە مۇۋاپىق بىر ھويلا (قورۇ ـ جاي) سېتىۋالغانىدىم. كېرەكلىك نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ئاتامدىن قالغان جايدىن چىقىپ كەتتىم. ئاكىلىرىم مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ خۇرسەن بولۇشتى.

بىر ۋاقىتلاردا ئاتام سەپەردىن كەلگەندە بىر قانجۇقنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ئاختىخانىغا باغلاپ قويغانىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىت كۈچۈكلىدى. ئۇنىڭ باللىرىدىن بىرىنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلغانىدىم. ئاتامنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمدا شۇ كۈچۈك ۋاپا قىلىپ ماڭا ئەگىشىپ بىللە كەلدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بېيىت:

كىشىكىم تۇز ھەققىنى قىلماسە پاس①،
ئېرۇر ئىت ياخشى ئاندىن، ئەيىۋھەنناس!

بۇلار ئۇز ئاكىلىرىم تۇرۇپ، خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقماي مەزكۇر ئىشلارنى قىلدى. ئەمما ئىت ۋاپادارلىقنى بىلدۇرۇپ ماڭا ھەمراھ بولدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم ئالغان خىزمەتكار، غۇلام بەچچىنى ۋە قالغان نەرسىلەرنى دەسمايە قىلىپ قەيسەرىيەئى پارستىن بىر دۇكاننى ئېلىپ، كۆڭلۈمنى خۇدايىتائالانىڭ مەرھەمىتىگە باغلاپ گەزماللىق تىجارىتىگە مەشغۇل بولدۇم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، گەرچە ئاكىلىرىم مېنىڭ ھەققىمگە نەپسانىيەتلىك قىلىپ، تېگىشلىك مىراسىمنى بەرمەي قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن خۇدايىتائالا مېھرىبانلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن مېنى كۆتۈردى. شۇ قاتارلىق رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىدىكى، ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئەتىۋارلىق كاتتا جايدىن ئۆيلەندىم. ھەتتا تۆت مىڭ تىللا زەرگە ئىگە بولۇپ سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا مۆتىۋەر بولدۇم. بۇ شەھەردە كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلاردىن قايسى بىرى مەندىن خالىغان نەرسىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاتائالانىڭ كەرىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىپ، دۆلىتىم كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى. تىلىم ھەردائىم ئۇشبۇ شۈكرانىگە جارى ئىدى. بېيىت:

ھەزار②شۈكرىكى، ئىززەت بەكام③يار ئولدى،
كەفىل ارىزق ھەم ئەنجام④بەخش يار ئولدى.

---

① پاس — رىئايە، ئېتىبار، ساقلاش.
② ھەزار — مىڭ؛ كۆپ، تولا.
③ بەكام — خۇشلۇق، نەتىجىلىك.
④ ئەنجام — ئاخىر، خۇلاسە؛ نەتىجە.

www.uyghurkitap.com

خۇدادىن ئۆزگە كىشدىن مەدەد تەلەپ قىلماي،
چۇ يار ئۇلدى خۇدا، كايىنات يار بۇلدى.

تا تۆتىنچى يىلدا ئازنا كۈنى غۇلامنى بىر ئىش ئۈچۈن بازارغا ئەۋەتكەنىدىم، بازاردىن يىغلاپ يېنىپ كەلدى.

— نىمە سەۋەبتىن يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدىم. ئۈنچىقمىدى.

— ئەي قارايۈز، — دېدىم مەن، — مەگەر بىرەر بالاغا ئۇچرىدىڭمۇ؟

— بالا بۇنىڭدىن يامان بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — يەھۇدىيلار يىغىلىپ مال ئۈچۈن چوڭ ئاكىلىرىنى بىر مەيداندا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. سىلى بولسىلا ماللىرىنىڭ تولىلىقىدىن خۇشال ۋە غەم - ئەندىشىسىز ئولتۇرۇپتىلا.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن بىتاب ۋە تىت - تىت بولۇپ، ئۆيۈمدىن تاشقىرىغا يۈگۈردۈم. غۇلاملارغا زەر - ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ۋاقىتكى، ئۇ مەيدانغا يەتتىم. كۆردۈمكى، ئاكىلىرىمنىڭ ئىككىلىسىنى باغلاپ ئۇرۇپ تۇرۇشۇپتۇ. يەھۇدىيلار كۈلۈشۈپ:

— بىلىپ تۇرۇپتىمىزكى، دۇر ۋە ئالتۇنلىرىمىزنى سەنلەردىن قايتۇرۇۋالماق مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سەنلەرنى تاياق ئاستىدا ئۆلتۈرىمىز. زەرنىڭ غېمى كۆڭلىمىزدىن بىر يولى چىقسۇن! — دېيىشۋاتاتتى. بۇلارنى ھىمايە قىلىدىغان بىرەر كىشى يوق ئىدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، يەھۇدىيلاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆزۈمدىن خۇن راۋان بولدى. ھاكىمنىڭ كىشىلىرىدىن ئاجىزانە ياردەم تىلەپ، ئۇلارنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىغا باردىم:

— ئەي خۇداسىزلار، — دېدىم ئۇلارغا، — دىنى ئىسلامدا بۇ ئىككى كىشىگە جەبىر - ستەم قىلماق دۇرۇس ئەمەس.

— ئەگەر ھىمايە قىلساڭ، بۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئالتۇنلارنى قايتۇرغىن. بولمىسا ھىمايە قىلىشنى قوي. بىھۇدە سۆزلىمىگىن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— قانچە تەلەپ قىلىشىسەن؟ ھۆججىتىڭنى چىقار، — دېدىم.

— بىزنىڭ ئېلىشىمىز يۈز تىللا زەردۇر. ھۆججەت ھاكىمنىڭ قېشىدا، — دېيىشتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، يۈز تىللا ئالتۇننى بېرىپ، ھۆججەتنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاياق زەربىدىن ھالى خاراب، بەدەنلىرى جاراھەتلەنگەن بۇ ئىككى ئەزىزنى غۇلاملارغا كۆتۈرتۈپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. جاراھەتلىرىنى داۋالاپ باقتىم. ھەشەمەتلىك لىباسلارنى بېرىپ ھامامغا ئەۋەتتىم. بۇلارنىڭ يۈزىگە مېھرىبانلىق ئىشىكىنى ئېچىپ، خىزمەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ نەۋكەرلەرگە ئوخشاش خىزمىتىدە بولدۇم. چۈنكى ئاتىمىزنىڭ پۇل ۋە ماللىرىدىن ھېچ نەرسە بەرمىگەنىدۇق دەپ قالمىسۇن ۋە مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، ئامال بار ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزىگە سالمىدىم.

ئەلقىسسە، بىر مەزگىلدىن كېيىن خاتىرەمگە:

«بۇلار بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ خاپىلىق تارتىپ قالمىغاي» دېگەن خىيال كەچتى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئارىلىقىدا:

— ئەي بۇرادەرلەر، كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ: نەچچە كۈن سەپەر قىلىغان بولساڭلار. چۈنكى سودىگەرلەرنىڭ ئەتىۋارى سەپەردىن، — دېدىم.

بۇلار ھەم قوبۇل قىلىپ تەستىقلىدى. مەن سەپەر تەييارلىقىغا مايىل بولۇپ، غۇلاملار ئارقىلىق بۇلارنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى — ئات، تۆگە، چېدىر ۋە ئۆزگە زۆرۈرىيەتلىرىنى تەييار قىلىپ، ھەربىرىگە يۈز تىللا زەر نەرقىدە مال ھازىرلاپ تۈركىستان مەملىكىتىگە بارىدىغان كارۋانلارغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويىدۇم. كىرا، يول، تۇرمۇش خىراجىتى ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن يەنە شۇ مىقداردا يېتەرلىك زەر ھەم بەردىم.

بۇلار كەتكەندىن كېيىن سالامەت قايتىشىنى تىلەپ يولغا قارىدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ كارۋان يېنىپ كەلدى. ئاكىلىرىم كارۋاننىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى. ھەرقانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ بۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئېنىق خەۋەر ئۇقالمىدىم. ئاخىرى بىرسى راستىنى زاھىر قىلىپ:

«ئۇ ئىككى ئاكاڭنىڭ بىرى، بۇخارا شەھرىدە مېلىنى قىمارغا تۇتۇپ بەردى. ئۇ قىمارخانىدا پۇكۇر - يېتىم ئىشلىرى بىلەن نەۋكەرلىك قىلىپ يۈرىيدۇ؛ يەنە بىرى، بىرسىگە ئاشىق بولۇپ، مال - دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ، ئەلھال شۇنىڭغا چاكارلىق قىلىپ يۈرىيدۇ. شۇڭا كارۋاندىكىلەر خىجالەتتىن سىېنىڭ قېشىڭدا بۇ ھېكايەتنى دېيىشكە پېتىنالمىغان» دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئۇلارنىڭ «ھىممىتى ۋە غەيرىتى» دىن بىتاقەت بولۇپ، قولۇمنى يېمەك - ئىچمەكتىن يىغىپ، ئىشىمنى خۇدايتائالاغا قويۇپ، زەر - جاۋاھىردىن ئېلىپ تەقەززالىق ئىچىدە بۇخارا تەرەپكە راۋان بولدۇم.

ۋاقتىكى، بۇخاراغا يەتتىم، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بۇلارنى تېپىپ ھامامغا ئاپىرىپ ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى نەزىرىمگە كەلتۈرمىدىم، يۈزىگىمۇ سالمىدىم. ھەربىرىگە يەنە ئەللىك تىللادىن زەر، مال - ماتا ھازىرلاپ، بۇلارنىڭ خاھىشىچە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ مەملىكىتىمىزگە راۋان بولدۇق. شەھرىمىزگە يېقىن يەتكەندە بۇلارنى ئىككى مەنزىل يىراق بىر كەنتتە قالدۇرۇپ، ئۆزۈم ئۆيگە كېلىپ دوستلار ۋە ئاغىنىلەرگە: «ئاكىلىرىم سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ» دەپ ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا ئەۋەتتىم. ئەتىسى ئۆزۈم بۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، تېخى كۈن چىقماي تۇرۇپ بىر سەھرالىق كىشى يىغلاپ ئۆيۈمگە كەلدى. تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدىم، ئۇ:

— كاشكى، بۇرادەرلىرىڭ كەتتىمىزگە چۈشمىگەن بولسا بوپتىكەن!؟ — دېدى.

— نېمە ۋەقە بولدى؟ — دېدىم.

— ئوغرىلاردىن بىر جامائەت كېلىپ، مال - دۇنيانىڭ ئۈمىدىدە كەنتكە كىرىپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى ۋە بىز بىچارىلەرنىڭ بارى - يوقىمىزنى تالان قىلدى، — دېدى.

— يار - بۇرادەرلىرىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇلار قەيەردە؟ — دەپ سورىدىم.

— شەھەرنىڭ سىرتىدا يىغا - زار قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

دەرھال بۇلار ئۈچۈن لىباس ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. دوستلار ۋە قوشنا - قولۇملار بۇلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆرگىلى كېلىشتى.

يىگىرمە كۈنگىچە خىزمەت كەمىرىمنى بېلىمگە باغلاپ، پەگاھتا ئولتۇرۇپ مېھمان ئۈزىتىشنىڭ قائىدىلىرىنى لازىم تۇتۇپ، مېھربانلىق ۋە ئىلتىپاتتىن ھېچ نەرسىنى كەم قىلمىدىم. ئاكىلىرىم خىجالەت سەۋەبىدىن ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاشقىرى چىقىشنى خالىمايتتى، ئۈچ ئاي ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن ئۆتتى. ئاللاھازەل خاتىرەمگە:

«بۇلار غەم - ئەندىشە ئىچىدە يېتۋەرسە بولماس، بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلاي» دېگەن خىيال

كېچىپ، بىركۈنى بۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلدىم:

— ئەي بۇرادەرلەر، پېقىر سىزلەر بىلەن ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىقسام، دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. قانداق قارايسىزلەر؟

ئاكىلىرىم دېدىكى:

— ئىنىم، سىزنىڭ رايىڭىز قانداق بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن.

مەن ھەم بۇلارنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ سەپەرنىڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدۇم. ھىندىستان تەرەپتىن مۇناسىپ ماتالارنى ئەكەلدۇرۇپ، دەريانىڭ قىرغىقىغا جەم بولدۇق. ئاكىلىرىمنى ئېلىپ سەپەرنىڭ كېرەك - ياراقلىرىنى كېمىگە سېلىپ، سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك راۋان بولدۇق. بىر چاغدا قارىسام، ئىنىم دەريانىڭ قىرغىقىدا تېنەپ - تەمتىرەپ، ھەرتەرەپكە يۈگۈرۈپ قاۋاپ، ئاخىر ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى. كۆڭلۈمدە رەھىم كېلىپ كېمىچىگە كېمىنى قىرغاققا ھەيدەپ بېرىپ ئىتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. كېمىچى ئىتنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھايۋان يۈگۈرۈپ كېلىپ يۈزىنى ئاياغلىرىمغا سۈرتتى.

شۇنداق قىلىپ، كېمىدە بىر ئاي يول يۈردۇق. شەيتاننىڭ مىكرىدىن غاپىل بولۇپ، كېچە ۋە كۈندۈز ئاكىلىرىم بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرەتتىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، قازارا، چوڭ ئاكام ئايالىمغا قانات سۆرەپ يۈرگەنىكەن. ئوتتۇرانچى ئاكام بىلەن مەسلىھەت قىلىپ مېنى ئارىدىن يوقاتماقچى بوپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكام ھەم مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «ئەي بۇرادەر، ئۇنى يوق قىلساڭ ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ. بىز بىراقلا خاتىرجەم بولۇپ ئارام تاپىمىز. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغان مېھرىبانلىقىنىڭ خىجالىتى بىزگە پەردە بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى دەرياغا تاشلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئايالىم بىلەن ئۇخلاۋاتاتتىم. بىر كېچىسى سەھەردە ئوتتۇرانچى ئاكام مېنى قىچقىرىپ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىمىز، دەپ تاشقىرى ئېلىپ چىقتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ ئىت شۇ چاغدا ئويغاق ئىدى. كېمىنىڭ لېۋىگە كەلدىم. چوڭ ئاكام كېمىنىڭ لېۋىدە قولىنى ساڭگىلىتىپ سۇغا ئېگىشىپ تاماشا قىلىۋاتقانىكەن.

— ئەي ئاكا، نېمىنى تاماشا قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— قارا، ئاجايىپ تاماشاكى، - دېدى ئاكام، — سۇ پەرىلىرى بېشىغا مارجان تىزىلغان شاخ (چەمبىرەك) لارنى قويۇپ، سۇدا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ...

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئەگەر ئاكامدىن غەيرىي كىشى شۇنداق دېگەن بولسا قوبۇل قىلماس ئىدىم. بۇلارنىڭ گېپىنى راست بىلىپ، پېشىم گاراڭ، چالا ئويقۇ سۇغا قارىدىم. ئەمما ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم. ئوتتۇرانچى ئاكام ئارقامدىن كېلىپ بېلىمدىن تۇتۇپ مېنى دەرياغا تاشلىدى. كېمە ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى. سۇ ئېقىنى ھەم ئىنتايىن ئىتتىك بولغاچقا، مېنى ھەش - پەش دېگۈچە بىر ياقلارغا ئېلىپ كەتتى. شېئىر:

گەھى قەھرىگە، گاھى ئەۋج بولدۇم،
گەھى سىيلاب، گاھى مەۋج بولدۇم.

جېنىم تېنىمدىن ئۇچۇپ كېتىشكە ئازلا قالدى. چىن كۆڭلۈمدىن تەڭرىتائالاغا نالە قىلاتتىم. ناگاھ، بىر ۋاقىتلاردا قولۇمغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇ قانداقتۇر سۇ يۈزىدە غۇلاچ ئېتىپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك

قىلاتتى. كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام ئۇشبۇ ئىت ئىكەن. ئاكىلىرىم مېنى سۇغا تاشلىغان ۋاقىتتا، بۇ ئىت ھەم ئارقامدىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، ئۈزۈپ مەن تەرەپكە كەپتۇ. ھاياتلىقىم باقىي ئىكەن. ھەقتائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كېمىدىن چۈشۈپ قالغان بىر پارچە تاختاي قولۇمغا تەگدى. ئىت بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، يەتتە كېچە - كۈندۈز بۇ دەريايى خۇنخاردا ئۇ ۋاپادار ئىت بىلەن ھېسابسىز مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر سۇ دولقۇنلىرىنىڭ چايقىشى بىلەن ئىختىيارسىز قىرغاققا يېقىنلاشتۇق. سەككىزىنچى كۈنى بىر جەزىرىگە يەتتۇق. ئۆزۈمنى قۇرۇقلۇققا ئالدىم. ئەمما بىخۇد بولۇپ يىقىلدىم. ئۆزۈمدىن خەۋەر ئالالمايتتىم. ئىككىنچى كۈنى ئىتنىڭ ئاۋازى بىلەن ھوشۇمغا كېلىپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈردۈم. بىراق رەنج - زەخمەت ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن مىدىرلىيالمايتتىم. ھەرتەرەپكە نەزەر سالغاندىم، يىراق بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ھاياتلىققا بولغان ئۈمىد ئىشەنچىسى بىلەن يىقىلىپ - قوپۇپ ئۇ شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. كېچىچە ھەم يول يۈرۈپ ئۇ شەھەرگە يېقىنلاشتىم. ماغدۇرسىزلىقتىن شۇ كېچىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا يېتىپ، يۈز مېھنەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇم. تاڭ يورۇشى بىلەن شەھەرگە داخىل بولۇپ بازارغا كىردىم. ناۋايىنىڭ دۇكىنىدىكى نانلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى. ئەمما پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن ناننى ئالالماي، تىلەي دېسەم يۈزۈم چىدىماي، يوشۇرۇن ھالدا ئىچ - ئىچىمدىن بىر «ئاھ» تارتتىم. نەپسىم تىلەمچىلىككە ئىنتىلەتتى. بىراق ئادەمىيلىك ئابرۇيىنى دەپ نان تىلىمىدىم. كۆڭلۈمدە: «بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر دۇكاندىن تىلەپ يەرمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. ئۇشبۇ تەرىقىدە نەچچە نان دۇكىنىدىن ئۆتتۈم، بىرەر كىشىدىن سوراشقا يۈزۈم ئۇنىمىدى. ئاخىر ئىچىم ئاچلىقتىن كۆيگەندەك بولدى. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، روھى قۇشۇم دانىنىڭ شەۋقىدە پەرۋاز قىلغىلى ئازلا قالدى. شۇ ۋاقىتتا، ئەھلى ئەجەمدىن ئاكىلىرىمنىڭ سىياقىدا ئىككى كىشى پەيدا بولدى. ئۇلار قولىلىرىنى بىر - بىرىنىڭ بويىنىغا سېلىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۆز - ئۆزۈمگە:

«خۇدايىتائالاغا شۈكرى، مېنى يات كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراشتىن ساقلىدى، ئۇلار يۇرتلۇقۇم بولغاندىن كېيىن سوئال قىلمايلا تائام بېرىدۇ» دەيتتىم. يېقىن كەلگەندە قارىسام، ئۇلار ئىككىسى ئاكىلىرىم ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىلىرىنى سۆيۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ بېرىپ سالام قىلىپ، ئاياغلىرىغا يىقىلدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئوتتۇرانچى ئاكام قىقاس سېلىپ يۈزۈمگە بىر شاپىلاق ئۇردى. يىقىلىپ - قوپۇپ چوڭ ئاكامنىڭ ئېتىكىگە قولۇمنى سوزغاندىم، ئۇمۇ بىرنى تەپتى.

ئۇ ئىككىسى مېنى شۇنداق ئۇردىكى، ھەرقانچە ئىلتىجا قىلىپ، خۇدايىتائالانى شېپى كەلتۈرسەممۇ پايدىسى بولمىدى. مېنى شۇ قەدەر ئۇرۇپ: «ئەي زالىم، يەنە جېنىمىزنى ئالاي دەمسەن؟» دەيتتى. تاكى ھەر تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلدى. مېنىڭ گۇناھىمنى سوراشتى. ئاكىلىرىم يىغلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، پەرياد ئۇرۇپ:

«بۇ بەدبەخت بىزنىڭ ئىنىمىزنىڭ چاكىرى ئىدى. ئىنىمىزنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ، پۇل - ماللىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىنىمىز ھەددى - ھېسابسىز دۇنيادار ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز ئۇنى ھىندى دىيارلىرىدا ئىزدەپ يۈرۈپ بۈگۈن تاپتۇق» دېيىشتى. شۇ ئەسنادا ھاكىمنىڭ كىشىلىرى كېلىپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مېنى ھاكىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. سەرگۈزەشتىنى (بايا ئاڭلىغانلىرىنى) ھاكىمغا بايان قىلىشتى. ئاكىلىرىم ھەم يىغلاپ داد ئېيتىپ، قىساس تەلەپ قىلىپ ئارقامدىن يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار تولا بىقارارلىق ۋە ئاجىزلىق ئىپادە قىلغاندىن كېيىن، يەنە نەچچە تىللا زەرنى ھەم پارا بەردى.

مۇسىبەت ئۇقى بېشىمغا يېقىنلاپ كەلگەنىدى. بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇردۇم. تىلىمدىن ھېچبىر جاۋاب چىقمىدى. ھاكىم ھەم سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، راست ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ: «تا ئۆزگىلەر ئىبرەت ئالسۇن، تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ دارغا ئېسىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، نەتىجە شۇ بولدىكى: مەن يۈز تىللا زەر بېرىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئايىغىدىن ئارغامچىنى يېشىپ، يەھۇدىيلاردىن قۇتۇلدۇرغانىدىم. ئەمما بۇلار يۈز تىللا زەر پارا بېرىپ ئارغامچىنى ھەلقۇمۇمغا سالدۇرۇپ دارغا ئاستۇردى.

ۋاقتىكى، ئۆزۈمنى داردا كۆردۈم. ھەرتەرەپكە نەزەر سېلىپ ئاكىلىرىمدىن ئۆزگە دوست تاپالمىدىم. ئۇلار بولسا مېنى ئۆلتۈرمەككە ھەرىكەت قىلىشىۋاتاتتى. گۇۋاھ بولغۇدەك ئادەم يوق ئىدى. بۇ بىچارە ئىت بولسا، شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئاجىزانە ئۆمىلەپ يۈرەتتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ چاغدا ھەرقانداق دوست ـ بىگانىدىن كۆڭلۈم قېلىپ، ھەقتائالا دەرگاھىغا ئەرز قىلدىمكى: «يائاللا، پەريادىمغا يەتكىلكىم، سەندىن ئۆزگە ھېچكىمىم يوقتۇر!» دەپ «كەلىمەئى شەھادەت» نى ئوقۇپ ھوشۇمدىن كەتتىم. بېيىت:

ھەر كىشىدىن گەر بولۇپسەن نا ئۈمىد،
بىر خۇدادىن ئۆزگە بولماس دەستىگىر①

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، شۇ چاغدا ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى خۇدايىتائالانىڭ پەزل ـ كارامىتى بىلەن ئېغىر تولغاق (قۇلىنج) كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. ھۆكۈما ۋە تېۋىپلار ئۇنىڭ داۋاسى ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ساقايماقتا يوق، ئەكسىچە كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇمەرا ۋە دۆلەت كاتتىلىرى بىتاقەت بولۇپ تۇرغاندا، دانا ۋەزىرلەردىن بىرى: «بۇ ئاغرىقنىڭ قۇربانلىق ۋە سەدىقە قىلماقتىن ئۆزگە داۋا ۋە شىپاسى يوقتۇر. زىنداندىكىلەرنى ھەم ئازاد قىلماق كېرەك. تا ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن پادىشاھقا سالامەتلىك يۈز تۇتقاي!» دەپ مەسلىھەت قىپتۇ.

......

ۋاقتىكى، سۇلتاننىڭ خاسلىرىدىن بىر كىشى زىندان تەرىپىگە ئاتلانغاندا مېنى دارغا ئېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇئان كېلىپ كىشىلەرنى قوغلىۋېتىپ، قىلىچ بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ مېنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ جازا مەھكىمىسىگە بېرىپ گۇناھكارلارنى ئازاد قىپتۇ.

ئاكىلىرىم بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنىڭ تىرىك قالغىنىمدىن قورقۇپ، رەسۋا بولۇشتىن ئەنسىرەپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەندىن قىساس تەلەپ قىلىشىپتۇ. ھاكىم پارا ئالغانلىق سەۋەبىدىن ۋەدە بېرىپ:

«بۇ كىشىنى ھازىر ئۆلتۈرگىلى بولماس، ئەمما سىزلەرنىڭ يۈزۈڭلەرنى قىلىپ ئۇنى زىندانى سۇلايمانغا سالىمەن، تا ئۇسسۇزلۇق ۋە زارلىقتا ئۆلىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپالمايدۇ. ئۇ ھەم ھەرقانچە سەۋەب قىلسىمۇ، نىجات تېپىشنىڭ يولىنى قىلالمايدۇ» دەپ نەچچە كىشىنى بۇيرۇپ مېنى بۇ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ، كىشىلەردىن يوشۇرۇپ زىندانى سۇلايمان تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇ زىندان زىندانى جاھان ئىدىكى، ئۇنى دىۋىلەر ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن قازغانىكەن. شۇ زامانلاردا پىتنە ـ پاساتچى ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلاردىن كىمكى ئۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسا، شۇ زىندانغا تاشلايدىكەن ـ دە، ئۇلار ئاچ زارلىقتا ئۆلۈپ

① دەستىگىر — قوللىغۇچى، ياردەمچى.

كېتىدىكەن.

مەن بەختى قارىنىمۇ شۇ زىندانغا تاشلىدى. ئاكىلىرىم مېنىڭ بۇ ئىشلىرىم - ھالىتىمنى كۆرۈپ، ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇشۇپ ئۆز ئىشلىرىغا كېتىپتۇ. ئەمما بۇ ھايۋان — ۋاپادار ئىت زىندانىنىڭ ئاغزىدا يېتىپتۇ.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن بىخەۋەر شۇنىڭدىن كېيىن زىنداندا يېرىم كېچىدە ھوشۇمغا كېلىپ، ئۆزۈمنى ئۇ قاراڭغۇ يەردە كۆردۈم. «بۇ قانداق يەردۇ؟» دەيتتىم كۆڭلۈمدە، چۈنكى دارغا ئاسقىنى ئېسىمدە بار ئىدى. «بۇ گۆر ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ «كەلىمەئى تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى) نى ئوقۇپ ھەرىكەت قىلدىم. بىر يەردىن يولتۇزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئېھتىمال، خۇدايىتائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن زۇلۇم تارتىپ ئۆلگەن مەن بىچارىنىڭ گۆر ئازابىمنى ئەپۇ قىلغان ئوخشايدۇ» دەپ تەكبىر ۋە ئىستىغپار ئوقۇشقا كىرىشتىم.

ناگاھ، ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ، قورقۇپ خۇدايىتائالادىن پاناھ تىلىدىم. جاۋابقا ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتىم، بىر ئارغامچىنىڭ شەپىسى قۇلىقىمغا كىردى. ئاندىن كېيىن بىر نېمە يېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەيرانلىقىم زىيادە بولۇپ ھەر تەرەپكە قولۇمنى سۇندۇم. قۇرۇپ قالغان سۆڭەكتىن باشقا نەرسە ئۇچرىمىدى. قورقۇپ ۋارقىرىدىم:

— ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى، سىزلەركىم، بۇ قانداق جاي؟! ئۇ ئىككى كىشى ئاڭلاپ كۈلۈپ دېدىكى:

— بۇ زىندانى سۇلايماندۇر. بىز زىنداندىكىلەرگە قارايدىغان كىشىلەردۇرمىز.

— مەن تىرىكمۇ؟

— مەلۇم ئەمەس.

— سىزلەر يەۋاتقان تائامدىن ماڭىمۇ بەرسەڭلار نېمە بولغاي؟! — دېدىم.

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى. مەن بايىقى گېپىمنى تەكرارلىدىم. ئۇلار ماڭا ئاچچىقلاپ، قوپال سۆزلەرنى قىلىپ، تائاملىرىنى يەپ - ئىچىپ ئۇخلاپ قالدى.

مەن زەئىپ - ئاجىزلىقىمدىن نالە - زار قىلىپ، خۇدايىتائالانى ياد ئەتتىم:

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، يەتتە كېچە - كۈندۈز دەرىيادا سۇدا يۈرۈپ، نەچچە رەت سۇ دولقۇنلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ھەرتەرەپتە قېيىنىلىپ - سوقۇلۇپ، ئاخىر دەريا لېۋىگە ئۆلىشىپ، ئۆلۈم گىرداۋىدىن سالامەتلىك قىرغىقىغا چىقىپ ئاچ - زار، يېلىڭ - يالىڭاچ، ناننىڭ شەۋقىدە ئۆزۈمنى ئاكىلىرىمغا يەتكۈزگىنىمدە، ئۇلاردىن ستەم ۋە جەبىر پەشۋاسى يەپ، ئالاي ئازاب - ئوقۇبەت تارتتىم. بىھوش بولۇپ، سىياسەت دارىغا ئېسىلىپ، مانا بۇ جايدا ئۆزۈمنى كۆردۈم.

ئەلھال، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئىشتىپ تۇتقۇنلۇقتا مۇپتىلا بولغىنىمدا، ئۆزۈمنى تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىغا تاپشۇرۇپ: «بەندەڭنى بۇ ھالدىن قۇتۇلدۇرغىن! كەمىنە ئۆزۈڭ ھەم خۇدايىتائالانىڭ كەرىم، رەھىم، ھەكىم ۋە ئىلىملىرىنىڭ قۇدرەت كەلىملىرىگە قۇلاق تۇتقىن!» دەپ مۇناجات قىلاتتىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ۋاقتىكى، مېنى زىندانغا تاشلىغاندا بۇ ۋاپادار ئىت زىندانىنىڭ تېشىدا ياتقانىكەن. يېرىم كېچە بولغاندا بۇ ئىت بىر كىشىنىڭ داستىخاندىكى نان ۋە كوزىدىكى سۇنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ زىندانغا سالغانلىقىنى، ئاندىن يەنە ئارغامچىنى تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ زۇۋانسىز ئىت «بۇ كىشىنىڭ زىنداندا دوستى بار ئوخشايدۇ، نان ۋە سۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈرگەن بولغاي. سەن ھەم بۇ غېرىب مېھنەتكەش ئۈچۈن نان - سۇ كەلتۈرگەيسەن!» دەپ بىلىپ، سۇبھىگە يېقىنلاشقاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەرگە بېرىپ، بىر ناۋاينىڭ دۇكىنىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ناۋاي تونۇردىن ناننى ئېلىپ قويۇپ، يەنە بىر ناننى ئالغۇچە سەكرەپ چىقىپ ناننى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ناۋاي ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ قانچىكى تاش ۋە چالما ئاتسىمۇ، ھېچ ۋەجھە بىلەن ناننى تاشلىماي، يولدا نەچچىلىگەن ئىت تالاشقان بولسىمۇ، تارتتۇرۇپ قويماي، تا زىندان بېشىغا يېتىپ كېلىپ ناننى زىندانغا تاشلاپ قاۋىدى. مەن ھەم ئۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، ناننىڭ شەۋقىدە قولۇمنى ئۇزىتىپ ناننى تاپتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۇلتۇزنىڭ نۇرىچىلىك يورۇقلۇقنى كۆرۈپ كۈندۈز بولغانلىقىنى بىلدىم. شۈكۈر قىلىپ، ناندىن بىر لوقما يېدىم. ئۇسسۇزلۇق غالىب كەلدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ ۋاپادار ھايۋان نان تاپقاندىن كېيىن سۇ ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ، ھەرتەرەپكە يۈگۈرۈپ، تاغ ئېتىكىدە تۇرغان بىركىشىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە چېپىپتۇ. قازارا، ئۇ تاغنىڭ باغرىدا تۇرغان بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ كوزىلاردىكى سۇنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كوزىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاغزىنى سالماقتا تەمشىلىپتۇ. ئۇ بوۋاي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئاچچىقى بىلەن بىر تاياقنى قولىغا ئېلىپ ئىتنى ھەرقانچە ئۇرغان بولسىمۇ، ئىت تاشقىرى چىقماپتۇ. ئەكسىچە، ئاجىزلىق ۋە شىكەستىلىكنى ئىپادىلەپ بوۋايغا ئەركىلەپتۇ. بۇنىڭ شىكەستىلىكىدىن ئۇسساپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ پەملەپ، بىر سۇنۇق كوزىغا سۇ قۇيۇپ ئىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەمما ئىت ئىچمەي شىكەستىلىك بىلەن يۈزلىرىنى ئۇ بوۋاينىڭ پۇتلىرىغا قويۇپ، ئېتىكىنى چىشلەپ ئۆينىڭ تېشىغا تارتىپ، تاغنىڭ ئۇدۇلىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇنى كۆرۈپ: «بۇ ھايۋان تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە يۈزلەندى. ئۇ يەردە بىر سىر بولۇشى مۇمكىن؟» دەپ پەرەز قىلىپ، ئىت بىلەن زىندانىنىڭ تۆپىسىگە كەپتۇ. بوۋاي بۇنىڭدىن «زىنداندا بىرسى بار ئىكەن، بۇ ئىت سۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەلەپ قىپتۇ» دەپ جەزملەشتۈرۈپ، كوزىدىكى سۇنى شۇ يەرگە قويۇپ، تۆۋەن چۈشۈپ ئۆيدىن بىر تال ئارغامچا ئېلىپ كەپتۇ. ئالاھازەل، ئۇ كوزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ زىندانغا چۈشۈردى. ئىت بىرنەچچە قېتىم قاۋىغانىدى، مەن ھەم بىلىپ ئىلگىرىرەك بېرىپ كوزىنى ئالدىم. ئارغامچىنى يېشىپ سۇنى ئىچتىم. تەشنالىقنىڭ ئوتىنى پەس قىلىپ قالغان ناننى يېدىم. نەپسىمنىڭ ئوتى بېسىلدى. بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئىنسۇجىننى (ئىنسان ۋە جىنلارنى) ياراتقان خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن بۇ ئىت شۇ قاتارلىق خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلدىكى: ھەركۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن پېقىر ئۈچۈن نان بىلەن سۇ ھازىرلاپ، كۈنىگە بىر مەرتىۋە ماڭا ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى. نەچچە كۈنگىچە ناۋايلارمۇ ناننى ئۇنىڭدىن قىزغانماپتۇ. بۇ ئىتنىڭ ھەركۈنى شۇ تەرىقىدە نان ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ئىتنى كۆرگەن ھامان يېقىن كېلىپ بولغۇچە ناننى ئالدىغا تاشلاپ بېرىدىغان بوپتۇ.

ناۋادا ئۇ ئىت بوۋاينى بىر كۈن كۆرمىسە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كوزا بىلەن كاسىلىرىنى ئۆرۈيدىكەن. بوۋاي ھەم كۈندە تاڭ يورۇشى بىلەن ساۋابلىق ئۈچۈن بىر كوزا سۇنى ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى.

بۇ ھايۋان ماڭا نان بىلەن سۇنى تېپىپ يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن يېمەكلىك ئىزدەپ نان پارچىلىرى ياكى ئۇستىخانلارنى تېپىپ يەپ، زىندان بېشىدىن يىراق كەتمەيدىكەن.

بىر ئادەم ئۇ زىنداندا ئالتە ئايغىچە ياتسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئالاھازەل، يېرىم كېچىدە كۆكۈل ـ كۆكسۇمدىن چىقىرىپ قان ـ ياش يىغلاپ تەڭرىتائالاغا ئىلتىجا

قىلىپ، يۈزۈمنى تۇپراققا سۈرتۈپ ئىچ - ئىچىمدىن نالە قىلىپ، ئاھۇزارىمنىڭ شولىسىنى پەلەككە يەتكۈزدۈم. بۇ مۇناجاتنىڭ مەزمۇنىنى چىرايىم سارغايغان ھالەتتە ئۇقۇدۇم. مۇناجات:

بىنىيازا، مەڭگى سارغارغان يۈزۈم كەلتۈرمىشەم،
پاك خاكى دەرگەھىڭغە ئىلتىجا كەلتۈرمىشەم.
سەن ئۆزۈڭ لۇتفۇڭ بىلە مەن خەستەغە رەھىم ئەيلەگىل،
يوقلۇق ھەم ھاجەتى ئۆزرى گۇناھ كەلتۈرمىشەم.

تاكى تۈن نىسپىگىچە يىغا - زار قىلدىم. ناگاھ، ئۇنىڭ پەزلى - كەرىمىدىن نىجاتلىق ئىشىكى يۈزۈمگە ئېچىلدى، تۇيۇقسىز بىر ئارغامچا زىندانغا ساڭگىلىدى. ئارقىدىنلا قۇلىقىمغا:

— ئەي غېرىب بالاكەش، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقىن. بېلىڭگە مەھكەم باغلا، بۇ غەم زىنداندىن خالاس بولۇشۇڭنىڭ ۋاقتىدۇر، — دېگەن مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، خۇدايىتائالاغا روشەندۇركى، ئىچىمدە: «خۇدايىتائالاغا شۈكرى، بۇرادەرلىرىم مېنى زىندانغا تاشلاتقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە كۈندىن كېيىن ھالىمغا رەھىم قىلىپ، مانا ئەمدى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، خۇشال بولۇپ قۇشتەك يۇقىرى چىقتىم. ئەمما كۆرۈش قۇۋۋىتىم زەئىپلەشكەنلىكتىن ئۇ كىشىنى تونۇيالمىدىم. ئۇ كىشىمۇ مېنى تونۇمىدى. سۈرۈشتۈرمەي، ئەھۋال سورىماي ئارغامچىنى بېلىمدىن يېشىپ يولغا يۈزلەندى.

— چاپسانراق ماڭغىن، بۇ يەردە تۇرغانىڭنىڭ پايدىسى يوقتۇر، — دېدى ئۇ مېنى ئالدىرىتىپ.

مەن ھەم ماغدۇرۇمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. تا بىر جايغا كەلدۇق، ئىككى ئات ياراغ - جابدۇقى بىلەن ھازىر تۇراتتى. ئۇ كىشى مېنى بىر ئاتقا مىندۈردى، ئۆزى ھەم ئۈن چىقماي بىر ئاتقا مىندى. شەھەردىن چىقىپ بىر جەزىرىگە يەتتۇق. تاڭ يورۇغاندا قارىسام، ئۇ يىگىت باشتىن - ئاخىر قورال - ياراغ بىلەن جابدۇنغان بىر گۈزەل رەنا ئىكەن. گويا جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

ۋاقتىكى، ماڭا نەزەر سالدى. قولىنىڭ ئارقىسىنى چىشلەپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىمغا يۈگۈردى. قورقۇنچتىن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىدىم. دېدىمكى:

— ئەي پادىشاھ سۈرەت، بېيىت:

ئىلگەرى لۇتۇف ئەيلەدىڭ، ئەمدى سىتەم ئەيلەرمۇسەن؟
ئىبتىدا بەردىڭ ھەياتۇ ئىنتىھا بەرگىل نىجات!

— ئەي شوم، — دېدى ئۇ، — سەن كىمدۇرسەن؟ قەيەردىن ماڭا دۇچار بولدۇڭ؟

— ئەي يىگىت، ھاياتىمنىڭ ۋەسىلىسى، نىجاتىمنىڭ سەۋەبچىسى سەن ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن،

— مەن بولسام ھىجرانلىقتا يۈرگەن غېرىب، زەھەر خامىنىدىكى چەشتۇرمەن. بېيىت:

ئەبەس① كەتتى ئۆمرۈم ھەۋايۇ ھەۋەس،
...

① ئەبەس — بىھۇدە، بىكارغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پۇر ئەز①خۇنۇ دىلدىن كۆزۈم بولدى بەس!

شۇنداق دادۇ پەرياد، نالە - زار قىلدىمكى، ئۇ يىگىتنى يىغلاتتىم. تاكى كۆڭلى يۇمشاپ مېنى ئۆلتۈرمەس بولۇپ:

— ئەي پەلەكزەدە، ئاتلانغىن، بۇ سۆزلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس! — دېدى.

باشقا سۆز قىلماستىن ئۆزى ھەم ئاتلاندى. ئەمما يول بويى ھەسرەت - نادامەت چېكىپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئېيتاتتى، بېيىت:

كۆڭۈلنىڭ خاھىشى ھەرگىز بولالماس،
خۇدانىڭ خاھىشىغە نەقىز②بولالماس.

تاكى يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئاتتىن چۈشتۇق. ئۇ ماڭا:

— ئاتلاردىن خۇرجۇننى ئېلىپ، ئىككىلا ئاتنى ئوتلىغىلى قويۇپ بەر، — دەپ بۇيرۇپ، ئۆزى قورال - ياراغلىرىنى بوشىتىپ بىر چىملىقتا ئولتۇردى. ئاندىن:

— ئەي پەلەكزەدە، شۇ تاپتا ئەھۋالىڭنى مۇپەسسەل سۆزلەپ بەر، مەنمۇ خەۋەر تاپاي، سەن كىم؟ نېمە ۋەجىدىن بەختىڭ كاج كەلدى؟ — دېدى.

ماڭا يەتكەن جەبىر - ستەملەرنى كەم - زىيادە قىلماي ئېيتىپ بەردىم.

ئەھۋالىمنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلىپ بولغىنىمدا، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ پەرىشان بولدى. ئۇ يىغلاپ:

— ئەي ھالى خاراب، قۇلاق سالغىن! مەن پادشاھى ئەزەمنىڭ قىزىدۇرمەن. ئاتام بۇ مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ پادشاھىدۇر. بۇ شەھەر ئۇنىڭ پايتەختىدۇر. بەھرۇز ئاتلىق بىر يىگىت ئۇشبۇ زىندانى سۇلايمانغا بەنت قىلىنغانىدى. ئۇ ئاتامنىڭ ۋەزىرزادىسى (يەنى ئاتامنىڭ ۋەزىرىنىڭ ئوغلى) ئىدى.

بىرقېتىم پادشاھ:

«ئەمىرزادىلەر مەيدانغا كىرىپ چەۋگانبازلىق قىلسۇن!» دەپ ئەمر قىلدى. ھەرەم ئەھلىگە ھەم قەسىر ئۈستىگە چىقىپ تاماشا قىلىشقا رۇخسەت بەردى. رۇخسەت بىلەن ھەممىمىز زەر پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، غەملەردىن پارىغ بولۇپ، پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن تاماشا كۆردۇق.

قازارا، بىر «شەھباز» (لاچىن) پەرۋاز قىلىپ، بالا ساقىيىسى لىمۇلىپ تولدۇرۇلغان جامنى جىنىمنىڭ بېغىشىغا قۇيدى، يەنى بەھرۇز ئۇ كۈنى ھەممە ئەمىرزادىلەر بىلەن خۇش چاقچاق قىلىپ، ئالاھىدە مەردانىلىك كۆرسەتتى. ئۇ شۇنداق يىگىت ئىدىكى، كۆڭلۈم ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە مايىل بولدى. نەچچە مۇددەت ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن سازاۋەرلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش خىيالىدا كۈن ئۆتكۈزدۈم. تاكى ئىشىم جايىغا يەتتى. يەنى ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئىنىكئانىغا ئېيتىپ، يۈز قىسىم ئىنئام بېرىپ ئاخىر ئۆزۈمگە مەدەتكار قىلدىم. ئۇ بىر ئامالار بىلەن ئۇ يىگىتنى خانامغا ئېلىپ كېلىپ، كۆڭلۈمنىڭ تەلپىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى.

ئۇ يىگىت ھەم مېنى كۆرگەندە مەپتۇن ۋە شەيدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە مۇددەت ئاشنالىق ئىشىكى ئوچۇق تۇردى. ھەركېچە ئۇ يىگىت مېنىڭ خىلۋەتخانامغا كېلەتتى...

① پۇر ئەز — سەۋەبلىك، يۈزىسىدىن.
② نەقىز — قارشى، زىت.

بىر كېچىسى پاسبانلار ھەرىمىگە ئۇسۇپ كىرىپ، كۆزەتچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا خۇن تۆككۇچى قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۇپ، ئاتامغا ھال - سۇرەتلەرنى بايان قىپتۇ. بۇ چاغدا مەھەللە - ئەتراپتىكى كىشىلەر تامام ئۇيقۇدا ئىدى.

ئاتام بەھرۇزنى ئاتىسى بىلەن قوشۇپ قەتل قىلىشقا ھۆكۇم قىلدى. خەلق ئارىغا كىرىپ گۇناھىنى تىلىگەنلىكتىن، ئاتام شاپائەت قىلىپ ئۇلارنى زىندانى سولايمانغا تاشلاشقا پەرمان قىلدى.

ئەلھال، ئۇچ يىل بولدى. ئۇنىڭ تىرىك قالغىنىغا شۇكۇر بەجا كەلتۇردۇم. ئەھۋالىمدىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىدى. ئۆزۈمگە زۆرۈر دەپ بىلىپ، يوشۇرۇنچە ھەر ھەپتىدە يەتتە كۇنلۇك ئاب - تائام - ئوزۇقىنى يەتكۇزۇپ بېرىپ تۇردۇم.

كېچە، ئۇنىڭ خىيالىدا كۆزۈم ئۇيقۇغا بارغانىدى، ئالدىمى غايىبتىن: «ئەي مۇھەببەت ۋادىسىنىڭ سابىت قەدىمى، ئات ۋە كېرەك - ياراغلىرىڭنى ھازىرلاپ قەدىمىڭنى تاغ تەرەپكە قويغىل! كەمەندى يۇسۇف (يۇسۇپنىڭ ئارقىنى) نى ئېلىپ، ئۇنى زىنداندىن تارتىپ چىقىرىپ، ھىممەت قەدىمىڭنى غۇربەت دەرياسىغا قويغىن، ئۇ يىگىتنى زىنداندىن چىقار!» دېگەن سادا ئاڭلاندى.

بەس، ئۇ ۋەقەنىڭ غايىب ئىلھامى بىلەن ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، شوق - زوق بىلەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم. ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ، ئاڭلىغانلىرىمنى تەييار قىلىپ ساندۇققا قاچىلىدىم. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ بەدىلىگە سېنى تارتىپ چىقاردىم، — دەپ ھېكايىسىنى تامامىلىدى.

خۇرجۇندىن نان - توقاچ، قۇش كاۋابلىرىنى ئېلىپ، كۇمۇش قاچىدىكى مۇشك گۇلابىنى قاچىغا قۇيۇپ، قەنت سېلىپ شەربەت قىلدى. نان، قۇش كاۋىپى ۋە شەربەتلەرنى يەپ - ئىچتۇق. ئىتقا ھەم بېرىپ تويغۇزدى. ئاندىن بىر بۇلاقنىڭ لېۋىدە بېشىمنى ۋە تېنىمنى يۇيۇپ، چاچ - ساقال، تىرناقلىرىمنى ئېلىپ شاھانە لىباس كىيدۇردى. كاساپەت قاراڭغۇلۇقتىن پاراغەت يورۇقلۇقىغا يەتتىم. قىبلىگە يۇزلىنىپ سەجدەئى شۇكرانە بەجا كەلتۇردۇم. ئۇ نازىنىن كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى.

— سېنى ۋاستە قىلىپ، مېنى زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرغان تەڭرىمگە ئىبادەت قىلىۋاتىمەن. — ئۇ تەڭرىمنىڭ ئوخشىشى، ياردەمچىسى، شېرىكى، ۋەزىرى يوق. ئۇ (تەڭرىم) كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ (تەڭرىم) رەھىملىك ۋە كەرەملىكتۇر. ئۇ (تەڭرىم) پۇتكۇل مەرھەمىتى بىلەن سەندەك بىر ھۆر سۇپەتنى ماڭا غەمخور قىلدى. سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭنىڭ ياردىمى بىلەن غەم ۋە ئەلەم رەڭگى بۇ شىكەستە خاتىرەمدىن غايىب بولدى، — دېدىم. ئاندىن كېيىن يەنە ئۇ تەڭرىمنىڭ پەزلى ۋە كەرەملىرىدىن نەقىل قىلىپ بەردىم. تا ئۇ سەنەم كۇپۇرلۇق رەڭلىرى قەلب ئەينىكىدىن بەرھەم يەپ، تەۋھىد جامىدىن مەست بولۇپ خۇداپەرەس بولدى.

ئاندىن كېيىن غەم - قايغۇلاردىن پارىغ بولۇپ، كېچە - كۇندۇز دەشت ۋە تاغلارنى سەيرى قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن پەرەڭ بىلەن ۋەزىر ئاباد ئارىلىقىدىكى بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ مىسىر شەھىرىگە يېقىن ئىدى. بېيىت:

ئەرۇسى ئىسفەھان يىغلاپ نىگارىڭ،
بولۇپ شەھەر خەلقى ئايىنەدارىڭ.

ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى يۇرت - خەلقىنى ئادالەت بىلەن پەرۋىش قىلىدىكەن. ئۇ شەھەرنى ئۆز

www.uyghurkitap.com

ۋەتىنىم بولسۇن دەپ نىيەت قىلىپ، ئاۋۋال ھالىمغا مۇۋاپىق نەرسە - كېرەك سېتىۋالدىم.

قازارا، ئەھلى ئەجەمدىن نەچچە كىشى بۇ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇلار ئېتىبار تەرىقىسى بويىچە بۇ دىيار خەلقىنىڭ نەزىرىدە خېلى ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەن. ئۇلارغا سەردار ۋە باش بولۇپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. ئاندىن كېيىن سەپەر رەنجىدىن پارىغ بولۇپ، ئۇ نازىنىن ئۈچۈن توي جابدۇقلىرىنى ھازىرلاپ، نىكاھ ئىشلىرىمنى شەرىئەت قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدىم.

ئۇ پاكىز تەبىئەتلىكتە جاۋاھىرات قويىغان بىر ساندۇقچە بار ئىدى. ئۇنى دەسمايە قىلىپ جاۋاھىر - پۇرۇشلۇق دۇكىنىنى ئاچتىم. تا ئۈچ يىلغىچە ئۇ دىياردا ئەتىۋارلىق بىلەن روزغارىمنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇلۇغلار ۋە كاتتىلار بىلەن خىزمەت ئالاقىسى ئورناتتىم. تىجارەتچى - سودىگەرلەرنى پەرمانىمغا كەلتۈرۈپ، ھەممىسىگە سەردار بولدۇم. ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، مال - دۇنيالىرىم كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي تاپتى. بەخت يۇلتۇزۇم ئىززەت ئاسمىنىدا پارلاشقا باشلىدى. شۇبۇ گۆھەرلەر بىلەن يېتەرلىك دەسمايىگە ئىگە بولۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەر قىلدىم.

ۋاقتىكى، بىر كۈنى ئۇلۇغ ئەمىرلەردىن بىرىنىڭ تەزىمىگە كېتىپ باراتتىم، قازارا، بىر مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدىم، بىرسى:

«ئەجەم ئەھلىدىن ئىككى كىشى ئوغرىلىق قىلغانىكەن، قىساس ۋە سىياسەت غەزىپىگە دۇچار بوپتۇ» دېدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداقتۇر بەزى خىياللار كۆڭلۈمگە كېچىپ، تىت - تىت بولۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە:

«ئايا، ۋەتىنىمدىن سەرگەردان بولغان قايسى بىچارىدۇر؟» دەپ يۈگۈرۈپ باردىم. ناگاھ كۆرگىنىم ئىككى ئاكىلىرىم ئىكەن، ئۇلارنىڭ باش - كۆزى تامام يېرىلغان، پۇت - قولى سۇنغان، خەستە بولغان تېنى يەرگە سوزۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى قىساسگاھ (ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش مەيدانى) غا سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ دۇدى ئاھىم پەلەككە شولا ئۇردى. قان - يېشىم يۈزۈمگە تۆكۈلدى. شۇئان ھاكىمنىڭ ئەمەلدارلىرىنى چەتكە تارتىپ، بىر مۇشت ئالتۇن بېرىپ، بۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن بىر سائەت تەخىر قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ ھاكىمنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ شاپائەت قىلىشنى تىلەپ بىردانە ياقۇتنى بەردىم. بۇ ياقۇتنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز تىللا ئالتۇنغا بەرمىگەنىدىم. ئەدەپ - قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ يۈزۈمنى يەرگە قويدۇم.

— خالايىق بۇ ئىككى كىشىگە نارازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن گۇناھلارنى يۈكلىدى، - دېدى ھاكىم، - شۇڭا پادىشاھ ئۇ ئىككىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. بۇ ئىككىسىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن دەۋالاشقۇچىلارنى ئالتۇن بىلەن رازى قىلىش كېرەك.

بەس، ھاكىم دەۋالاشقۇچىلارنى چاقىرتىپ، مەندىن بەش يۈز تىللا ئالتۇن ئېلىپ بەردى. ئاندىن سۇلھىنامە تۈزۈپ، بۇلارنى ئۇ بالادىن خالاس قىلدى.

ۋاقتىكى، بۇلارغا كىيىم ھازىرلاپ، ھاماممغا ئاپىرىپ، ئۆز ئۆيۈمدە ئۆي تۇتۇپ بەردىم. «مۇبادا شەيتان يار بولۇپ مال - دۇنيالىرىمنى ئوغرىلاپ كېتەرمىكىن» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلۈمگە كەلتۈرمىدىم. ياخشىلىق يولىدا بېشىمنى خىزمەت تەرىقىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئايىغىدا قويدۇم. كېچە - كۈندۈز خىزمىتىنى بەجا كەلتۈردۈم. ھەرقانداق نەرسە لازىم بولسا، بۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلدىم. تا بىر يىلغىچە ئەھۋال شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. مالال بولغۇدەك ۋەقەمۇ بولمىدى.

ئەي ئۇلۇغ پادشاھ، بۇ ئىككىسى يەنە ئىپلاسلىق تەبىئىيتىنى، كۆپۈرلۈق نىمىتىنى ۋە ئازغۇنلۇق تەرىقىسىنى كەسىپ قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى:

پەسلى باھاردا، بىركۈنى ئايالىم ھامامغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، غاپىل بولۇپ يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىۋەتكەنىكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ نەزىرى ئۇ مۇبارەك دىلئارامنىڭ ھۆسن - قەددىگە چۈشۈپتۇ. ئىشق ئوقى ئوتتۇرانچى ئاكامنىڭ سىنىەسىگە تېگىپ، نەچچە مۇددەت ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ يۈرۈپتۇ. تا مېنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلىپ چوڭ ئاكام بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەت قۇرۇپ، شەيتاننىڭ كېڭىشىنى قىلىشىپ، بىر تەرىقىدە پىلانلىرىنى تۈزۈشۈپ، كەلگۈسى ئۆلجىنىڭ خام تەمەسىدە كۆڭلىنى تىندۈرۈپ يۈرۈشۈپتۇ.

ئەي ئۇلۇغ پادشاھ، مەن بولسام توغرا نىيەت بىلەن بۇلارنىڭ خىزمىتىدە ئالدىراش يۈرۈپتىمەن. ئەمما بۇلار ساختىتا قىياپەتتە كۆرۈنۈش بېرىپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پىكرىدە پەرىشان بولۇشۇپ، يەنە يامانلىق ئويلاپ چىقىپتۇ:

بىر ئاخشىمى سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق. چوڭ ئاكام ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ، ئوتتۇرانچى ئاكام ئىنج - ئىچىدىن دەردلىك ئاھ تارتىپ يىغلىدى. ئاندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرانچى ئاكام ئەجەم مەملىكىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئارىغا سالدى. چوڭ ئاكاممۇ يىغا - زار قىلىپ ھەمدەم بولدى.

بۇلار ئەسلىدە بايىقى سۆزلەرنى مەقسەتلىك قىلىشقانىكەن. مەن بۇلارنىڭ غەرىزىنى بىلمەستىن:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى، سىزلەرگە ۋەتەنىڭ ھەۋىسى چۈشكەن بولسا، ماڭا ھەم سەپەرنىڭ ھەۋىسى چۈشتى. كۆڭلۈڭلارنى خۇش تۇتۇڭلار. ئەگەر خۇدايىتائالا خالىسا، پات پۇرسەتتە بارۇرمىز، — دېدىم. ئاندىن ئۆز خانامغا كىرگەندە ئاكىلىرىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇ خۇرشىد تەلەت ئايالىمغا بايان قىلدىم. ئۇ ئاجىزىم:

— ھەرنېمە دېسەڭ پەرمانىڭدا بولىمەن، — دېدى.

بەس، ئاكىلىرىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن پات پۇرسەتتە سەپەر قىلىشنى نىيەت قىلىپ چېدىر، پالاس ۋە كېرەك - ياراغلارنى سەھراغا ئېلىپ چىقتىم. سودىگەرلەردىن بىر جامائەت سەپەر قىلماقنى ئىختىيار قىلىپ مېنىڭ چېدىرىمغا جەم بولۇپ، مېنى ئاقساقال قىلدى. غەم - ئەلەمدىن پارىغ بولۇپ ياخشى سائەتتە سەپەرگە ئاتلاندۇق. ئاكىلىرىمدىن بىرەر سائەتمۇ يىراق بولمىدىم. ئۇلاردىن مالاللىق غۇبارى ۋە پەرىشان ئەھۋاللارنى بايقىساممۇ كۆڭلۈمگە كەلتۈرمىدىم. تاكى بىر ئاي يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتۇق. سۆھبەت ۋاقتىدا ئاكىلىرىمنىڭ بىرى:

— ۋادەرىغا، ئەگەر ئىمكانىيەت ۋە ۋاقتىڭ بولغاندا ئىدى، بۇ مەنزىلدە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقان بولاتتۇق، — دېدى.

— ئەلھال، بۇ يەردە قانداق سەير - تاماشىلار بار؟ - دېدىم. بۇلار:

— بىز بۇ يەرگە بىر نۆۋەت كەلگەندە نەچچە كۈن تۇرۇپ ياخشى سەير - تاماشا قىلغاندۇق. ئەي ئۇكام، بۇ يەرنىڭ ئۇڭ قول تەرىپىدىكى بىر مەيدان پۈتۈنلەي باغلار، چىمەنلەر — نەسرىن گۈللەر بىلەن قاپلانغان. بىر پەرسەڭ يىراقتا بىر دەريا ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەتىرگۈل، سۇنبۇل، رەيھانلار بېھىشتىن نىشان بېرىدۇ، — دېيىشتى.

— ئەي ئاكا، ئۇنداق بولسا بۇ يەردە ئەتە بىركۈن تۇرايلى، — دېدىم.

بەس، كارۋانلار ھەم چۈشكۈن قىلدى. چاشگاھ ۋاقتىغا ئۇلگۇرتۇپ تائام تەييارلاشقا پەرمان قىلدىم. تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپ ئاكىلىرىم مېنى چاقىردى. مەن ھەم كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com



ھەمراھ بولۇپ ئاتلارنى تۇتۇشقا ئەمر قىلدىم. ئەمما ئۇلار: «سۇۋار بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. قايتاشىمىزدا مىنگۇدەك بىر - ئىككى ئات ئېلىۋالساق كۇپايە» دېيىشتى. نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى كۆتۈرتۈش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى ھەمراھ قىلىۋالدۇق. ئۇقيالىرىمىزنى ئېلىپ يولغا كىردۇق. تاڭ يورۇغاندا ئۇقياۋازلىق قىلىپ ئوييناپ كېتىۋەردۇق. بۇ سائادەتلىك ئىت ئادەت قەدىمى بىلەن گاھى ئالدىمدا، گاھى كەينىمدە ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئازراق يول يۈرگەندىن كېيىن ئاكىلىرىم بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرنى كارۋاننىڭ ئىشىنى باھانە قىلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئاكىلىرىم مەن بىلەن كۈلۈشۈپ، ھېكايە قىلىشىپ ماڭدى. ئەمما ھەرقانچە ئىچكىرى كىرسەكمۇ نە يېشىلچىلىق، نە سۇدىن ئەسەر بولمىدى. تاكى يەنە بىر پەرسەڭ زىيادە يول يۈردۇق. مېنى تەرەت قىستاپ قالدى. ئۇقيايىمنى يەردە قويۇپ، بىر چەتكە بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇردۇم. ئاكىلىرىم مېنى ئولتۇرۇشكە بەللىرىنى باغلاپ، قىلىچلىرىنى كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ پەيت كۈتۈپ يۈرگەنىكەن. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شەمشەرنى قوللىرىغا ئېلىپ ماڭا قاراپ يۈگۈردى. تا شەمشەرلىرىنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. ئەھۋال ئۆزگىچە ئىدى. ئارقامغا بۇرۇلۇشۇم بىلەن تەڭ چوڭ ئاكام قىلىچىنى ماڭا شۇنداق ئۇردىكى، بېشىمنىڭ نىسپىدىن ئۆتۈپ قۇلىقىمغا يېتىپ توختىدى. يەنە بىر زەربە ئۇرغانىدى، يىراققا يىقىلدىم. كۆڭلۈمنى ھالاكەتلىككە يەتكۈزدۈم، قازاغا رىزا بولدۇم. بۇ ئىككى تاش يۈرەك - رەھىمسىز تامام ئەزالىرىمغا زەخىم ئۇردىكى، پارە - پارە بولۇپ ياتتىم. بۇ بىچارە ئىت بۇنى كۆرۈپ پەرىشان بولۇپ، بۇلارنى چىشلەپ چاپانلىرىنى يىرتىپتۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىتقا ھەم زەخىم ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئىككىسى ئالداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەزالىرىغا زەخىم بېرىپ، مەجرۇھ قىلىپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھودۇققان قىياپەتتە ئۆزلىرىنى كارۋانغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن پەرياد قىلىشىپ:

— ئەي يارەنلەر، تېز بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ جان، پۇل - مېلىڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار! قاراقچىلاردىن بىر جامائەت كېلىپ بىزنى مەجرۇھ قىلدى، ئىنىمىزنى ئۆلتۈردى. تېز بولۇڭلار! قاراقچىلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

كارۋان ئەھلى قاراقچىنىڭ ئىتىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ شاھ سۈپەت پاك ئاجىزەم ئاكىلىرىمنىڭ ئېلگىرىكى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۆزىنى خەنجەر بىلەن ھالاك قىپتۇ.

ئەي دەرۋىشلەر، ۋاقتىكى، ئۇ خوجا سەگپەرەس - پاراسەت ئىگىسىنىڭ ھېكايىسىنىڭ ۋەقەلىكى بۇ يەرگە يەتكەندە مېنىڭ ۋە ھەممە ئىشتكۈچىلەرنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، يېشىمىز ئىختىيارسىز مەگزىمىزگە تۆكۈلدى.

خوجا بىزنىڭ يىغىمىزنى كۆرۈپ قولىنى ياقىسىغا ئۇرۇپ، تونىنى قايرىپ يالىڭاچلىنىپ زەخىملىرىنى كۆرسەتتى. بەرھەق زەخىملىرىنى كۆردۇق. مەجلىس ئەھلى بۇ جاراھەت ئىزلىرىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، شېئىر:

جەھان تىغى ئەگەر جۇنبىشغە[1] كىرسە،
كېسەلمەس تارمويى بىئىزنى ئەللاھ.

---

① جۇنبىش — قوزغىلىش، ھەرىكەت.

ۋاقتىكى، بۇ نادان ئاكىلىرىم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن مېنى نىمجان قىلىپ، ئۇ باياۋانغا تاشلاپ كەتتى. زۇۋانسىز بۇ هايۋان يارى مېهرىباندەك تەلمۇرۇپ، غىڭشىپ پىغان قىلاتتى. بەدىنىمدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە خۇدۇمنى يوقاتتىم. جېنىمنىڭ سالامەت قېلىشىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى.

بېيت:

چۈنكى لۇتفى هەق ماڭا يارى قىلۇر،
ماهرويىم① هەم پەرەستارى② قىلۇر.
نەسلى پىنهانى بەهاسىز گەۋهەرى،
هەم سەئادەت ئەۋجىدىن نېك③ ئەختەرى.
سەۋر قەددىدۇر يۈزى ماهى تەمام،
بۇ هەمە ئالەم هەمە ئالەمى غۇلام.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاه، ئۇ خۇنخار باياۋانغا پەرەڭ دىيارىنىڭ بىر شەهرى يېقىن بولۇپ، ئۇ شەهەر پەرەڭنىڭ كاتتا جايلىرىدىن بىرى ئىدى. پەرەڭلەرنىڭ بۇتخانىسىمۇ شۇ شەهەردە ئىدى.

ئالاهازەل، پەرەڭ پادىشاهىنىڭ ساهىبجامال، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر قىزى بار ئىدى. پەرەڭ پادىشاهىنىڭ تامام شەهەرلىرىدە ئۇنىڭ هۆسنىنىڭ شۆهرىتى پۇر ئىدى. شاهلار ۋە شاهزادىلەر ئۇنىڭ هۆسنىگە ئەسىر بولغانىدى. ئۇ قىز كۈندە كۈمۈش بەدەنلەر بىلەن شىكار ۋە سەير قىلاتتى.

قازارا، پادىشاهىنىڭ (قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ) ئۇ باياۋانغا يېقىن سەيرگاه بىر بېغى بار ئىكەن. قىز ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قىرىق كۈن سەير ـ شىكار قىلىشنى ئىختىيار قىپتۇ. شەهەردىن چىقىپ سەير ـ تاماشا قىلىپ، چېدىر ـ بارگاهلىرىنى شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى چاپقۇر ئاتلارغا مىنىپ، كېنىزەك ۋە خاسلىرى بىلەن خۇش كەيىپ ـ مەستانە بولۇپ شىكار قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ دەشتكە كىرىپ كەپتۇ. هەربىرى هەر تەرەپكە ئات سېپتۇ.

قازارا، ئۇ كۈمۈش بەدەنلەر تۇپىنىڭ كۆزى ماڭا چۈشۈپتۇ. مېنىڭ ئەهۋالىمنى مۇلاهىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئاي يۈزلۈكلەر تۇپىنىڭ سەرۋىرى ئۆزىنىڭ تېۋىپلىرىنى شۇ يەرگە چاقىرتىپ:

— ئەگەر بۇ زۇلۇم چەككۈچىنى داۋالاپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى بۇ هالاكەتتىن قۇتۇلدۇرساڭلار، مەندىن هەشەمەتلىك كىيىم ۋە نېمەتلەرنى ئېلىپ، شەپقەت ۋە مېهرىبانلىق كۆرسىلەر، — دەپتۇ.

تېۋىپلەر هەم قوبۇل قىپتۇ.

بەس، ئۇنىڭ (قىزنىڭ) پەرمانى بىلەن ئۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ قەبىلىسى مېنى بىر تاختىغا ياتقۇزۇپ، كۆتۈرۈپ باغ تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇ هايۋان — زۇۋانسىز ناتىۋان پەرىشان هالەتتە ئارقىمىزدىن باغقا كەپتۇ. ئۇ باغدا دانا بىر پەرەڭ تېۋىپ بار ئىدى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن تېۋىپلار مېنى داۋالاشقا كىرىشتى.

مېنى قان ـ تۇپىلاردىن پاك قىلىپ، جاراهەتلىرىمنى تىكىپ مەلهەم قويدى. بەس، پەرەڭ ئەهلىنىڭ

① ماهروي — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.
② پەرەستار — غەمخورلۇق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش.
③ نېك — ياخشى، گۈزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قائىدىسى بويىچە سۈنىك بەدىلىدە ساپ گۈل سۆيىنى تەدرىجىي، يەنى ئاز - ئازدىن ئاغزىمغا تېمىتاتتى. ئۇ پەرىۋەش بولسا، مەن غەمكىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دەردلىك ئاھ تارتاتتى. مەن ئاز - تولا ھەرىكەت قىلىشنى ئويلىساممۇ، لېكىن ئاجىزلىق قىلاتتىم. ئەمما ئۇ گۈزەللىك ئالىمىنىڭ نۇرى مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا يار ۋە مەدەتكار بولاتتى. ئەھۋالىمنى سوراپ كۆيۈپ - كۆيۈپ دىلدارلىق قىلىپ:

«غەم يېمىگىن، كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت. گەرچە ئۇ زالىم ساڭا مۇشۇنچە زۇلۇمنى راۋا كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلۇمدىن نىجاتلىق تاپتىڭ» دەپ تەسەللىي بېرەتتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، خۇدايىتائالانىڭ كارامىتى، تەقدىرنىڭ تەسىرى بىلەن شۇ ھالەتتە — پەرىشان ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئۇ تەڭدىشى يوق گۈزەل - زاۋالسىز ئاپتاپقا ئاشىق بولۇپ ئەقىل - ھوشۇم ئىختىيارىمدىن كەتتى.

پەمىچە ئۇ پەلەكنىڭ يېگانىسى ۋە ئۇ ئارامى جانىنىڭ كۆڭلىدىمۇ گوياكى شۇنداق بىر تۇيغۇ ئورۇن ئالدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، پېقىرنىڭ خاتىرىسىگە: «تەڭرىنىڭ ھېكمىتى بىلەن بۇ قىسسە شۇنداق بولدىكى، ئەزەل ئىرادىسى ھېچكىمنى يوق مەن بىچارىگە شۇ قەدەر يار - يۆلەكتە بولغان بۇ خۇرشىدنىڭ بۇ قەدەر ساپ قەلب ئەينىكىنى كۈيۈر - زۇلمەت غۇبارى بىلەن ساقلاشنى خالىماي، ئۇنى بۇ ھەقىرنىڭ ۋۇجۇد ئاجىزلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئىمان نۇرى بىلەن روشەن قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى بولغاي!» دېگەن خىياللار كەچتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، يىگىرمە كۈن پەرىشانلىق بىلەن ئۆتكەندىن كېيىن، تېۋىپ تېز پۈرسەتتە زەخىملىرىمنى داۋالاپ ياخشىلىدى. ئۇ مەلىكە — شېكەرلەۋ ھەر كېچە خىزمەتكارلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، تەنھا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ماڭا شاراب تۇتاتتى، زىيادە مېھرىبانلىق قىلاتتى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاراھىتىم خېلىلا ساقىيىپ قالدى. ئۇ نازىنىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ تېۋىپقا ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى ئىنئام قىلىپ شەپقەت كۆرسەتتى. دائىم مەن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ۋاقتىنى خۇشال ئۆتكۈزەتتى. چۈنكى مۇھەببىتىم ئۇنىڭ سىنەسىدىن ئورۇن ئالغان، دوستلۇق تۇخۇمىنى كۆڭۈل بېغىغا تارقاتقانىدى.

مەن ئۇ رەنجىدىن ساقىيىپ، زەئىپلىكتىن قۇتۇلۇپ، باش - كۆز، بەدەنلىرىمنى جاراھەت داغلىرىدىن پاكلاپ، ئۇ دىلدارنىڭ پەرمانى بىلەن مەن ئۈچۈن ھازىرلانغان ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. نەچچە كۈن ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالەمنىڭ قۇياشى — ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسىنىڭ جامالىنىڭ شادلىقى؛ شاراپ ۋە تائامنىڭ كەيپى ۋە قۇۋۋىتىدىن سەللىمازا بولدۇم.

ۋاقتىكى، شارابنىڭ كەيپىدىن دىمىغىم قىزىغان چاغلاردا ئۆزگىچە لەتىپىلەرنى — كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئارىغا سېلىپ، بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلاتتىم. شۇ تەرىقىدە ئىشق قىمارىنى ئويناپ يۈرۈپ، بىركۈنى تا ئۇ لىۋى شېرىنىنىڭ تەنلىك بېقىشلىرى جېنىمدىن ئۆتۈپ، بېشىمدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى بىر - بىر بايان قىلدىم. ئۇ نازىنىن مېنىڭ بۇ قايغۇلۇق ھالىمغا ئېچىنىپ كۆيۈپ - كۆيۈپ يىغلىدى. ئاندىن لۇتپى كەرىمى بىلەن نەزەر قىلىپ:

— ئەي پالانى، بۇ ئالالانىڭ قازاسىدۇر. بېشىڭغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرىمەن، — دېدى. مەن ھەم:

— سەن ئۈچۈن پىدادۇرمەن! - دېدىم. بېيىت:

نىم غەمىندە بىرلە قىلدىڭ قەتل ئام،
گەر تەمام قىلساڭ خۇدا بەرسۇن پەناھ.

ئەلھال، ئۇزۇم ھەم ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇدۇم. (ئەي تەڭرىم، لۇتپى - كەرىمىڭنىڭ سايىسى كەم بولمىغاي!)

ئۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈل ھەددىدىن زىيادە شادلىق ۋە كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى مېھرىبانلىقلارنى قىلاتتى. تا سەھەر ۋاقتىغىچە سۆھبەت قۇراتتۇق. ئۇ زىبانىكار ھەر كېچە ئۇشبۇ قائىدە بىلەن مەرھەمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭ زېمىن بۇسلىكىگە گىرپتار بولدۇم.

شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن مەلىكە ئاتىسىنىڭ رۇخستى بىلەن مېنى ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى قاتارىدا نۆكەر قىلىۋالدى ھەمدە ئۆزىگە يېقىنراق بىر جاينى مەن ئۈچۈن مۇقەررەر قىلدى. ھەر كۈنى تائام - شاراب ئەۋەتەتتى. كەچ بولغاندا ئۇ ئۆمرۈمنىڭ ئەزىزى خالايىقنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قېشىمغا كېلەتتى، تا سەھەرگىچە تۇرۇپ ئاندىن قايتاتتى. نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىنىكئانىسى خەۋەر تېپىپ، ئۇمۇ بىللە كېلىدىغان بولدى.

قاچانكى، خالىي ۋاقىت تاپسام، پاكىز كىيىممنى كىيىپ ئىبادەتكە باراتتىم. قازارا، بىركېچە مەلىكە ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە كەتكەنىدى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ باغنىڭ بۇلۇڭىدا تەرەت ئېلىپ، كۈندە قىلماقچى بولغان ئىبادىتىمنى قىلدىم. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ قىز ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدىن قايتىپ ئىنىكئانىسىغا: «يەر، ئۇ ئەجەملىك يىگىت قايسى ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدىكىن؟ كۆرۈپ باقايلى! ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى ئويغاقمۇ؟» دەپ ئۆيۈمگە كەلگەندە مېنى تاپالماپتۇ. قىز پەرىشان بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «ئايا، بۇ بەختسىز نەگە كەتكەندۇ؟ يا كېنىزەكلەرنىڭ بىرى بىلەن پۇتۇشۇپ، بۇ كېچە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر بۇلۇڭدا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇۋاتقاندىمۇ؟» دەپ بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە ئاختۇرۇپ، ناگاھ مەن خۇپپىيانە ئىبادەت قىلىۋاتقان جايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. مېنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەي ھەيران بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، قول - ھەرىكەتلىرىمنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپتۇ. تاكى مەن نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن قولۇمنى كۆتۈرۈپ مۇناجات قىلدىم ۋە سەجدە بىلەن تۇپراققا يىقىلدىم. ئۇ قىز مېنىڭ ئادا قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ: «بۇ ئەجەملىك بىچارە ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېدى.

مەن كۈلكە ئاۋازىنى ئىشتىپ قارىغانىدىم، قىز ئىلگىرى كېلىپ:

— ئەي ئەزىز، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

مەن ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ھەيرانۇ سەرگەردان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تەرىپلىرى پەرەڭ دىيارلىرىدا مەشھۇر ئىدى. ناگاھ، ئۇ تىلى كېسىك ئىنىكئانا سۆزگە ئارىلىشىپ:

— ئەي مەلىكە، ساڭا پىدادۇرمەنكى، بۇ ئەجەملىك مۇسۇلماندۇر. ئۇ لاتۇمەنات مەزھىپىگە دۈشمەندۇر. مۇسۇلمانلار غايىب خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ، — دېدى.

ئۇ قىز تەئەججۈپتىن قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، چىشلەپ:

— ئۇ بۇزرۇكۋار بۇتىمىزنىڭ غەزىپىگە گىرپتار بولماپتۇمۇ؟ ئۇ خۇدالىرىمىزنىڭ دۈشمىنى ئىكەن، مېنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قىلغان تىرىشچانلىقلىرىم بىھۇدە بوپتۇ، — دەپ قوللىرىنى ئېتىكىگە ئۇرۇپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قايتتى. مەن ئۇنىڭ قايتقىنىنى كۆرۈپ ئېسىمدىن كېتىپ يىقىلدىم. ئېسىمگە كېلىپلا يەنە دادلىنىپ تا سۇبھىگىچە قان - زار يىغلىدىم. تاڭ ئاتقاندا جايىمغا بېرىپ ئىشكىنى يېپىپ،

www.uyghurkitap.com

بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئاھۇ پىغان چېكىپ قەلب زارىمنى پەلەككە يەتكۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ ئىككى كېچە - كۈندۈزنى يىغا - زار بىلەن ئۇ ئىللىقلىق تارقاتقۇچىنىڭ پىراقىدا ئۆتكۈزدۈم. ئۈچىنچى كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ قىبلىسى شاراب كەيپىدىن مەستانە بولۇپ، ئۇ دىۋانە (ئىنىكئانا) نى ھەمراھ قىلىپ، غەزەپ ئوقىنى كامانىنىڭ كىرىچىگە بەتلەپ مېنىڭ ھۇجرامغا يېقىن كەلدى. بىر دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئىنىكئانىسىدىن شاراب تەلەپ قىلدى. ئىنىكئانا ھەم دەرھال مەي شېشىسى بىلەن جامنى ئېلىپ خىزمىتىگە ھازىرلىنىپ، جامنى لىق تولدۇرۇپ ئۇ ھۆرلىقاغا تۇتتى. بىرجام مەينى ئىچىپ بەدىنىگە ئوت تۇتاشتى. ئىككى - ئۈچ جامنى ئىچكەندىن كېيىن ئىنىكئانىسىدىن:

— ئايا، ئۇ ئەجەمىي (ئەجەملىك كىشى) بۇزرۇكۋار بۇتىمىزنىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بوپتۇمۇ ياكى ئاۋۋالقىدەك تىرىكمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

ئىنىكئانا جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— تېخى ئاۋۋالقىدەكلا جان بېقىپ يۈرۈپتۇ.

— ئۇنىڭغا ئېيتقىن، تاشقىرى چىقىپ ماڭا كۆرۈنسۇن!

ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ ئەمرى بىلەن مېنى چاقىردى. مەن ساراسىمە بولۇپ يۈگۈردۈم. ئۇ نازىنىننى شۇنداق نۇرانە كۆردۈمكى، ئۇنىڭ بېقىشلىرىدىن ئېرىپ سۇ بولغىلى ئاز قالدىم. پىلھال، زېمىن بۇسلۇق قىلىپ بىرچەتتە قول باغلاپ تۇردۇم. بىر سائەتكىچە ئىلتىپات قىلمىدى. ئاندىن ئىنىكئانىسىغا:

— ئەي ئىنىكئانا، ئەگەر مەن ئۇشبۇ دىنىمىزنىڭ دۈشمىنىگە ئوق ئاتسام، بۇزرۇكۋار بۇتىمىز مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتەرمۇ؟ چۈنكى مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ گۇناھكار بولغانىدىم! — دېدى.

— بالانى توسقۇچى بولغايمەن، — دېدى ئىنىكئانا مەلىكىگە، — سېنىڭ گۇناھىڭ يوقتۇر. چۈنكى بۇ ئىشلارنى سەن ئىلگىرى بىلمەيتتىڭ. ئەمدى ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ جازاسىنى بۇزرۇكۋار بۇتقا قويۇپ بەرگەيسەن!

...

— بەس، ئولتۇرغىن دېگىل، — دېدى قىز ئىنىكئانىغا.

ئىنىكئانا ماڭا ئىشارەت قىلدى.

مەن ئولتۇرۇپ بىر پەستىن كېيىن، ئۇ گۈزەل بىر پىيالىنى نۇش ئەيلەپ ئىنىكئانىغا:

— ئەگەر بۇ كىشى بىرەر پىيالە ئىچىشنى خالىسا بەرگىن، تا دىمىغى تازا بولغايكى، قايتقان ۋاقتىدا ئازار تاپمىغاي! — دېدى. ئىنىكئانا ھەم بىر جامنى لىق تولدۇرۇپ ماڭا بەردى. مەن ئىچىپ زېمىن بۇسە قىلدىم. ئەمما ئۇ كۆمۈش بەدەن ئاي مەن تەرەپكە ئەسلا قاراپ قويمىدى. گاھىدا پەقەت كۆزىنىڭ قىرىنىلا سېلىپ قوياتتى. ئاخىر كەيپتىن دىمىغى كەرەمگە يۈز قويغاندا سۆزگە ئېغىز ئاچتى. مەن ھەم دېدىمكى، بېيىت:

گەردى ئاھىڭدىن بولۇپمەن ھەم دىلىڭدىن،
ھەم تەسەللى تاپمادىم ئاخىر دىلىڭدىن چىقمادىم.

ۋاقتىكى، مەلىكە ئۇشبۇ بېيىتنى ئاڭلاپ ئاستا خەندە قىلدى. ئاندىن ئىنىكئانىسىغا:

— ئەي ئانا، ھېچبىر ئىشنى پەم قىلالمايۋاتىسەن. ئۇيقۇڭ كەلگەن ئوخشايدۇ؟ — دېدى. ئىنىكئانا

بۇ بشارەتنى چۈشىنىپ دېدىكى، بېيت:

ياخشى ئىشدىن ئىستىخارە[1]غە ئەمەسدۇر ئېهتىياج.

ئىنىكئانا قوپۇپ ئۆز خانىسى تەرىپىگە كەتتى. ئۇ قىز بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر پىيالە شاراب تەلەپ قىلدى. دەرھال ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، پىيالىنى لىق تولدۇرۇپ تۇتتۇم. ئۇ سەرۋ قەد نازىنىن جامنى قولىغا ئېلىپ، مىڭبىر كەرەشمە بىلەن نوش ئەيلەپ پىيالىنى ماڭا قايتۇردى. شۇ ھالەتتە قولىغا بوسە قىلىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ ھېسابسىز ئاجىزلىق - زەئىپلىكىمنى بەجا كەلتۈردۈم. ئۇ نازىنىن ماڭا قول سىلكىپ؛

— ئەي ئەقىلسىز جاھىل، بۇزرۇكۋار بۇتتىن نېمە يامانلىق كۆردۈڭ؟ كۆرۈنمەيدىغان خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ گۇمراھ بوپسەن! — دەپ پەرىشان بولدى.

مەن جاۋاب بېرىپ دېدىمكى، بېيت:

مېنى گۇمراھ دېمەك مەنقۇل ئەمەسدۇر،
قىلۇرمەن ئەمدى كۆڭلۈڭ كۆزگۇ سەيقەل.

— ئوخشىشى يوق، نۇقسانسىز، پاك تەڭرىم ماختاشقا لايىق ۋە سازاۋەردۇر. ئۇ (تەڭرىم) سەندەك گۈلستاننى بىرتامچە سۇدىن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. بۇتنى بولسا، بۇتتاراشلار ئۆيىدە ياساپ، ئالتۇن ھەل بىلەن پەردازلاپ بېزىگەندۇر. ئېنىقكى، شۇڭا ئۇ (بۇت) ماختاشقا لايىق ۋە سازاۋەر ئەمەستۇر. ئۇ لەنتى ئىبلىسنىڭ ھىيلە تۈزىقىدۇركى، بارلىق گۇمراھلارنى ئۇشبۇ يول بىلەن جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىپ، جەننەتنىڭ پاراغەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئەگەر خۇدايىتائالاغا بەندە بولاي دېسەڭ، بۇ يولدىن يېنىپ ھەق يولى تەرىپىگە يۈزلەنگىن. شۇ چاغدىلا بۇ ئىشلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن خەۋەردار بولىسەن. بۇ ناتوغرا — ئازدۇرغۇچى يولدىن يانساڭلا، ئاندىن تەڭرىمنىڭ قۇدرىتىنى بىلەلەيسەن!

...

ئەي ئۇلۇغ پادشاھ، بارى تائالانىڭ ھىممىتى بىلەن ئۇ گۈزەلنىڭ كۆپۈرلۈق غۇبارى كۆڭۈل ئەينىكىدىن شۇنداق كۆتۈرۈلدىكى، مەستلىك ئالىمىدە كۆزلىرىدىن ھەسرەت ۋە نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ، ھىدايەت يولىنىڭ سالىكى[2]بولدى. «كەلىمەئى تەييىبە» نى ئوقۇپ راستلىق يۈزىنى مۇسۇلمانلىق بوسۇغىسىغا قويدى. مەن ھەم ئايىغىغا يىقىلىپ، باسقان ئىزلىرىنى بوسە قىلدىم. ئۇ تاكى سۇبھىگىچە يىغلاپ ئىستىغپار ئوقۇپ، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ھىدايەتكە ئىقرار قىلدى. تەڭرىتائالاغا، ئاخىرەتكە ھەم ئىمان كەلتۈردى. ئاندىن دېدىكى:

— ئەي پالانى، ئاتا - ئانامنى قانداق قىلىمەن؟ ئۇلار ھەممىسى دىنسىزلاردۇر.

— ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشى ساڭا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، — دېدىم. قىز يەنە:

— مېنى نەۋرە ئاكامغا لايىق كۆرۈپ چاي ئىچۈرۈپ قويغان، ئۇ بۇ دىندىن خەۋەرسىزدۇر. ئاۋادا مېنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىشسا، ئۇ مېنىڭ ۋەسلى ئېتىكىمگە يېتىش ئارزۇسىدا بولىدۇ. دىنسىزنىڭ پۇشتى

① ئىستىخارە — كۆڭۈلدىكى مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى ياكى بولماسلىقىنى بىلىۋېلىش مەقسىتىدە چۈش كۆرۈش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ ئۇخلاش. بىرەر ئىشنى چۈش ئارقىلىق پەم قىلىش.
② سالىك — بىرەر سوپىزىق مەسلىكىگە مەنسۇپ.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا پەرۋىش تاپىدۇ. شۇڭا ئىلاجىنى قىلىپ بۇ دەردتىن نىجات تاپمىقىم لازىمدۇر، — دېدى.

— قانداق ئىلاج - ھىيلە قىلماقچىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

قىز دېدىكى:

— بىر مەزگىل مېنىڭ خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا بولغىن. تا مېنىڭ تەۋەلىكىمدىكىلەر سېنى (سەن توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىنى) ئۇنۇتقاي. گاھىدا ئىنىكئانىنى قېشىڭغا ئەۋەتىمەن. ئۇنىڭدىن زەر ۋە گۆھەرلىرىمنى ماڭدۇرۇپ تۇرىمەن. قاچانكى، ئەجەم ئەھلى دەريا سەپىرى قىلماقچى بولسا، سەن ھەم سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ ماڭا خەۋەر قىلغايسەن. تا پۇرسەت تېپىپ يار - خىزمەتكارلاردىن يوشۇرۇن چىقىپ، ئۆزىمىزنى كېمىگە يەتكۈزىمىز. جان - ئىمانىمىزنى دىنسىزلارنىڭ بالاسىدىن سالامەت قۇتۇلدۇرغايمىز.

— ساڭا پىدادۇرمەن، ئىنىكئانىنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدىم.

— ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر، — دېدى قىز ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن قارار بېرىپ، بېيىت:

بېرۇرمەن جامى مەي، تا جان ئالالماس،
قىيامەت بولمايىن ھەرگىز تۇرالماس.

ئۆيگە بېرىپ مېنى خىزمىتىدىن بوشاتتى. مەن ھەم بۇ ئايرىلىشقا تەن بەردىم. ھەسرەت چېكىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدىن جۇدا بولۇپ، ئەجەم سودىگەرلىرى تۇرغان كارۋان سارايغا بېرىپ ئۆي تۇتتۇم. كېچە - كۈندۈز يىغا - زار بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇم. تاكى نەچچە مۇددەت ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن يۈردۈم. پەرەڭ مەملىكىتىدە ئەجەم، بۇخارا ۋە خۇراسانلىقلاردىن نۇرغۇن سودىگەرلەر بار ئىدى. ئۇلار دەريا ئارقىلىق ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇشۇپ، مال - دۇنيالىرىنى شەھەردىن بىر پەرسەڭ يىراقلىقتىكى بىر چۇشكۇنخانىغا ئېلىپ كېلىپ، ئىجازەت بىلەن مال - دۇنيالىرىنى كېمە تەرەپكە يۆتكەشكە كىرىشتى. بەزى يارەنلەر ماڭا:

— سىز ھەم ھەمراھ بولۇپ بىز بىلەن بىللە قايتىڭ، — دەپ تەكلىپ بېرىشتى. ئۇلارغا:

— مەن ھەم سەپەرنىڭ جابدۇقىنى ھازىرلاپ ئاندىن قايتىشنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىمەن، — دېدىم. ئۇلار:

— دىنسىزلارنىڭ شەھرىدە قاچانغىچە تۇرىسەن؟! — دېدى. مەن ئۇلارغا:

— ناۋادا سىزلەر خالىساڭلار، مەن ھەم سىزلەر بىلەن بىللە قايتىمەن، ئەمما مەن بەزى نەرسىلىرىم — بىر كېنىزەك، بىر ئىت ۋە بىر ساندۇقنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭىمەن، شۇڭا مەن ئۈچۈن بىر جاينى تەيىن قىلىپ، كېمىنىڭ كىراسىنى سۆزلىشىپ قويۇڭلار، خاتىرجەم بولۇپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئېلىپ كېلەي، — دېدىم.

سودىگەرلەر بىرلىشىپ بىر كېمىچىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەن ئۈچۈن كېمىدە بىر جاينى راسلاتتى. چۈنكى كېمىنىڭ ھۇجرىلىرى توشۇپ كەتكەنىدى. ئورۇن ھازىر قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كېيىم - كېچەك ۋە ساندۇقنى دەريانىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىپ، كېمىگە سالغۇدەك قىلىپ تەخلەپ قويدۇم. ئەتىسى كېمىنىڭ لەڭگەرلىرىنى ئالىدىغان چاغدا ھەمراھلىرىمدىن: «شەھەرگە قايتىپ كېنىزىكىمنى ئېلىپ سەھەر ۋاقتىغىچە يېنىپ كېلەي» دەپ رۇخسەت سورىدىم. ئاندىن شەھەرگە

بېرىپ ئىنىكئانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ:

— ئەي مېھرىبان ئانا، ۋەتىنىمگە قايتماقچى بولۇپ رۇخسەت سوراپ كەلدىم. خەيرىخاھلىقىڭىنىڭ سەۋەبىدىن يەنە بىر مەرتىۋە مەلىكىنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى بۇسە قىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. كېمە ئەتە يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ كېچە مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزسەڭ نېمە بولىدۇ؟ — دەپ يېلىندىم.

ئاجىزانە ئىلتىماسىمدىن ئىنىكئانىنىڭ رەھمى كەلدى:

— پالانى مەھەللىدە، پالانى يەردە ھەرەمخانىغا يېقىن كەلگىن، — دېدى ئۇ، — مەن ھەرەمخانىغا بېرىپ خەۋەر قىلاي. ناۋادا تەلىيىڭ مەدەتكار بولسا، ئارزۇيۇڭغا يېتەرسەن!

كەچ بولغاندا ئىنىكئانىنىڭ پەرمانى بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ ساقلاپ ئولتۇردۇم.

مەلىكە مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن، مەسلىھەت تەرىقىسى بىلەن ئىنىكئانىنى ئېلىپ قېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا كېنىزەكلەرگە ئۇخلاشقا رۇخسەت بېرىپ، ئاندىن ئىنىكئانىنىڭ ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىپتۇ.

ۋاقتىكى، كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىۋالغان مەلىكە جاۋاھىر سېلىنغان ساندۇقچىسىنى ئېلىپ پەيدا بولدى. ساندۇقچىنى ماڭا بېرىپ يولغا يۈزلەندى. تا دەريانىڭ قىرغىقىغا بارغۇچە سەھەر بولدى. لەڭگەرگاھقا يەتتۇق. كىچىك كېمىدىن بىرنى تەلەپ قىلىپ، بىرمۇشت ئالتۇن بېرىپ كېمىگە كىردۇق. ئۇ پەزىلەت ئىگىسى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. كۈن چىققاندا كېمىدىن چىقىپ جىھاز (مال، نەرسە - كېرەك جايلاشتۇرۇلغان ئورۇن) غا كىردۇق. كېمىچىلەر لەڭگەرلەرنى ئېلىپ، يەلكەنلەرنى كۆتۈرۈپ كېمىنى يولغا سالدى.

ھەممىمىز خۇشال - خۇرام بولۇشۇپ، مەككارلارنىڭ مىكرىدىن غاپىل بولۇپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشقاندۇق. كېمە سۇ يۈزىدە شامالدەك كېتىپ باراتتى. پۈتۈن سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ چۈشكە يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز بەندەر (پورت، جاي نامى) تەرەپتىن كۈچلۈك توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. كېمىچى لەڭگەر تاشلاپ كېمىنى توختاتتى. كىشىلەر:

«ئايا، نېمە ۋەقە بولغاندۇر؟ بەلكىم بۇ زالىم، خۇداسىز پادىشاھ بەندەرگاھتا توپ ئاتقۇزغان ئوخشايدۇ؟!» دېيىشىپ تىت - تىت بولۇشتى.

ئەلقىسسە، سودىگەرلەرنىڭ نەچچىسىدە مەقبۇل كېنىزەكلەر بار ئىدى. پادىشاھتىن قورقۇپ، كېنىزەكلىرىنى ساندۇقلارغا يوشۇرۇشتى. مەن ھەم بۇ ئىشتىن ئاگاھ بولۇپ، ئۇ ئىززەت گۆھىرىنى ساندۇققا يوشۇرماقچى بولۇپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا بىر ھىجازىي قىرغاقتىن كېلىپ شاھى بەندەرنىڭ بىر توپ نۆۋكەر - مۇلازىملىرى بىلەن بىزنىڭ كېمىمىزگە يېقىنلاشتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى: كۈن چىقىش بىلەن تەڭ، ئۇ گۈزەلنىڭ ئاتىسىغا (پادىشاھقا) مەلىكىنىڭ غايىب بولغانلىق خەۋىرى يېتىپتۇ. پادىشاھ پاراسەتلىك بولغاچقا، ھەرقايسى جاي - ماكاندىكى شاھ ۋە پورتلارغا: «ھەممە يەردە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، قانداقلىكى مۇساپىر - سودىگەرنىڭ كېنىزىكى بولسا، مېنىڭ نەزىرىمگە يەتكۈزۈلگەي. بىزدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، بۇ مەملىكەتتىن ئايرىلمىغاي! چۈنكى مەن ئۈچۈن مەقبۇل بىر كېنىزەك لازىمدۇر. بىزگە قوبۇل بولسا، باھاسىنى بېرىمىز؛ قوبۇل بولمىسا، ئىگىسىگە قايتۇرىمىز» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەۋەر بەندەر پادىشاھىغىمۇ يەتكەچكە، سودىگەرلەر تۆھمەتچى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قورقۇنچىدىن بىللە ئېلىپ كەلگەن كېنىزەكلىرىنى ساندۇققا يوشۇرۇشقانىدى.

بىردەمدىن كېيىن بەندەر شاھى يېتىپ كېلىپ، بىر ساندۇقنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ مۇددىئاسىنى

بايان قىلدى. سودىگەرلەرنىڭ يەنە يوشۇرۇپ قويۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بىرنەچچە كېنىزىكى بار ئىدى، مۇلازىملار ئۇلارنى تۇتۇپ تىزىملاپ ھىجازغا ئېلىپ كېتىشتى.

بىر كىشى شاھى بەندەرنىڭ ئۇدۇلىدا — بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. شاھى بەندەر شوخلۇق (چاقچاق) يۈزىسىدىن:

— ئەي خوجا، سېنىڭ كېنىزىكىڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئەخمەق بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئەمىر، سىزنىڭ ئەزىز بېشىڭىزنىڭ ھەققىكى، تەنھا كېنىزىكىمنى ساندۇققا يالغۇز مەنلا يوشۇرۇپ قويىمىدىم، بەلكى پۈتكۈل يارەنلەر شۇنداق قىلدى، — دېدى.

شاھى بەندەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ساندۇقلارنى ئاچقۇزۇپ ھەممە كېنىزەكنى كېمىسىگە سالدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مېنىڭ دىلدارىم ھەم بار ئىدى. شاھى بەندەر دېدىكى:

— بۇ كېچە كېنىزەكلەرنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزىمىز. قايسىسى پادىشاھنىڭ نەزىرىگە كەلسە، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئەۋەتىپ بېرىمىز...

بۇ ئىشلاردىن كۆڭۈللىرى ئازار يېگەن دەرۋىش، سودىگەرلەر پەرىشان بولۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇشتى. مەن ھەم ھەممىدىن بەكرەك خاراب، يۈرەكلىرىم كاۋاب بولۇپ، قان ـ دەريا يىغلاپ، يۈز ئىزتىراب بىلەن [پادىشاھنىڭ] سىياستىگە تەييار بولۇپ تۇردۇم. ھەممىدىن يامانراق بولغىنى شۇكى، ھالىمنى كىشىگە ئېيتالمايتتىم:

«سەن بۇ پىتنىلەرنى قىلمىغان بولساڭ، جېنىڭنى بىھۇدە بەرمىگەن بولاتتىڭ. [مانا ئەمدى] ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلىپ تەئەججۇپ ئوتىنى ياقتىڭ. ئۆزۈڭنى ئوتقا تىقتىڭ» دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم مالامەت قىلاتتىم. شۇ كۈننى يىغا ـ زار بىلەن ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋە تائالاغا مۇناجات قىلىپ ئۆتكۈزدۈم.

ناگاھ، كەچ بولغاندا كېنىزەكلەرنىڭ كېمىسى (كېنىزەكلەر چۈشكەن كېمە) بەندەر تەرەپتىن نامايان بولدى. سودىگەرلەر ئۇن چىقارماي ئىستىقبالىغا كۆز تۇتۇپ تۇرۇشتى.

كېمە بىزگە يېقىنلاشتى. كېمىدە ئۇ ئاي يۈلۈكتىن ئۆزگە ھەممە كېنىزەك بار ئىدى. شاھى بەندەرنىڭ مۇلازىملىرى رۇخسەت خېتىنى كۆتۈرۈپ كېمىچىنىڭ قېشىغا كەلدى. ۋاقتىكى، كېنىزىكىمنىڭ خەۋىرىنى سورىغاندىم، كېمىدىكىلەر:

— كۆپ غەم يېمىگىن. ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۆزئارا كېلىشىپ بىز بېرەيلى، — دېيىشتى. مەن رازى بولماي قايتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بەس، شاھى بەندەرنىڭ مۇلازىملىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، پۇل ـ ماللىرىمنى ھەمراھلىرىمغا بېرىپ قويۇپ، ساندۇقۇمنى ئېلىپ، كېمىنىڭ كىراسىنى تۆلىۋېتىپ، ئۆزگە نەرسە ـ كېرەكلىرىمدىن ۋاز كېچىپ، باشقا كېمىگە ئولتۇرۇپ بەندەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. بۇ ئىت ھەم ماڭا ئەگىشىپ كېمىگە كىردى. ۋاقتىكى، بەندەرگە يېتىپ كەلدىم. جاۋاھىر ساندۇقىدىن باشقا ئەسۋابلىرىمنى شاھى بەندەرنىڭ خىزمەتكارلىرىغا بېرىۋېتىپ، ئۆزۈمنى مەخپىي تۇتۇپ، نەچچە كۈنگىچە ئۇ دۇرلار شاھىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ دەريا بويلىرىدا يۈردۈم. ئۇ لەيلى سۈپەتنىڭ دىدارى ئۈمىدىدە مەجنۇنۋار بولۇپ ۋادىلارنى كەزدىم. ئاندىن شەھەر تەرىپىگە يۈزلىنىپ نەچچە كۈنگىچە قەلەندەرلەر كەبى ھەر تەرەپكە باردىم. ئەمما مەقسەت نىشانىدىن ئۇچۇر ئالالمىدىم. تاكى ئۆزۈمنى ئوغرىلاردەك پادىشاھنىڭ تۇرالغۇسىغىچە يەتكۈزدۈم، ئۇ يەردىن ھەم تاپالمىدىم. بىلدىمكى، ئۇ ھۆرلىقا تېخى پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ يەردىن يېنىپ بەندەرگە كەلدىم. بۇ يەردىمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈردۈم، ھېچ

ئەسىرىنى تاپالمىدىم. شۇ تەرىقىدە بىر ئايغىچە شەھەر - تاغلاردا چېپىپ، دەشت - داللارنى كېزىپ يۈردۈم. ئاخىر، بىركېچىسى كۆڭلۈمگە: «ئۇ گۆھەرنى شاھى بەندەرنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇشقان بولمىسۇن؟!» دېگەن ئوي كەلدى. ئالاھازەل ئۇنىڭ تۇرار جايىغا باردىم. تۆت ئەتراپىنى شۇنچە تەكشۈرۈپمۇ كىرگىلى بولغۇدەك بىرەر يوچۇق تاپالمىدىم. مەگەر سۇ كىرىدىغان بىر سۇڭگۈچنى كۆردۈمكى، پولات پەنجىر بىلەن مەھكەم قىلىنغانىدى. چارىسىز لىباسلىرىمنى سېلىپ، سۇغا كىرىپ يۈز رەنج - مۇشەققەت بىلەن كۈچەپ يۈرۈپ، بىر تۆشۈك ئېچىپ ھەرەم بېغىغا داخىل بولدۇم. ئىزدەپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز ئۇ نازىنىننىڭ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ھەسرەت - نادامەت بىلەن تەڭرىتائالا دەرگاھىغا مۇناجات قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئالدىغا بېرىپ قۇياش مىسال يۈزلىرىنى ئاجىزلىق تۇپرىقىغا سۈرتۈۋاتقان ئۇ ھۆر سۈپەتنى كۆردۈمكى، ئۇ ئىلتىجا قىلىپ: «خۇداۋەندە، سېنىڭ دەرگاھىڭدا قوشۇلۇش كۆۋرۈكى باردۇركى، ئۇ جامائەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەندەك نېكى① ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان بىچارىگە ئۇشبۇ بالادىن نىجاتلىق بەرگىن! ئۇ غېرىب، دىلى سۇنۇقنىڭ دالالىتى بىلەن مەن ھىدايەت تاپقانىدىم. ئۇنىڭغا مەن غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ ۋىسالىم بىلەن ھاياتلىق بەرگىن!» دەۋاتاتتى. بېيىت:

بولدۇم ئەمدى بىنەۋا زارۇ ئەسىر،
بەيەكسانلارغە ئېرۇرسەن دەستگىر.

ۋاقتىكى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئالدىغا بېرىپ، قول - ئاياغلىرىنى بۇسە قىلدىم. ئۇ ھەم مېنى كۆرۈپ باغرىغا بېسىپ: «بەرھەق خۇدايىمىز كەرەملىكتۇر» دېدى. قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىمدىن بىخۇد بولۇپ يىقىلدىم. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. ئۇ قۇياش سۈپەت ھال - ئەھۋالىمنى سوراپ دېدىكى:

— ۋاقتىكى، شاھى بەندەرنىڭ پەرمانى بىلەن كېمىدە ئولتۇردۇم. خۇدايىتائالادىن مەدەت تىلەپ سىرىمنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقىنى ئىلتىجا قىلدىم. خەستە جېنىمنىڭ تەلەپ ئوقى ئىجابەت نىشانىغا تەگدى. ۋاقتىكى، دەريادىن قىرغاققا چىقتۇق. شاھى بەندەر كېنىزەكلەرنى بىردىن - بىردىن چاقىرىپ تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى. نۆۋەت ماڭا يەتكەندە مېنى ئىلغاپ ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ، ئەلدىن پىنھان تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئاتام مېنى كۆرمىگەچكە كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان قىپتۇ. مەن بۇ يەردە (شاھى بەندەرنىڭ ئۆيىدە) قالغانىدىم. پادىشاھى بەندەرنىڭ باغرىغا ئىشق ئوقى تېگىپتۇ. ئۇ پات - پات قەدىمىمگە بېشىنى قويۇپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، بىر ياستۇققا باش قويۇشۇمنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلاتتى. مەن بولسام ھەرقاچان مەرھەمەت يوللىرى بىلەن ئۇنى رەت قىلاتتىم. ئۇ ھەم دوستلۇقنى ئىزدەپ مېنىڭ رىزالىقىمنى نەزەردە تۇتۇپ ئازار يەتكۈزمىدى.

— ساڭا پىدادۇرمەن، — دېدىم مەن، — ئاخىر ئىشىڭ نەگە يەتتى؟

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى ئۇ، — بۇ چاغقىچە ئىرادەم مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۇ (شاھى بەندەر) ناپاكلىق قىلىپ ئېتىكىمنى نومۇسسىزلىق بىلەن بۇلغىماقچى بولىدىكەن، ئۆزۈمنى ھالاك قىلغايمەن. ئەلھال، خاتىرەمگە كەچكەن يەنە بىر پىكىر - ئۈمىدىم شۇكى، ئۇشبۇ تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن نىجاتلىق تاپارمەن؟!

① نېك — ياخشى، گۈزەل.

www.uyghurkitap.com



— ئۇ قانداق تەدبىر؟ — دېدىم مەن، — بايان قىلغىن! ‹قىز دېدىكى:

— بۇ شەھەردىكى كاتتا بۇتخانىنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغانىدىم.

— قاچانكى، بىرەر ئۇلۇغ كىشىنىڭ تەلىيى پەلەك گەردىشىدىن تەتۈر كېلىپ تەلەپ نۇرىنى تاپالماي قالسا، ئۇ بۇتخانىغا بېرىپ ئىچكە كىرگەي؛ تاشقىرىقى ئۆيدە بىر قارا پالاس باردۇر. شۇ جايدا ئۇ پالاسنى بېشىغا ئارتىپ ئۈچ كۈنگىچە ئولتۇرغاي؛ بۇتخانىغا نۇرغۇن ئادەم زىيارەتكە كېلىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى، كۈمۈش - دىنارلىرىدىن سەدىقە تەرىقىسى بىلەن شۇ يەردە ئولتۇرغۇچىنىڭ ئالدىدا قويىدۇ. تۆتىنچى كۈنى بەرەھمەن①لەر كېلىپ، بۇتخانىنىڭ نازارەتچىسىدىن كىيىملەرنى ئېلىپ، شۇ يەرگە كەلتۈرۈپ، ئۇ كىشىنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. كۆڭلۈمگە شۇ پىكىر كەچتىكى، سەن ھەم بېرىپ مەزكۇر قائىدە بويىچە شۇ يەردە ئولتۇرغايسەن. ئاندىن كېيىن ساڭا ئۆزلىرى ئېيتىپ يولغا سالماقچى بولىدۇ. سەن ھەرگىز قوپمىغىن. يىغىلغان ماللارنى قوبۇل قىلماي:

«ماڭا مال كېرەك ئەمەس. مەن بەرەھمەنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ دەرگاھىدىن ئەرز - دادىمنى تىلەيمەن. ئىشىنىمەنكى، دادىمغا يەتكەي! ئەرزىمنى راۋا قىلغاي! ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇشبۇ ئۆيدە قۇربان ھېيتى كەلگۈچە ئولتۇرىمەن. تا قۇربان ھېيت كۈنى ئۆزۈمنى قۇربان قىلىپ، دادىمنى ھەزرىتى ئىيسا رۇھۇللاھتىن تىلەيمەن. ئۇ بۇزرۇك دەردىمنى ئۇ زالىمدىن ئېلىپ بەرگەي!» دېگەيسەن. بەرەھمەنلەرنىڭ ئانىسى ئىككى يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆرگەن (ئىككى يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن) قېرى ئايالدۇر. ئۇ قەدىمنى ھەرگىزمۇ بۇتخانىدىن تاشقىرى قويۇپ باقمىغان. يىگىرمە پەرزەنتى بار. بارلىق بەرەھمەنلەر، بەرەھمەنزادىلەر ۋە ئەھلى پەرەڭلەر ئۇنى دوست تۇتۇپ ئۇلۇغلايدۇ. ئالاھازەل، پادىشاھلار، پەرمان قىلغۇچىلار، جۈملىدىن پەرەڭ مەملىكىتى ئۇنىڭ پەرمانىدا مەھكۇمدۇر. ئۇ قېشىڭغا كېلىپ سېنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ چاغدا قولۇڭنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ:

«ئەي مەرد پادىشاھ، مەن زۇلۇم چەككۈچىنىڭ دەردىنى زالىمدىن ئېلىپ بەرمىسەڭ بۇتى بۇزرۇكقا زارلىنىپ ئىلتىجا قىلىمەن. ئۇ ھالدا مېنى ساڭا ھاۋالە قىلىدۇ» دېگىن. ۋاقتىكى، ئەھۋالىڭنى سورىسا: «مەن ئەجەم مەملىكىتىدىن كەلگەن قۇلۇڭدۇرمەن. ئۆزۈم بىر ساياھەتچى. سېنىڭ ئادالىتىڭنىڭ داڭقىنى، بۇتخاناڭنىڭ كاتتىلىقىنى ئاڭلاپ ئايرىلىق تارتىپ، شۇنچە يىراقتىن كەلگەنىدىم. ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر خوتۇنۇم بار ئىدى. ئۇ كۈنى دەريادىن چىقىپ بەندەرگە كەلگەنىدۇق. شاھى بەندەر خوتۇنۇمنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، زور تەئەددى بىلەن مېنىڭدىن تارتىۋالدى. بىزنىڭ قائىدىمىز شۇكى، ھەرقاچان بىرەر نامەھرەم خوتۇنىمىزنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشىمىز لازىمدۇر. يەنى قېنىنى تۆككۈشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا ئاندىن بىزگە ھالال بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئىشتىن قولۇمنى يىغسام، پۈتكۈل ھاياتلىقىمدا يالغۇز ئۆتمىكىم شەرتتۇر. چۈنكى باشقا خوتۇنىمۇ ئوخشاشلا ھارام ھېسابلىنىدۇ، دېگەيسەن. پەرەڭ بەرەھمەنلىرى بۇنداق ئىشلارغا تولىمۇ جىددىي قارايدۇ. قالدىسىنى خۇدانىڭ كەرىمى قانداق بولسا، شۇنداق كۆرەرمىز» دەپ تەدبىر ئۆگەتتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇ مۇقەددىمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ كۈمۈش بەدەن بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇنى خۇداغا ھاۋالە قىلىپ، بۇتخانىغا راۋان بولدۇم. سۇبھى يېقىنلاشقاندا شۇ جايغا يېتىپ باردىم. قىزنىڭ دېگىنىدەك، شۇلارنىڭ تەرىقىسى بويىچە ئولتۇردۇم. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نۇرغۇن زەر - زەبۇر، تۈرلۈك لىباسلار يىغىلدىكى، ماڭا ھەدىيە قىلىنغان بۇ نەرسىلەر قىياسىمدىن تاشقىرى ئىدى.

① بەرەھمەن — ئاتەشپەرەسلەر بۇتخانىسىنىڭ روھانىيلىرى.

تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇلار ئۈز قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى ئالدىمدا قويۇپ مېنى قايتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدىم. دېدىمكى:

— ئەيىۋھەنناس، مەن تىلەمچىلىك قىلغىلى كەلمىدىم، بەلكى بۇنى بۇزرۇكنىڭ ۋە بەرەھمەنلەر ئانىسىنىڭ دەرگاھىغا داد ئېيتقىلى كەلدىم.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇ ئاجىزەگە (بەرەھمەنلەرنىڭ ئانىسىغا) ئەھۋالىمنى يەتكۈزگەندى، مېنى ئىچكىرىگە چاقىرتتى. مەن پالاسنى بېشىمغا ئارتىپ بۇتخانىغا كىردىم. كۆردۈمكى، بۇتى بۇزرۇكنىڭ ئىشىكلىرىنى نەپىس جاۋاھىرلار بىلەن بېزەپتۇ. ئالتۇندىن ياسالغان تەختنىڭ تۆۋىگە رەخت ۋە يېشىل پالاسلار سېلىنغان بولۇپ، قارا كىيىم كىيگەن ئۇ موماي خۇشال ۋە خۇش دىل، تامامى ئىستىقبال بىلەن تەختكە يۆلىنىپ ياتاتتى. ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى ئون ئىككى ياشتا، بىرى ئون ياشتا بولۇپ، ئۇلارنى ئوڭ قول - سول قولىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ ئىككىسى موماي بىلەن ئويۇنغا مەشغۇل ئىدى. ئالدىغا بېرىپ تەختنىڭ پۇتىنى بوسە قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇ دانانىڭ تەلىمى بويىچە دادىمنى ئېيتتىم. ۋاقتىكى، مېنىڭ ئەرزىمنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئەجەمىي، سىزلەرنىڭ ئاراڭلاردا راستىنلا شۇنداق قائىدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دېدىم مەن.

— ناھايىتى ياخشى قائىدەڭلەر بار ئىكەن، — دېدى موماي، — مەن ھازىرلا پەرمان قىلاي، تا شاھى بەندەرنى خوتۇنىڭىز بىلەن ھازىر قىلسۇن، بۇ زالىم، نومۇسسىز، يەنى شاھى بەندەرگە تەنبىھ قىلغايمەن. تا ئۆزگىلەر ئىبرەت ئالغاي ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىش قىلىشنى ئۆزلىرىگە پايدىسىز دەپ بىلگەي!

موماي يەنە سورىدى:

— شاھى بەندەر كىمدۇر؟

بەرەھمەنلەر دېيىشلەركى:

— پالانى كىشىدۇر.

ۋاقتىكى، موماي ئۇنىڭ نام - ئەمىلىنى ئاڭلاپ پەرىشان بولۇپ: «ئەجەبكى، ئۇ شۇ دەرىجىگە يېتىپتىمۇ؟ — دەپ، ئوغۇللىرىغا دېدىكى:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، ئۇشبۇ سائەتتە شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يۈزلىنىڭلار ۋە: «ئەي غاپىل ۋە جاھىل، بەرەھمەنلەرنىڭ ئانىسى ئېيتىدۇكى، بۇتى بۇزرۇكتىن مۇنداق ھۆكۈم بولدى: پالانى كىشى زالىم ئىكەن. سەن ئۇنىڭغا بەندەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرگەنىكەنسەن. ئۇ دەرۋىشلەرگە زۇلۇم قىپتۇ. شۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى ئەجەملىك ئىكەن. سەن شاھى بەندەرنىڭ قەتلىگە پەرمان چۈشۈرۈپ قولىمىزغا بەرگەيسەن ۋە ئۇنىڭ تامام مۈلكىنى شۇبۇ كىشىگە بەخش ئەتكەيسەن ۋە ئۇنى ئۆزۈڭدىن رازى قىلغايسەن. ئۇنداق بولمىسا، بۇ كېچە تاش بوران قىلىمەن، دېدى» دەپ ئېيتىڭلار.

بەس، ئۇ ئىككى ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇتخانىدىن چىقىپ ئاتلىرىغا مىندى. بەرەھمەنلەردىن نەچچىسى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ناقۇس (قوڭغۇراق) ۋە دۇمباقلىرىنى چېلىپ، جار سالغىنىچە شەھەرگە كىرىپ كەلدى. پەرەڭ خەلقى بۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى چۈشكەن تۇپراقنى تەۋەررۈك بىلىپ، قوللىرىغا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يەتكەندە خەۋەر بېرىشتى. پادىشاھ بۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا يۈگۈردى، ئۇ ئىككىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. ئولتۇرغۇزۇپ:

— قەدەم رەنجى قىلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. بۇلار بەرھەمەنلەر ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بايان قىلدى.

پادىشاھ بىر پەس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ:

— بېرىپ شاھى بەندەرنى كەلتۈرۈڭلار! بۇ كىشىنىڭ باراۋىرىدە تۇرغۇزۇپ، بۇ مۇقەددىمىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ ئاندىن سورىغايمەن! — دەپ پەرمان قىلدى.

مەن ھەم ئىككىلىنىپ: «پادىشاھى بەندەرگە نېمە دەرمەن؟» دەپ كۆڭلۈمدە خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىغا نالە قىلدىم. ئەھۋالىم باشقىچە بولدى. بۇ ئىككى ئوغۇل مېنىڭ بۇ قاتارلىق تاقەتسىزلەنگەنلىكىمنى كۆرۈپ، بۇ ھۆكۈمنىڭ مېنىڭ خاھىشىمغا مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى پەم قىلىپ، قولىنى ئېتىكىگە ئۇرۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي پادىشاھ، دۇنيانىڭ دۆلىتى دىمىغىڭنى ئۆزگىچە قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ بۇتى بۇزرۇكنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىپ، ئانىمىزنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلىۋاتىسەن. تېخى ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە ئۆزۈڭ يەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئەقلىڭگە نۇقسان ئۇندۇرمە بولۇپتۇ. بۇتى بۇزرۇكنىڭ ئوتلۇق غەزىپىدىن ئېھتىيات قىلمامسەن؟ — دەپ تاشقىرى چىقىشقا ئىرادە قىلدى. پادىشاھ جىددىيلىشىپ ئىلتىماسلار قىلىپ، بۇلارنى قايتۇرۇپ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغۇزدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئەمىر ۋە مەھرەملىرىمۇ پادىشاھقا مەسلىھەت قىلىپ، شاھى بەندەرنىڭ تۆھمەتخورلۇقىنى جەزملەشتۈرۈپ: «ئۇ مەككارنىڭ بەتقىلىقلىقى، زالىملىقى ئېيتقاندىنمۇ زىيادىدۇر. ئۇنىڭ شەرھىنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولماس. بەرھەمەنلەر ئانىسىنىڭ سۆزلىرى راستتۇر، بۇتى بۇزرۇكنىڭ ھۆكمى ھەقتۇر. ئۇ شاھى بەندەر ئۆلۈمگە لايىقتۇر!» دەپ ئەرز قىلىشتى.

پادىشاھ ئۇ جامائەتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، بايا ئېيتقان ئىككى كەلىمە سۆزىگە پۇشايمان قىلدى. پادىشاھى بەندەرنى قەتل قىلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ماڭا بېرىپ، پۇل - ماللىرىنى، مەنسىپىنى ھەم ئىنئام تەرىقىسىدە مۇقەررەر قىلىپ ماڭا ئاتا قىلدى.

بىز بەرھەمەنلەر ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئەرزىمىزنى سۇنۇپ ئاندىن خۇشاللىق بىلەن ياندۇق. ئەرزنامىنى بەرھەمەنلەر ئانىسى ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا مۇنداق پۈتۈلگەنىدى.

«پەرمان بويىچە شاھى بەندەرنىڭ قەتلىنى ۋە مال - مۈلكىنى بۇ سودىگەر كىشىگە مۇقەررەر قىلدىم. بەندەرنىڭ شاھلىقىنى ھەم ئۇنىڭغا تەسلىم ئەيلەپ، ئۆزىگە ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويدۇم.»

بەرھەمەنلەرنىڭ ئانىسى خۇشال بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ناغرىلىرىنى چېلىشقا پەرمان قىلدى. شۇ سائەتتىلا سىپاھلاردىن ئون بەش كىشى قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇتخانا ئىشكىدە ھازىر بولدى. بەرھەمەنلەرنىڭ ئانىسى بۇلارنىڭ سەردارىنى چاقىرىپ:

«بەندەرگە بېرىپ بۇ كىشىگە شاھى بەندەرنى تۇتۇپ بېرىڭلار. تا خالىغان سائەتتە ئۆلتۈرسۇن. مال - مۈلكىنىڭ مۇھاپىزىتىنى ئوبدان قىلىڭلار، ھېچ نەرسىسى ئارىدا زايە بولمىسۇن! ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزگىلەر داخىل بولمىغاي، ئەگەر بىئىجازەت كىرگۈچىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ خۇنى ئۆزىگە بولغاي!» دەپ پەرمان قىلدى.

بىز زېمىن بوسە قىلغاندىن كېيىن بەندەرگە راۋان بولدۇق. ئۇلۇغلاردىن بىر يىگىت ئىلگىرى

بىرىپ شاھى بەندەرگە بۇ ھەرىكەتتىن خەۋەر بەردى. ئاندىن كېيىن مەن بىرىپ تىغنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا يۈگۈردۈم. شۇئان بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ تاشلىدىم. ھەممە مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ھەرەم ئىچىگە كىردىم. ئۇ يەردىن ئۇ سەرۋى بوستانىنىڭ ئارامىنى تاپتىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىكەن. ھەممىنى ئىلكىمگە ئالدىم. ئاندىن بىركۈنى مەجلىس تۈزۈپ شاھى بەندەرنىڭ مۇلازىملىرىغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئىنئام ۋە ئىكرام قىلدىم. ھەربىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنسەپ جايىغا ئولتۇرغۇزدۇم. غۇلاملارنى ۋە خاس خىزمەتچىلەرنى ھەم ئەتىۋارلاپ، ھەممىسىنى مىقدار ـ دەرىجىسى بويىچە ئۆزۈمدىن خۇرسەن قىلدىم. بەرەھمەنلەر ئانىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىلى كەلگەن جامائەتنىڭ ھەربىرىنىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۆزگە مال ـ ماتالار بىلەن لايىقىدا تارتۇقلىدىم. نۇرغۇن نەپىس مال ـ ماتالار ۋە ھەر تۈردىكى قىممەت باھالىق جاۋاھىرلارنى پادىشاھ، ۋەزىر، بۇتخانىنىڭ خادىملىرى ۋە بەرەھمەنلەر ئانىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتىم.

يەنە بىركۈنى بۇتخانىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. شۇئان نەزىرىمدىن ئۆتكەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئالدىغا قويۇپ:

«پادىشاھى بەندەر پادىشاھىمىزنىڭ دۆلىتىنىڭ زاۋالىغا سەۋەب بولىدىغان كۆپلــگەن ناچار قائىدىلەرنى پەيدا قىلغانىكەن. مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن ئىشلار ئىزىغا چۈشتى» دەپ ياخشى سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن پادىشاھ، ئەمىرلەر ۋە سودىگەرلەرنى ئۆزۈمگە دوست قىلىۋالدىم. ئىش ـ ئەمەللىرىم پادىشاھقا يېقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ماڭا ئات ۋە تون ـ سەرپاي ئىنئام قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەھەردە تىنچ ۋە خاتىرجەملىك تېپىپ، ئۇ شەرەپ ئاسمىنىنىڭ مېھرى بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ۋىسال قۇچىقىدا بىگانە دەۋران سۈرۈپ، تەڭرىتائالانىڭ ئىبادەت ۋە تائىتىگە مەشغۇل بولۇپ، ھەركۈنى شاھ ـ سىپاھلارغا لايىق خىزمەت قىلاتتىم. قىلغان ئىشلىرىم پادىشاھقا مەقبۇل بولغاچقا، ماڭا بولغان مېھرىبانلىقى زىيادىلىشىپ، تا ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتىم. پادىشاھ ھەرقانداق ئىشتا مەن بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارمايتتى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، خۇدا داناۋۇركى، يەنىلا كۆڭلۈمدە:

«ئاكىلىرىمنىڭ بېشىغا قانداق ئەھۋاللار كەلگەندۇر؟» دېگەن تەشۋىش بار ئىدى. ئەمما ئۈچ يىلدىن كېيىن دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا سودىگەرلەرنىڭ كارۋانلىرى جەم بولۇشۇپ ۋەزىرى ئاباد شەھىرىگە كەلدى. كارۋاننىڭ مەقسىتى دەريا بويى بىلەن ئەجەم مەملىكىتىگە بېرىش ئىدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، قائىدە بويىچە بەندەرگە كەلگەن كارۋاننىڭ سەركارلىرى (ئىش بېشى، نازارەتچى) تۆھپە كەلتۈرۈپ مېنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلاتتى. مەن ئۇلارغا مېھمان بولۇپ، مال ـ مۈلكنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مىڭىشقا رۇخسەت بېرەتتىم. شۇ تەرىقىدە كېتىۋېتىپ بىركۈنى توساتتىن يول ئۈستىدە ئاكىلىرىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار كىراكەشلەرنىڭ ئورنىدا دۈمبىلىرىگە يۈك ئارتىــپ غۇلاملاردىن زىيادىرەك ھالەتتە كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىھىممەتلەرنى كۆرۈپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىم دەپسەندە بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە:

«سەن دۆلەت ۋە نېمەت ئۈستىدە يۈرىيسەن. بۇرادەرلىرىڭ بولسا، مېھنەت ۋە زەخمەت ئۈستىدە يۈرۈپتۇ. بۇ مۇرۇۋۋەتتىن يىراقتۇر» دەپ، سودىگەرلەر قايتقان ۋاقتىتا بىر باھانە بىلەن ئۇلارنىڭ جايىغا بىرىپ، كىراكەشلەردىن سوراپ تېپىپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلدىم. ھەربىرىنــى ئۆزۈمگە بەندەر شاھلىقىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن مۇناسىپراق بىلىپ مەنسەپكە ئولتۇرغۇزدۇم. بەزىدە تېخى ئۇلارنىڭ ئورۇن

www.uyghurkitap.com

- مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش خىيالىدا بولاتتىم. ئەمما بۇ بەتنىيەتلەر يەنىلا ئامەت - مەرتىۋىلىرىگە قانائەت قىلماي، ھاياسىزلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە يۈرۈپتۇ. مەن ھەم پەملەپ ئېھتىيات قىلىپ يۈردۈم.

ناگاھ، بىركۈنى ئوغرىلار كەبى شەمشەرلىرىنى ئېلىپ بېشىمغا كەلدى. بۇ ئىت — بەخت ئىگىسى ۋە ۋاپادار بۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ قاۋىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەن پاسىبانلار ھەر تەرەپتىن قورشاپ بۇلارنى تۇتۇپ قېشىمغا ئېلىپ كەلدى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇلارنىڭ بۇ قاتارلىق پەسكەشلىكىدىن تاقىتىم قالمىدى. ئەمما قىساس ئېلىشقا ھەم رايىم بارمىدى. ئاخىر كۆڭلۈم بۇلارنى بەند قىلماققا قارار تاپتى. ئالاھازەل، مەندىن يىراق ھەم بولمىغاي، يېقىن ھەم بولمىغاي، تاكى نەزىرىمدە — كۆز ئالدىمدا تۇرغاي دەپ قەپەسكە سالدىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بۇلارنىڭ خارلىنىشى ۋە ئازاب چېكىشى؛ ئىتنىڭ بولسا، قەدىرلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بېيىت:

ئۆلتۈرۈرسەن يا گۇناھىمدىن ئۆتەرسەن بەندە مەن،
بەندەغە قۇدرەت ئەمەسدۇر، ھەرنە قىلساڭ ئىختىيار.

ئەي دەرۋىشلەر، ئۇ مۇرۇۋۋەت ئىگىسى مەردۇ مەردانىگە — ئۇ يىگىتنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئاندىن ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويغان، ۋەزنى يەتمىش مىسقالدىن كېلىدىغان ئۇ ئۇن ئىككى تال گۆھەرنى قانداق تاپقانلىقىنى ۋە نەدىن ئالغانلىقىنى سورىدىم.

ئۇ دېدىكى:

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، شاھى بەندەردە بولغان كۈنلىرىمدە دەرۋازىنىڭ تۆپىسىگە بىر ئېگىز قەسىر بىنا قىلدۇرغانىدىم. بىركۈنى سەھرا ۋە دەريانىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ شۇ قەسىردە ئولتۇراتتىم. ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ، تۇساتتىن ئىككى كىشىنىڭ يىراقتا — ئادەم ئاياغ باسمىغان باياۋاندا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دۇربۇننى كۆزۈمگە توغرىلاپ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، بۇلارنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن قاراۋۇللارنى ئەۋەتتىم. ۋاقتىكى، ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن كۆردۈمكى: بىر ئايال بىلەن بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى. رەڭگى - رۇخسارى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن؛ چاچلىرى چۇۋۇلغان؛ تىرناقلىرى قۇشنىڭ تىرنىقىدەك ئۆسكەن؛ چاپاننىڭ يەڭلىرى بىلەن بېشىنى ئورىۋالغان؛ بويىنىغا بىرنەچچە كاسا(كومزەك) ئېسىۋالغان؛ ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بىر ئوغۇلنى گەدىنىگە مىندۈرۈپ، بېلىنى باغلىۋالغانىدى.

بۇ ئەھۋاللاردىن زىيادە ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— ئەي ئادەم، قايسى شەھەردىن بولىسەن؟ مۇنداق سۈرەت ۋە شەكىلنى ھەرگىز كۆرگەن ۋە ئىشىتكەن ئەمەسمەن!؟

ئۇ يىگىت كۆز يېشىنى تۆكۈپ، ئىڭىكىمگە ئېسىلىپ:

— تائام!... — تائام!... — دېدى.

دەرھال ئىشارەت قىلدىم. مۇلازىملار داستىخاننى راسلاپ شەربەت، تائام كەلتۈردى. دىلدارلىق قىلىپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدىم. يىگىت تائام ۋە شارابتىن ئازراق يەپ بىھوش بولدى. شۇ ھالدا خىزمەتكارلارغا بۇ ئىككى كىشىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىشنى تاپىلدىم.

ۋاقتىكى، مۇلازىملار ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىنى ئاختۇرۇپ، كوزىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۈرلۈك

جاۋاھىرلارنى يەرگە تۆكتى. ئۇلارنىڭ ھەردانىسى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىغا تەڭ كېلەتتى. ھەيران قالدىمكى، ھەممىسى بىر - بىرىدىن نەپىس، چىرايلىق ۋە ئۆزگىچە ئىدى.

ئۇ يىگىت ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— ئەزىبىرايى خۇدا، بايان قىلغىن! بۇلارنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭلار؟ قارۇننىڭ خەزىنىسىنى تېپىۋالدىڭلارمۇ — يا؟ — دېدىم.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى يىگىت، — لېكىن ھېكايىتىم كۆپ ۋە ئاجايىپتۇر. ئۆزۈم ئەزەربەيجانلىق.

## سودىگەر بەچچىنىڭ سەگپەرەسكە ئېيتىپ بەرگەن سەرگۈزەشتىنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، مېنىڭ ئەسلىم ئەزەربەيجانلىقتۇر. كىچىك ۋاقتىمدا يار - دىيارىمدىن ئايرىلىپ، نەچچە مۇددەت تىرىك تۇرۇپ گۆردە ۋەتەن تۇتتۇم. نەچچە مەرتىۋە ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، شۇبۇ ھال بىلەن دۇنيا ۋە جەھەننەمدىن قېچىپ، بالا تىلسىمىنى شىكەستە قىلىپ ۋە ئۇنىڭ سىرتماقلىرىنى ئۈزۈپ يۇردۇم.

— نېمە كۆردۇڭ ۋە نېمە ئىشتىڭ، مۇپەسسەل بايان قىلغىن، — دېدىم. دېدىكى:

— ئاتام سودىگەر ئىدى. كۆپ دۇنياسى بار ئىدى. دۇنيا ئۈچۈن سەپەر قىلاتتى. گاھى سۇدا، گاھى ئوتتا يۇرەتتى. مەندىن ئۆزگە پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇڭا ھىممىتىنى مېنىڭ تەربىيىتىمگە باغلىدى.

ۋاقتىكى، ئون ئالتە ياشقا يەتتىم. سەپەر ھىندىستان تەرىپىگە ئىرادە قىلدى. ئاتام مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئانام ۋە دوستلىرى يىغىش - يىغىشلاپ: «تېخى كىچىك، ھازىر بۇ بالىنىڭ سەپەر ۋاقتى ئەمەس!» دېسىمۇ، ئاتام:

«ئەجىلىم يەتسە ئۇنىڭ دىدارىنى بىر مەرتىۋە بولسىمۇ كۆرۈۋالارمەن ياكى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ قالارمەن. ئەگەر ئۆمرۈم باقىيلىققا يېقىنلاشقان بولسا، ئۆزى بېشىمدا تۇرغاي!» دەپ تۇرۇۋالدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، ۋاقتىكى، ئۇ سەپەردە ھىندىستانغا باردۇق. نەچچە مۇددەت شۇ يەردە يۇرۇپ سودا - سېتىق بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ۋەزىر ئاباد شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇشۇش ئېغىزى ئىدى. بىرمۇنچە مال - ماتالارنى ئېلىپ ۋەزىر ئابادقا باردۇق. ئۇ يەردە ھەم سودا - سېتىق قىلدۇق. ئاندىن پەرەڭ تەرەپكە ئىرادە قىلىپ دەرياغا كىردۇق. ئاندىن كېيىن سۇ ئىچىدە يۇرۇپ بىر ئاي بولغاندا، توساتتىن قارشى شامال چىقىپ، قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى. كۈچلۈك سۇ دولقۇنىدا كېمىچىلەر كېمىنىڭ تىزگىن ئىختىيارىنى قولدىن بېرىپ قويىدى. ئون كېچە ۋە كۈندۈز سۇ يۈزىدە يۈز ئىزتىراب بىلەن ھەر تەرەپكە ئېقىپ يۇردۇق، قىلچە ئاراملىق بولمىدى. تاكى كېمە بىرتاغقا تېگىپ پاچاقلىنىپ، مال ۋە ماتالار بىلەن سۇغا — ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق بولدۇق. ئاتامنىڭ، يارۇبۇرادەرلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۆزۈم بىر تاختىپارىگە چىقىپ قالدىم. كۆڭلۈمنى تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا باغلاپ، زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن جېنىم ھەلقۇمۇمغا يەتكەن ھالەتتە، مىڭ بىر جاپا بىلەن ئۆزۈمنى قىرغاققا ئېلىپ، قۇرۇق يەرگە چىقىپ بىھوش بولدۇم. يەنە ھوشۇمغا كېلىپ يىراقتىن زىرائەت ئېتىزلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى شۇ يەرگە يەتكۈزدۇم ھەمدە يالىڭاچ، ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن بەدەنلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ھالى خاراب جامائەتنى كۆردۈم. ئېتىزدىكى زىرائەتلەر نوقۇت ئىكەن. ئۇ جامائەت ئوت قالاپ خام نوقۇتنى پىشۇرۇپ يەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ غىزاسى پۈتۈنلەي نوقۇت ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىكى، مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ: «سەن ھەم نوقۇت تېرىپ پىشۇرۇپ يېگىن» دەپ ئىشارەت قىلدى. مەن ھەم بىر ئۇچۇم نوقۇتنى پىشۇرۇپ يەپ، بىر بۇرجەكتە ئۇخلاپ قالدىم.

ۋاقتىكى، ئويغاندىم. ئۇلار بىلمەكچى بولۇپ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى بولغاي، مەن بۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمىدىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ تىلىمنى چۈشەنمىدى. ئۇ كېچە شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتتۇردۇم. كۈندۈزى بىر ئۇچۇم نوقۇتنى ئېلىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. «بىرەر ئاۋات يەرگە يېتىۋالسام ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئۈمىدتە بىركېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر باياۋانغا كېلىپ قالدىم. ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن دەشت مەھشەردەك كۆيەتتى، خىيال قۇشۇم قانات - قۇيرۇقىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەرتەرەپكە ئۇچاتتى. تەشنالىق زەنپىلكىدە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ ۋادىدىن چىقالمىدىم. ئۇ دەشت - باياۋاندا قۇمدىن ئۆزگە نەرسە يوق ئىدى. مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەت بىلەن كۆيۈپ - پىشىپ، تەشنا بولۇپ، جېنىمنى قولۇمغا ئېلىپ، مېھنەت بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇ بىر ئۇچۇم نوقۇت بىلەن نەپسىمنى ئالداپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈردۈم. تا تۆتىنچى كۈنى يىراقتىن پەلەككە تۇتاشقۇدەك ئېگىز بىر قەلئەگە كۆزۈم چۈشتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن يېقىنلاپ بېرىپ كۆردۈمكى: ئۇنىڭ ئەتراپى تەخمىنەن تۆت پەرسەڭ كېلەتتى، ئېگىزلىكى پەلەككە تاقىشاتتى. پۈتۈنلەي تاشتىن ياسالغانىدى. ھەرقانچە ئايلىنىپمۇ بىر دەرۋازىدىن بۆلەك يوچۇق كۆرمىدىم. ئۇ دەرۋازا بىر تال تاش لىم ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۈچ دانە قۇلۇپ بىلەن بەند قىلىنغانىدى. ھەربىر قۇلۇپنىڭ چوڭلۇقى ئات، ئۇي، تۆگىنىڭ بېشىدەك كېلەتتى. ئۇ يەردىن مەيۈسلىنىپ قايتىپ ئېگىز بىر جايغا يەتتىم. تۇپرىقى سۆرمە - سىياھدەك قارا ئىدى. ئۇنىڭ تۆپىسىگە چىقىشىم بىلەن تەڭ ھەسرەت تەرىقىگە مۇپتىلا بولدۇم: بىرتەرەپتە بىر شەھەرنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ ئايۋان - پېشايۋانلىرى پەلەك قەسرى بىلەن باراۋەرلىك دەۋاسىنى قىلاتتى. ئۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپى ئاۋات ۋە پاكىز، يەنە بىر تەرىپى ۋەيرانىلىك ئەيىبى بىلەن زىننەت تاپقانىدى. بىرچېتى دەرياغا تۇتىشاتتى. زوق - شوق بىلەن ئۇن چىقارماي دەرۋازىدىن بېشىمنى تىقىپ، قەدەم بېسىپ شەھەرنىڭ ئىچىگە كىردىم - دە، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېدىم.

ناگاھ، پەرەڭلەرنىڭ لىباسى كىيىۋالغان بىردەرۋازىۋەننى كۆردۈمكى، ئۇ بىر سەندەلنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇراتتى. ۋاقتىكى، مېنى ئەھلى ئەجەم لىباسى بىلەن كۆرۈپ، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگىنىمنى ئاڭلاپ قېشىغا چاقىردى. ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. جاۋاب سالىمىمنى پاساھەت تىلى بىلەن ياندۇرۇپ ئەھۋالىمنى سورىدى.

— ئەي مەردى خۇدا، — دېدىم مەن، — بۇ سوئال ۋاقتى ئەمەس، چۈنكى جاۋاب بېرىشكە قۇۋۋىتىم يوقتۇر.

— ئاچمۇسەن؟

— ئاچتۇرمەن.

— ئولتۇرغىن! — دېدى ئۇ.

بەس، ئولتۇردۇم.

شۇئان داستىخان سېلىپ نان، قۇش كاۋىپى ۋە بىر كوزا سۇنى ھازىر قىلىپ:

— خالىغىنىڭچە يېگىن، — دېدى.

ۋاقتىكى، بىرپارچە نان يەپ، سۇنى ئىچىپ كەچكىچە بىخۇد بولۇپ ياتتىم. كېچىدە ھوشۇمغا كەلدىم. ئۇ كىشى تائام تەييارلاپ كەلتۈردى. يەپ بولغاندىن كېيىن مېھرىبان دوستلاردەك ئەھۋالىمنى

سورىدى.

قازا ۋە تەقدىردىن بېشىمغا تۆرلۈك ئىشلار كەلگەنىدى: دەريا مۇشەققىتى، سەھرا مېھنىتى، مال - پۇلنىڭ قىسلىقى، ئاچلىق زەخمىتى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدىم. ئۇ كىشى:

— ئەمدى ئىرادەڭ قانداق بولسا، شۇنداق قىلغىن، — دېدى.

— ھاياتلا بولسام بۇ شەھەردە نەچچە كۈن تۇرىمەن، چۈنكى دەرياغا كىرىشكە (دەريا سەپىرىگە) غەيرەت - تاقىتىم يوق؛ سەھرا مېھنىتىنى ئاخىرىغا يەتكۈزگۈدەك قۇۋۋىتىم يوق. سەپەر ئەسۋابلىرىدىن قان بىلەن تولغان كۆڭلۈم، قاپارغان ئاياغلىرىمدىن بۆلەك ھەمراھىم يوق، — دېدىم. ئۇ تەبەسسۇم ئەيلەپ:

— ئەتىكى غېمىڭنى ئەتە قىلاي! — دېدى.

مەن مېھرىبان بىر كىشىگە ئۇچرىغاندىم. ئۇ كېچىنى ئاسايىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، ئۇ مېھرىبان كىشىگە ئۆزرە ئېيتىپ، شەھەرگە كىرمەكچى بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ كىشى دېدىكى:

— ئەي پەرزەنت، سەن ئەجەم خەلقىدىندۇرسەن. دىنىڭنىڭ ھەققى مېنىڭ گەدىنىمدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلمەنكى، قۇلاق سال:

— ئەي پەرزەنت، بۇ شەھەر سېنىڭ جايىڭ (سەن بارىدىغان جاي) ئەمەستۇر. تا بالا تۇزىقىغا چۈشمەي دېسەڭ بېشىڭنى ئېلىپ كەتكەيسەن. بۇ شەھەرگە داخىل بولما، ئەگەر ئىش - ئوقەت ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى بولساڭ، بۈگۈنچە سەۋر قىلغىن! ھۇجرىدا بىر كەتمەن، بىر غەلۋىر، بىر توۋرا بار، دەرھال ئۇنى ئېلىپ چىققىن، نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى مەن ئېيتىپ بېرىمەن.

«ئەي - ۋاي! — دېدىم ئىچىمدە، — تازا بىر ئادەمنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەن ئوخشايمەن، ئاخشام يېگەن نانىنىڭ بەدىلىگە بۈگۈن ئىش بۇيرۇيدىغان بولدى.»

ئىلاجىنى تاپالماي ئىچكىرى كىرىپ بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتىم.

— ئاۋۇ تەرەپتىكى يىراقتىن چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز تۆپىلىكنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭدىن تونۇگۈن ئۆتكەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بارغىن! — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئەتراپىدىن يۈز قەدەم يۇقىرى چىقىپ، تۇپراقنى چېپىپ بىرگەز كولىغاندىن كېيىن ھەر خىل نەرسىلەر چىقىدۇ. ئېلىپ غەلۋىرگە تاشلىغىن. تاسقىغاندىن كېيىن غەلۋىردە قالغان نەرسىنى توۋرىغا سال. توۋرا تولغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگىن. نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى شۇ چاغدا ئېيتىپ بېرىمەن!

ئۇ كىشىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىدىن بىخەۋەر ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئۇ تۇپراقتىن نۇرغۇن جاۋاھىر زاھىر بولدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىم خىرەلەشتى. قىسقىغىنا ۋاقىتتىلا توۋرىنى توشقۇزدۇم. بىرنەچچە ئۇششاق دانىلەرنى پىنھان قىلىپ، توۋرىنى مۇرەمگە ئارتىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم.

ئۇ كىشى نان بىلەن ئازراق مېۋە بېرىپ:

— ئەي پەرزەنت، جاۋاھىرلاردىن نېمىنى تاپقان بولساڭ ھەممىسى سېنىڭدۇر. شۇبۇ ئۇزۇۋق - تۈلۈكنى ئال. تېز بول، بېشىڭنى ئېلىپ كەتكىن! تا ھېچكىم سېنى كۆرمىسۇن. ئۆزۈڭنى باشقا بىر جايغا يەتكۈزگىن، جېنىڭنى بالادىن خالاس قىل! — دېدى.

— ئەي ئاتا، بۇنىڭدىن يۈز ھەسسە زىيادە جاۋاھىرىم بولسىمۇ نېمە پايدىسى؟ خۇنخور باياۋاندا ئاچ - زار، تەشنالىقتا تەنھا يۈرۈپ نەگە بارىمەن؟ شۇ ھالدا جېنىمنىمۇ ساقلىيالمايدىغان تۇرسام؛ بۇ

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ئېلىپ نېمە قىلىمەن؟! — دېدىم. بېيىت:

شۇبۇ دەشتۇ بەيابانلار ئىچىندە،
ياغقان يامغۇر بەسى خوبدۇر كۇمۇشتىن.

ئۇ كىشى دېدىكى:

— ئەي جاھىل يىگىت، ساڭا قىلغان شۇنچە گەپنى مەن بىلمەستىن دېگىنىم يوق. ئەگەر شەھەر ئىچىگە كىرسەڭ كېيىن قاچقىلى يول تاپالمايسەن. ناۋادا كىرىمەن دېسەڭ بۇ ئۈزۈكۈمنى ئېلىۋالغىن! شەھەرنىڭ بازىرىغا يەتكەندە مەن بىلەن باراۋەر ھۆرمەتتە بىر ئاقساقال كىشىنى كۆرىسەن. ئۇ مېنىڭ بۇرادىرىم ھەم سودىگەرلەرنىڭ كاتتىسىدۇر. بۇ ئەڭگۈشتىرىمنى ئۇنىڭغا بەرگىن. سېنىڭ ئاسايىشلىقىڭنىڭ يولىنى قىلسا ئەجەب ئەمەس! چۈنكى بۇ شەھەردە ساڭا ئۇنىڭدىن بۆلەك دوست يوق. مۇبادا سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالساڭ، ئۇ كىشى ھەرنېمە دېسە قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، ئۈزۈكنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرغىن!

مەنمۇ قوبۇل قىلدىم. ئۈزۈكنى ئېلىپ، دۇئا قىلىپ شەھەرگە كىردىم. قارىغۇدەك بولسام بۇ ئاجايىب بىر شەھەر ئىكەنكى، شۇنداق پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى. ئەر - ئاياللار بازارلاردا - دۇكانلاردا بىللە ئولتۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر كوزىدىن شاراب ئېلىپ، خوتۇنلىرى قوپۇپ ئەرلىرىگە تۇتۇپ، ئۆزلىرى ھەم ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەركەكلەر ئەركەكلەر بىلەن، خوتۇنلار خوتۇنلار بىلەن ئېلىم - سېتىم قىلىشىۋاتاتتى.

ۋاقتىكى، مەن بازارغا داخىل بولدۇم. كىشىلەر ماڭا بىر - بىرلەپ قارىشاتتى. چاسىنىڭ (دوقمۇشنىڭ) ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆتكىلى يول تاپالماي بىر چەتتە تۇردۇم. كۈن چۈش بولغاندا كىشىلەر شالاڭلاشتى. ئاندىن ھېلىقى دەرۋازىۋەن تونۇشتۇرغان ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئاق ساقاللىق كىشى بولۇپ، ئاق ساقىلى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. قىممەت باھا تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھاسىغا تايىنىپ، كاتتا بىر سەندەلدە ئولتۇراتتى. ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. جاۋاب سالام بېرىپ باش - ئايىغىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئەي ئوغۇل، قانداقسىغا بۇ ماكانغا كېلىپ قالدىڭ؟ مەگەر بويىنى سىنۇق ئىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئۆتكەن كېچە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدىم. شەھەرگە كېلىشىمنى مەنئى قىلغانىدى، ئۇنىمىدىم. چۈنكى ھەددىدىن تاشقىرى مۇشەققەت ۋە رىيازەت تارتقانىدىم. ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس. شۇ سەۋەبلىك بۇ ئۈزۈكنى ئىنىلىرى خىزمەتلىرى ئۈچۈن نىشانە قىلىپ بەرگەنىدى، — دەپ ئۈزۈكنى كۆرسەتتىم. ئۈزۈكنى كۆرۈپ بىرەر سائەت مۇلاھىزە قىلدى. بەس، ئاتقا مىنىپ، مېنى ھەمراھ قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆيىنى كۆردۈمكى: گويا بېھىشتەك، ئەسۋاب - ئەشيالىرىمۇ شاھانە، خىزمەتكارلىرىمۇ كۆپ ئىدى. كەچكىچە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. خادىم - خىزمەتكارلىرىدىن مەخپىي مېنىڭ ھال - ئەھۋالىمنى سورىدى. تامام سەرگۈزەشتىلىرىمنى تەپسىلىي بايان قىلدىم، ھالىمغا كۆپ ئېچىندى. دېدىكى:

— ئەي نادان، ئىلگىرىكى ئىشلىرىڭنى بىر تەرەپ قىلىشقۇ ئاسان گەپ، ئەمما بۇ قېتىم ئۆزۈڭنى نېمە ئۈچۈن بۇ تىلىسمغا بەنت قىلدىڭ؟

— ئەي مەردى خۇدا، — دېدىم مەن، — تەڭرىتائالانىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، مېنى بۇ

شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلغىن! سەن ۋە سېنىڭ بۇرادىرىڭ مېنىڭ بۇ شەھەرگە كىرىشىمنى مەنئى قىلدىڭلار. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مەن بىلىۋالاي!

— ئەي پەرزەنت، — دېدى ئۇ، — بىلگىلكى، بۇ شەھەرنىڭ خەلقى كاپىر ۋە شەيتانپەرەستۇرلار. بۇلارنىڭ پادىشاھى مۇشۇ ئەسىرنىڭ پىرئەۋنى (زالىمى) دۇر. ئۇ زىيادە تەكەببۇر ۋە مۇتەئەسسىپتۇر. بۇلارنىڭ قائىدىسى شۇكى، ھەرقاچان بۇ شەھەرگە بىرەر غېرىب كېلىپ قالسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا جاي بەرمەيدۇ. پادىشاھقا ئەرز قىلىپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر بۇتى بولۇپ «شەيتان» ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ جاي تۇتقان. ئۇ سۆزلىيەلەيدۇ، ھەركىمنىڭ نام - نەسەبىنى ئېيتىپ، مەزھەپ ۋە مىللىتىنى پاش قىلىدۇ. نۆۋەتتە يەتسە، ئۇنىڭغا سەجدە قىلماي ئامال يوق. چۈنكى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن شۇ غېرىبنى سەجدە قىلىشقا قىستىشىدۇ. شۇنداق، كىمكى بۇ شەھەرگە كۆزى چۈشۈپ قونۇپ قالسا، پادىشاھتىن بىرۇخسەت بۇ شەھەردىن چىقالمايدۇ. ئۇ گۇمراھ شەيتان قاچىدىغان يوللارنى بەند قىلغاندۇر. قاچانكى بىرەرسى قېچىشقا ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ پەرزەنت تاپىدىغان زەكىرى (ئەرەنلىكى) ئۈزىراپ يەرگە سۆرۈلۈپ قالىدۇ — دە، ھالىدىن كېتىپ قاچالمايدۇ. شۇڭا كىم بولمىسۇن بۇتقا سەجدە قىلىپ ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ.

— ئەي ئەھلى مەرد، بىلمەسلىكتىن ئۆزۈمنى بۇ تۇزاققا گىرىپتار قىلدىم. شۇ تاپتا سېنىڭدىن مەدەت بولغايكى، ھەرنېمە بۇيرۇساڭ جېنىم بىلەن پەرمان تۇتسام. قالدىسىغا قانداق قازا كەلسە شۇنداق رىزا بەرسەم، — دېدىم.

— ئەي پەرزەنت، بىر پىكىر قىلغايمەنكى، — دېدى ئۇ، — رەسۋا بولماي، ئازار تارتماي، ھاياتلا بولساڭ ئۆمرۈڭنى پاراغەتتە ئۆتكۈزگەيسەن!

بۇ سۆزلەردىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ، قوللىرىنى بۇسە قىلىپ تىلىمنى دۇئاغا ئاچتىم.

ئاندىن كېيىن تەپەككۇر قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە دېدىكى:

— ئەي پەرزەنت، ساڭا ياخشى خوتۇندىن بىرنى سايە قىلىمەن.

— ئۇ كىم بولغاي؟ — دېدىم.

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ قىزى. ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىزدۇر، ئۇ ئۇن ئالتە ياشلاردا.

— ئۇ قانداقسىغا قىزىنى بېرىدۇ؟

— بۇ يۇرتنىڭ قائىدە - يوسۇنى شۇنداقتۇركى، — دېدى بوۋاي، — كىمكى مەزكۇر بۇتقا سەجدە قىلسا، شەكسىزكى، پادىشاھىم ئۇنى دوست بىلىپ، بىرەر قىزنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بېرىدۇ. مەنمۇ بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىقتۇرمەن. ئۇلار سېنى كۆرمىگەن ھەم تونۇمايدۇ. ئەتە پادىشاھ، سىپاھ ۋە رەئىيەتلەر بۇتخانىنىڭ زىيارىتىگە بارىدىغان كۈندۇر. ئەڭ ياخشىسى، بىزمۇ بىللە بارايلى. سەن ۋاقتىقا قاراپ دىنىڭنى يوشۇرۇپ، مەسلىھەت بويىچە ئۇلارنى دوراپ زاھىرەن بولسىمۇ ئىككىلەنمەستىن بۇتقا سەجدە قىلغىن. ئاللاتائالا خالىسا، ئىشىڭ مۇددىئايىڭغا يېتىپ خەتەرلەردىن ساقلانغايسەن!

كۆڭلۈمدە: «مۇشۇنداق ھالەتتە ھېچبىر كىشى ماڭا بۇنچىلىك مېھرىبان بولماس!» دېگەنلەرنى ئويلاپ دۇئا قىلدىم.

سۇبھى يېقىنلاشقاندا مېنى ھامامغا ئەۋەتىپ، ھەشەمەتلىك لىباسلارنى كىيدۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئاتلاندى (ئاتقا مىندى). مېنىمۇ ئاتلاندۇردى. بىز بۇتخانا تەرەپكە راۋان بولدۇق. ئۇ بۇتخانا دەريانىڭ قىرغىقىغا بىنا قىلىنغانىكەن. تىل ئۇنىڭ شەرھىدىن ئاجىز ۋە قىسقىلىق قىلىدۇ. شەھەر خەلقى — يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغان بولۇپ،

تامام خۇش كەيىپ ئىدى. قۇياش تەلەت قىزلار، يۇسۇپ سۇپەت ئوغلانلار ھەر تەرەپتە سەپ تارتىپ، ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. نەزم:

ھەمە گۈل رۇخلار سەفا ئىچرە ھۇزۇر،
چەشم بەد ياخشى جەمالدىن يىراق.

بىزمۇ ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ باردۇق. بۇتخانىدا پادىشاھ، ئۇمەرا ۋە بەرەھمەنىنىڭ ئالىي تەبىقىلىرى ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، شەيتانى بۇتنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق تۇتۇپ، تەلىم تەربىيسى بىلەن كۆرۈنۈش تەسلىم قىلىشقانىدى. بۇتقا زاھىــرەن باش قويۇپ، بەرەھمەن پادىشاھىنىڭ قولىنى سۆيدۈم. ئاندىن كېيىن قىزنى تەلەپ قىلىپ ئېتىكىنى تۇتتۇم. پادىشاھ مېنى باشلاپ كەلگەن بوۋايدىن:

— بۇ كىم؟ قەيەردىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— مېنىڭ تۇغقىنىم بولىدۇ. بۇتى بۇزرۇكنىڭ زىيارىتىنى ئۇمىد قىلىپ كەپتىكەن. ئەلھال، ۋەزىرىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قاپتۇ. بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ، پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ قۇللۇقىنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ:

«بۇ خۇسۇستا بۇتى بۇزرۇكنىڭ ئەمرى ئېتىبارلىقراقتۇر!» — دەپ پەرمان قىلغانىدى، شۇئان بىر بەرەھمەن كېلىپ، بىر تال قارا يىپنى گەدىنىمگە سېلىپ، بۇتى بۇزرۇكنىڭ تەختىنىڭ ئايىغىغا ئېلىپ كەلدى. بۇتى بۇزرۇك نەزەر سېلىپ:

— ئەي خوجىزادە، خۇش كەپسەن. بىزنىڭ رەھمىتىمىزدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، خەلقىڭدىن ئايرىلىپ بىزگە يۈز قويۇپسەن!... سەدىقە! سەدىقە بېرىلسۇن! — دېدى.

پادىشاھ شۇئان داقا - دۇمباق چالدۇرۇپ، ماڭا تون كىيدۈرۈپ ۋەزىرنىڭ قىزىنى قوشۇپ قويدى. شۇ كۈنى ناماز شامغىچە بۇتخانىدا بولدۇق. ناماز شام بولغاندا پادىشاھ ئۇ بەرەھمەن بىلەن ۋەزىر ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاتلىنىپ ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە باردۇق. قىزنى جابدۇپ - كىيىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ھازىر قىلىشتى. بىر ھۆر سۈپەتنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئالتۇن جابدۇقلىرىنى تەقلەپ قىزنى ماڭا ئەقدە نىكاھ قىلىپ بەردى پادىشاھ ئاتلىنىپ قايتتى. ئۇ پەرى سۈپەت بىلەن خىلۋەتتە بولۇپ ۋىسالىغا يەتتىم. ئەتىسى پادىشاھىنىڭ تەزىمىگە بېرىپ، شاھ دەرگاھىغا داخىل بولدۇم. ئۇ قىزدا ئالەمنىڭ گۆھەر خەزىنىسى بار ئىدى، ھېچبىر مۇھتاجلىقىم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ پادىشاھ ماڭا نۇرغۇن ئىنئاملار قىلدى.

ئەلقىسسە، بىر يېرىم يىل ئۇ گۈزەل بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم، تا قىز ھامىلدار بولدى. تۇغىدىغان كۈنى رەنج - مۇشەققەت تارتىپ كۆپ ئازابلاندى. مەنمۇ يىغلىدىم. قازاسى يەتكەنىكەن، شۇ تەرىقىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەرد تارتىپ تۇغالماي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پىراقىدا ياقامنى يىرتىپ، بېشىدا ئولتۇرۇپ توختىماي كۆز يېشى قىلدىم. ناگاھ، ھەرتەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ، بىر توپ ئادەم ئىشكنى تېپىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيگە كىرگەنلەرنىڭ ھەربىرى بېشىمغا بىرنى ئۇرۇپ ئاندىن ئولتۇراتتى. مەن بولسام ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئولتۇرىۋەردىم. ئەمما بۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈشكە ئازلا قالدىم. شۇ ئەسنادا توساتتىن بىرسى كېلىپ ياقامنى تۇتۇپ ئارقىسىغا تاشلىدى. مېنى بۇ بالا - قازا ئارىسىدىن چەتكە ئالدى. قارىسام ھېلىقى مويسىپىت (مېنى بۇتقا باش قويۇپ خوتۇن ئېلىشقا دەۋەت قىلغان) كىشى

ئىكەن.

— نېمە ئىشقا مۇنچە يىغلايسەن؟ — دېدى ئۇ.

— ئەي زالىم، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ يېگانە گۆھەر قولۇمدىن كەتتى. نېمىشقا يىغلىماي؟! — دېدىم. ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ:

— ئەمدى ئۆزەڭنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلىغىن! — دېدى.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىدىم.

ئۇ مېنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. كۆردۈمكى، بۇ يەرگە پادىشاھ، ئۇمەرا، بەرھەمەنلەر ۋە سودىگەرلەر بولۇپ ئوتتۇز ئۇچ كەسىپ ئەھلى جەم بولۇشقانىدى.

خوتۇنۇمنىڭ بىساتىدا مال - ماتالار كۆپ ئىدى. ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ دەلاللار باھاسىنى پىچىۋاتاتتى. ھەركىم خالىغىنىنى ئېلىپ نەرقىغە ئالتۇن بېرەتتى. ئالتۇنلارغا يەنە جاۋاھىر سېتىۋېلىپ ساندۇققا سېلىشتى. يەنە بىر ساندۇققا ئوزۇق - تالقان قاچىلاپ ئاتقا ئارتىشتى. مېنى بىر قېچىرغا مىندۈرۈپ قويۇپ، ئۇ ئاجىزەمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، بەرھەمەنلەر ۋەز ئېيتىپ، قوڭغۇراق، ناغرا - سونايلارنى چېلىپ، تامامى خەلق كۆكۈل سوراپ شەھەر سىرتىغا چىقىرىپ قويۇشتى.

شەھەر دەرۋازىسىغا ئاۋۋالقى يىلى داخىل بولغانىدىم. شۇ دەرۋازىۋەن كىشى مېنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ، ياشلىرىنى تۆكۈپ ئالدىمغا كەلدى ۋە:

— ئەي بەختى قارا، ئەگەر شۇ چاغدا قىلغان نەسىھىتىمنى ئىشىتكەن بولساڭ، ھېچقاچان بۇ بالاغا گىرىپتار بولماس ئىدىڭ. قېنى ئەمدى سۆزلە! — دېدى. مەن ھەيران بولۇپ نېمە دېيىشىمنى ۋە ئىشنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى بىلمىدىم...

ناگاھ، ھېلىقى قەلئەگە يېتىپ كەلدىم. ئۇنى ئاۋۋالقى يىلى كۆرگەنىدىم. بەرھەمەنلەر كېلىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپلارنى ئاچتى. ئاندىن يۈز كىشى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى. جاۋاھىر ۋە جاۋاھىر ساندۇقىنى ماڭا يېرىشتى. ۋەزىر بىلەن بەرھەمەن كېلىپ:

— ئەي يىگىت، بىر كۈن كەلمەك، بىر كۈن بارماقتۇر. خوتۇنىڭىز بىلەن بالىڭىز مانا. بۇ مال - ئەمۋالىڭىز ۋە قىرىق كۈنلۈك ئوزۇقىڭىزدۇر. بۇنى يەپ شۇبۇ يەردە تۇرغايسىز، — دېدى.

بىلدىمكى، بۇلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى شۇنداق ئىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ ھوشۇم بېشىمدىن ئۇچتى. مېنى شۇ يەردە قويۇپ ھەممىسى چىقىپ كەتتى. دەرۋازىنى بەند قىلىشتى. نەپسىم بوغۇلۇپ، بېشىمنى تىزىمغا قويۇپ ھەددىدىن زىيادە يىغلىدىم. بىرەر سائەتتىن كېيىن ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن نەپسىم كېسىلگىلى ئازلا قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىسام چىرىگەن ئۇستىخاندىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. پەقەت زەر - جاۋاھىرلار بىلەن تولغان نۇرغۇن ساندۇقلارنى كۆردۈم. غەزەپ بىلەن قوپۇپ:

— ئۇستىخانلىرىڭغا ئوت تۇتاشسۇن! تۇغالمايدىغان كىشى نېمىشقا ھامىلىدار بولدۇڭ؟ — دەپ ئۇ قىزنىڭ جىسمىغا نەچچىنى تەپتىم. پاناھلىق تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئۇ كۈننى شۇبۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كېچىسى ئۇيقۇم كەلمىدى، ئارام ئالالمىدىم. توساتتىن «چىرىپ كەتكەن ساندۇقلاردىن سايىۋەن ياسىسام قانداق بولار؟» دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە كەچتى. شۇنداق قىلغانىدىم، ئاز - تولا سايە چۈشتى. كۈندۈزى ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇم. كېچىسى تۆپىسىگە چىقىپ ئۇخلىدىم. قورغاننىڭ بىر تەرىپىدىن ئازغىنا ئىسسىپ قالغان سۇ ئاقىدىكەن. ۋاقتىكى، ئۇ سۇنىڭ چىقىدىغان يېرىنى كۆردۈم. شېشىنىڭ ئاغزىچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى. ئۇنى يەتتە خىل قېتىشمىنىڭ

ئارىلاشمىسىدىن ياساپ، قورغاننىڭ بۇرجىكىگە ئورناتقانىكەن. شۇ سۇ بىلەن مەزكۇر ئوزۇقنى قەلئەنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غىزا قىلىپ يەپ نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدىم. قىرىق كۈن دېگەندە ئوزۇق - تۈلۈك ئاخىرلىشىپ بىتاقەت بولۇشقا باشلىدىم:

«خۇداۋەندە، سەن ھەممىگە قادىر، بەركامال ھەم ئەبەدىي ھاياتتۇرسەن! ئەگەر مېنىڭ ئۆمرۈم باقىي بولسا، رىزقىمنى يەتكۈزۈپ بەرگىن!» دەپ خۇدايتائالاغا مۇناجاتلار قىلاتتىم. نەزمە:

بۇ تىرىكلىك قەيدىغە ھەركىم ئەسىر،
ئاب - ئاتەش فىكرىدىن ئۇ ناگۈزىر[1].

شۇ ھالەتتە بىر ھازاغىچە يىغلاپ كۆزۈم ئۇيقۇغا بارغانىدى، كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەسلىدە بىر مۇردىنى ئېلىپ كېلىشكەنىكەن. مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ بەند قىلىنغان دەرۋازىغىچە باردىم. قازارا، بىر ئۆلۈككە بىر ياشانغان ئايالنى ھەمراھ قىلىپ ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ساندۇقتا تائاملىرى ھەم بار ئىدى. كۆڭلۈمدە:

«ئادىل مەسلىھەت شۇكى، بۇ ئاجىزەنى ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقنى ئالغىن! بۇ خۇدايتائالا ساڭا سەۋەب بىلەن يەتكۈزۈپ بەرگەن رىزىق» دەپ يېقىنلاپ باردىم. مېنى كۆرۈپ قورققىنىدىن جايىدىن قوپالمىدى. تاياق بىلەن بېشىغا شۇنداق ئۇردۇمكى، شۇ يەردىلا پاراغەت بىلەن ئۇخلاپ قالدى. ئوزۇق ساندۇقنى قولۇمغا ئالدىم. ئوزۇق - تۈلۈكۈم ئاخىرلىشاي دېگەندە پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە رىزىق ئاتا قىلغۇچى تەڭرىم يەنە رىزىق يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ تەرىقىدە ھەر ئايدا رىزىق ئىشىكى ئېچىلىپ تۇردى. ئۇشبۇ ھالەتتە ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تەقدىرى قىسمەت بىلەن ئۆلۈككە ھەمراھ قىلىپ ئەكىرىپ قويغان بىر نازىنىن قىزنى كۆردۈمكى، ئۇ ئون سەككىز ياشلاردا ئىدى. چىرايى ئاپتاپتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئەمىرزادىلەرگە خاس كىيىنگەنىدى. ئەزەل قىسمىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولدۇم. ئۇ مېنى كۆرگەندە ناھايىتى قورقۇپ بىھوش بولدى. ئۆزۈمگە:

«ئەي زالىم، نېمە قىلغىنىڭ؟! بۇ نازىنىن بىخۇد بولدى» دەپ ئالدىغا بېرىپ قۇچىقىمغا ئالدىم. قەلئەنىڭ بۇلۇڭىغا ئېلىپ بېرىپ يۈزىگە سۇ سەپكەنىدىم، ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا قورقۇپ ئورنىدىن قوپۇپ يەنە قاچتى. كۆڭلۈمدە: «ھېچ يەرگە كېتەلمەيسەنغۇ!» دەپ ئۆز ئىختىيارىغا قويدۇم. ئەمما كۈندە كېلىپ قېشىدا ئولتۇرۇپ تائام يەيتتىم. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ماڭا ئاز - تولا رام بولدى ھەم نان سورىدى. يۇمشاق نانلارنى، ئۆزگە تائام ۋە مېۋىلەرنى يېگۈزدۈم. چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ جايىمغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالىنى سورىدىم:

— پادىشاھنىڭ دىۋانبېگىنىڭ قىزى ئىدىم، — دېدى ئۇ، — تاغامنىڭ ئوغلىغا مەجبۇرىي چېتىپ قويغانىدى. ئېرىم قازا يېتىپ قۇلىنج كېسىلى بىلەن ئۆلدى. مېنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى. سەن كىم؟ سەنمۇ ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن!

مەنمۇ ئەھۋالىمنى تەپسىلىي بايان قىلىپ:

— ئەي نازىنىن، سېنى خۇدايتائالا مەن ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ! — دېدىم. ئۇ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. نەچچە كۈنگىچە مادارا ۋە مۇرەسسە قىلىپ ئۆتكۈزدۈم. تا ئۇنى مۇسۇلمان قىلدىم. ئەر - خوتۇن بولۇشقا سۆز ئېلىپ، مۇسۇلمانچىلىق يوسۇنلىرىدىن تەلىم بېرىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە رام قىلدىم. دۇنيانىڭ بۇ جەھەننىمىدە ھۆر سۆھبەت بىلەن ئۈچ يىلغىچە ھەمراھ بولۇپ ئۆتتۇشتۇق. ئۇ ئىككىنچى يىلى بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. كۈنىمىز ئىچ پۇشۇقىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قەلئە ئىچىدە

---

① ناگۈزىر — ئىلاجسىز، چارىسىز، قۇتۇلۇپ بولمايدىغان.

ئۇياقتىن - بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈش بىلەن ئۆتەتتى. كۆزىمىزگە ياخشى كۆرۈنگەن جاۋاھىرلارنى يىغىپ قوياتتۇق. تاكى ئوغلىمىز ئۈچ ياشقا كىردى. بىركۈنى:

— ئەي نازىنىن، بىز قاچانغىچە بۇ زىنداندا بولارمىز؟ — دېدىم.

— خۇدايىتائالا نىجاتلىق بەرگۈچە! — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، بىر ھازا يىغلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە بىر كىشى: «قەلئەگە سۇ كىرىدىغان يەردىن چىقىپ كېتىڭلار!» دېگەندەك قىلدى. خۇشال بولۇپ شۇئان قوپۇپ خوتۇنۇمغا:

«چۈشۈمدە مۇنداق بىر ئىشنى كۆردۈم: بىرسى سۇ كىرىدىغان يەردىن چىقىپ كېتىڭلار، دەپ بېشارەت بەردى» دېدىم. ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ: «بۇنىڭغا قاچانمۇ مۇيەسسەر بولارمىز؟» دېدى. مەن ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ، نۇرغۇن پىكىر يۈرگۈزدۈم. ئاخىر رايىم تاۋۇتلارنىڭ مىخلىرىنى يىغىپ شۇنىڭ بىلەن بىر ئىش قىلىشقا قارار تاپتى. خوتۇنۇمنى مىخلارنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئۆزۈم ھەركۈنى سۇبھىدىن شامغىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، سۇدا ئولتۇرۇپ مىخ بىلەن كولاۋەردىم. بەزىدە تاش بىلەن كولايتتىم. قولۇم ھەرىكەتتىن قالاي دېگەندە كىچىككىنە بىر تۆشۈك پەيدا بولدى. قەلئە تاشلىرى [ھەربىر مىخ ئۇرغاندا] بەزىدە چوڭراق سۇنۇپ چىقاتتى، بەزىدە بىر زەررىچىلىكمۇ چاچرىمايتتى. تا بىر يىلغىچە ئىشىم شۇ تەرىقىدە بولدى. ئاخىر تاشقىرىغا چىققىلى بولغۇدەك بىر سۆڭگۈچ تېشىلدى.

بەس، بىرەر زالىمنىڭ قولىغا گىرىپتار بولساق نەچچە كۈن بولسىمۇ تىرىك قېلىشىمىزغا سەۋەب بولار ۋە ياكى ئەيش - پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشىمىزگە كېرەك بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن يىغىپ قويغان جاۋاھىرلارنى بۆلۈپ كونا چاپاننىڭ يەڭلىرىگە سېلىپ، خۇدايىتائالاغا تەۋەككۈل قىلىپ سۆڭگۈچتىن تاشقىرى چىقتۇق. بىرىمىز بىردىن كاسىنى (سۇ كوزىسى) كۆتۈرۈپ، ئوغلۇمنى گەدىنىمگە مىندۈرۈپ باياۋانغا قاراپ يول ئالدۇق. قورققاندا «لاھەۋلە» نى ئوقۇپ، بىر ئايغىچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۇشبۇ يەرگە كەلدۇق. گاھى ئوت - گىياھ، گاھى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېدۇق. جان قورقۇنچىدىن ھېچبىر ئاۋاتلىق يەرگە بارالمىدۇق. مانا بۇ بىزنىڭ ھال - ئەھۋالىمىز، مال - دۇنيالىرىمىزدۇر. ئەمدى مۇرۇۋۋەت قىلماقلىق سەندىندۇر، — دېدى دەپ، سەگپەرەس سودىگەر بەچچىنىڭ سەرگۈزەشتىنى تامام قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىدىن بايان قىلماق ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى. دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىغا يۈرىكىم كۆيۈپ، ئۇنى ئۆز خىزمىتىمگە ئېلىپ قېلىپ ئوردا بېگى قىلدىم. ئاجىزەسى ئاجىزەمگە ھەمراھ بولدى. نەچچە مۇددەتنى ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكۈزدۈم.

ۋاقتىكى، ئاجىزەمدىن ئىككى پەرزەنت كۆرگەن بولساممۇ، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەنىدى. قازاسى يەتكەنىكەن، ئاجىزەممۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشقا تاقىتىم بولماستىن، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئەرز سۇنۇپ بەندەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇ يىگىتكە ئېلىپ بېرىپ، خىزمىتىمدىن رۇخسەت سورىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاكىلىرىمنى، ئىتنى شۇبۇ قائىدە بىلەن تۇتتۇم. ئىتنىڭ بوينىدىكى مەزكۇر گۆھەرلەرنى بولسا، شۇ يىگىت تارتۇق قىلغاندۇر.

ۋاقتىكى، ئەجەم مەملىكىتىگە كەلدىم. بۇرادەرلىرىمنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماسلىق ئۈچۈن «سەگپەرەس» دېگەن نومۇسلۇق نامنىمۇ ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە ئۇشبۇ ئوغۇلنىڭ ئىلتىماسى ۋە دالالىتى بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. مانا بۇلار ئۆز ئەھۋالىمنىڭ بايانىدۇر.

ئەلقىسسە، خوجا سەگپەرەسنىڭ ھېكايىسى تامامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ خوجىزادىدىن:

- سەن بۇ دىيارنىڭ خەلقىدىنمۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ غىل - پال تەبەسسۇم قىلىپ دېدىكى:

ـ ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي! مەن ئاجىز ـ كەمىنە [زىنداندىكى] ۋەزىرنىڭ پەرزەنتىدۇرمەن. يەنى قىزىدۇرمەن. ئۇ بىگۇناھ ئاتامنى غەزەپ قىلىپ زىندانغا سالدۇرغانىدىلە. ئاتامنىڭ مەندىن ئۆزگە پەرزەنتى يوق ئىدى. ئاتامنى بۇ بالادىن خالاس قىلىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىشنى ئۆزۈمگە لازىم دەپ بىلدىم. سىرىمنى يار ـ دوستلاردىن مەخپىي تۇتۇپ بۇ كىشىنى خىزمەتلىرىگە ئېلىپ كەلدىم. تا ئۇلۇغ شاھىمىزغا مەلۇم بولغايكى، ئاتامنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقى شانۇ شەۋكەتلىك دەرگاھلىرىدا زاھىر بولدى. ئەمدى ئاتامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەيلا!

ۋاقتىكى، خوجىزادىنىڭ ۋەزىرنىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ خوجا بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، دەردلىك ئاھ تارتىپ بىخۇد بولدى. ھوشىغا كەلگەندە:

— ۋادەرىغا، تارتقان مېھنەتلىرىم بىھۇدە زايە بولۇپتۇ. قېرىغىنىمدا سەپەر مۇشەققىتىمنى تارتىپ، مۇرادىمغا يېتەلمەستىن تېخى ئەسرارىم پەردىسىنى يىرتتىم! — دېدى.

— مۇرادىڭ نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

— پەرزەنتىم يوق ئىدى. ئۇنى پەرزەنت قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ كاج پەلەكنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن قايسى تەرىقىلىق رەڭۋازلىقىدۇر؟! — دەپ ئاھ ئۇردى.

ئەي دەرۋىشلەر، ئۇ پىرى دەردمەنتىڭ ئەھۋالىدىن قەلبىم ئۆرتىنىپ، ئۇنى ئالدىمغا چاقىرتىپ: «بۇ ئايجامالنى، يەنى ۋەزىرنىڭ قىزىنى سىزگە ئېلىپ بېرىمەن» دېگەنىدىم، شۇئان كۆڭلى تەسكىن تاپتى. ئاندىن پەرمان بىلەن قىزنى ئۆيىگە جۆنەتتىم. ئاتىسىغا (يەنى ۋەزىرگە) ئات، كىيىم ـ كېچەك ئەۋەتتىم. زىنداندىن چىقىرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بارگاھقا ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلىپ، ئۆزۈممۇ بارگاھقىچە ئىستىقبالىغا چىقتىم، ئۇنى ئاتا مەسەللىك قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدۇم. تەخت يېنىدىن — ئەڭ يۇقىرىدىن ئورۇن بەردىم. مەملىكەت باشقۇرۇشنىڭ بارلىق ئىختىيارىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم. خوجىغا ھەم تون كىيدۇرۇپ لايىقىدا مەنسەپ بەردىم. ئاندىن شەھەرنى پاكىزلەپ زىننەتلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردۈم. ياخشى سائەتنى تاللاپ ۋەزىرنىڭ قىزىنى خوجىغا نىكاھلاپ بەردىم. خوجا ئۇ قىز بىلەن نەچچە مۇددەت ۋىسال شەربىتى ئىچىشىپ ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆردى. ھازىر ئوغۇللىرىنىڭ بىرى، سودىگەرلەرنىڭ كارۋان بېشىدۇر؛ بىرى، ئۆز خىزمىتىمدە خەزىنىدار دۇر. بېيىت:

فەقر ئەھلى باغىنىڭ ـ بۇ دەرگاھنىڭ بەندەسى،
ئەغنىيالار① ھەم مۇھتاج بىسامان② ئېرۇر.

ئەي دەرۋىشلەر، بۇ ھېكايىنى نەقىل قىلىشتىن مەقسىتىم شۇكى، ئۆتكەن كېچە ئىككى كىشىنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىدىم، يەنە ئىككى كىشىمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلسۇن! ئۆزۈڭلارنى خۇددى چاھار تاقىدا — گۈمبەزدە ئولتۇرغاندەك بىلىڭلار. مېنىمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ بىرسى — مۇھتاج دەرۋىش دەپ ھېسابلاڭلار!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

① ئەغنىيا — بايلار، پۇلدارلار.
② بىسامان — پەرىشان، كۆچىسىز، ئاجىز، كەمبەغەل.

# ھەمزەنامە①

## غەرىب خەستە①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

ئىدى كەيقۇباد پادىشاھ تەختىدە،
ھەيات ئېردى جاماست ئانىڭ ۋەقتىدە.
ۋەلېكىن بۇ جاماستىنىڭ ۋەرزىشى،
ئىدى روزۇ شەب ئىلمىي ھىكمەت ئىشى.
باقىپ ئول كىتابىغە ھەر چاغدا،
كۆرەر ئېردى ئالەمنى تىرناغدا.
ئانىڭ راست ئېردىيۇ قىلغان سۆزى،
نەبىرە ئىدى دانىيالغە ئۆزى.
سۆزى راستلىقدا خەلەل يوق ئىدى،
كى دانالىقىغە بەدەل يوق ئىدى.
دىنىدە بىلۇر ئېردى ئانى رەسۇل،
خەلىل سۆزىنى قىلمىش ئېردىكى ئول.
يېتىپ ئېردى تۆرت يۈزگە ياشى ئانىڭ،
ئاقارغان قارىلىقدا باشى ئانىڭ.
بېرىپ خەلقغە ئۆتكەن ئىشدىن خەبەر،
يامانلىق بىلەن ياخشىلىقدىن بۇ ئەر.
دېدى نەچچە ئاقىلۇ ئەختەرشۇناس:
«ئانىڭ ھەر سۆزى كەلگۇسى ئارى راست.»
ۋەلېكىن تۇغۇلمىش ئىدى ئول ئوغۇل،
ئىدى بەدخەيال، ناقىسۇل-ئەقىل ئول.
قويۇپ ئاتىنى خاجە بەختى ئانىڭ،
ئەزەلدە قارا ئېردى بەختى ئانىڭ.
ئاتا سۆزىگە سۇنماس ئېردى بويۇن،

قاچىپ ئېردى ھەركۇنكى قىلدى ئويۇن.
قىلۇر ئېردى دائىم نەسىھەت ئاتا،
ۋەلې ئالتە تۇرلۇك ۋەسىيەت ئاتا.
دەر ئېردىكى: «ئەي مىھرىبان گۇلئۇزار،
ئويۇنغە تولا قىلماغىل ئىختىيار.
ئىشەنمە بىرى سەن بۇ فۇل مالىغە،
بىرى دوست بولمە ئاتا زارىغە.
خاتۇنغە سىرىڭ دېمەگىل ئەسلى ھەم،
كى بىگانەنى ھەمنىشىن قىلمە ھەم.
كۆڭۈل سىرلارىڭنى كىشىگە دېمە،
بەلاغە قالىپ بىھۇدە غەم يېمە.»
بۇ سۆزنى قۇلاغىغە ئالماس ئىدى،
نەسىھەت ئاتا كار قىلماس ئىدى.
بۇ ئىشلارغە جاماست پەرىشان بولۇپ،
بۇنىڭدىن بەسى كۆڭلى ۋەيران بولۇپ.
باقىپ بىركۇنى بۇ كىتاب تەللەنى،
دېدى قىچقىرىپ شول زەمان كەللىنى.
«مېنىڭ كۆڭلۇم ئاچىلماي ئۆتتى، قىزىم،
ئۆچەرنەچچە كۇن بۇ جەھاندىن ئىزىم.
تۇغۇلمىشكى بىزدىن كېيىن بىر ئوغۇل،
كېلۇر يەتتە ياشدا ۋۇجۇدىغە ئول.
ئېرۇر ئانچە داناۋۇ ئاقىلى ھەم،
كى ساھىب جەمالۇ مۇبارەك قەدەم.

---

① بېشى 96 - يىللىق 1 - ساندا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىشىم ئىلكىدە بولغۇسىدۇر كۈشاد،
نەبىرەم قىلۇر ئېردى ئىزنىمنى ياد.
بولۇر ھىكمەت ئەھلىدە ئۇل بىنەزىر،
قىلۇر ئۇشبۇ ئىلمىمنى ئۇل دەستگىر.»
دېدى: «ئەي قىزىم، بۇ ۋەسىيەت ساڭا،
مېنىڭ بۇ كىتابىم ئەمانەت ساڭا.
بېرىڭ سىز نەبىرەمگە ئۇل چاغدا،
قاچان قالغۇسى ھەسرەتۇ داغدا.
كى زىنھار كىشىگە بەرمەڭ تەمام،
نەبىرەمگە مەندىن دۇئايۇ سەلام.»
بۇ سۆزلەرنى ئاغاز ئېتىپ شول زەمان،
ئەجەل شەربەتىن نۇش ئېتىپ بەردى جان.
تۇتۇپ ماتەمىن يىغلاشىپ بولدى ھەم،
نىشانە قىلىپ قويدىلار تۇغ-ئەلەم.
جەھان فانىيدۇر، بىۋەفا، ۋادەرىغ،
بالالار يەتىم قالدى، يۈزلەر سارىغ.
بىروق ئويىنادى ئەھلى نادان بىلەن،
ئۆيىگە يىغىپ ئاش بېرىپ نان بىلەن.
بارىپ ھەر تەرەفكە، قويۇپ مۈلكىنى،
بوزەخانەلەردە ياتىپ ھەر كۈنى.
بۇ دوست بولدى بىباش ھەرامزادەگە،
قىمارباز، ھەرامخورۇ بىگانەگە.
ھەمىشە شەرابخانەلەردە بۇ رەڭ،
ئويۇنلار قىلىپ ئويىنادى رەڭ بەرەڭ.
بۇ ياڭلىغ قىلىپ، ئۆيدە قالماي فۇلى،
تۈگەندى ئارىغ، قالمادى بىر پولى.
كېلۇر فۇل بىلەن دوستلارى مەي ئىچىپ،
كۆرۈپ يۈزنى ئۆتتى يولىدىن قاچىپ.
بىرى مەي ئالىپدۇر، بىرىسى كەباب،
بىرى نەي چالادۇر، بىرىسى رەباب.
خاجە قىلدى ئەندىشە بىرلە خەيال،
«ياتىپ ئويدە يالغۇز، بولۇرمەن مەلال.
ۋەلې تۈشتى مېھنەت غەمى باشىغە،»
قوپۇپ كەلدى بۇ دوستلارى قاشىغە.
قاراپ باقمادى دوستلارى، كەلدى بۇ،
بىرى دېدى: «جاماست ئوغلى شۇبۇ.»
دېدى: «ئەي خاجە، سىز قوپۇپ ئوت قالاڭ،
قازانغە باقىپ بۇ كۆفۈكنى يالاڭ.
كى بىلمەس ئىدى ئوت قالاشنى خاجە،
ئۇتۇن سالدى بىر باغ ئوچاق تولغىچە.

ئوتۇننى سالىپ ئېردىلەر بىر قۇچاق،
تاشىپ بۇ قازان ھەم يىقىلدى ئوچاق.
ئوتى ئۆچتى، شورپا چىقتى تاشىپ،
گوشى يەردە ياتتى قازاندىن ئاشىپ.
دېدى: «ئەي خاجە، بۇ نە تۈرلۈك ئىشىڭ،
سېنىڭ بىزگە بارمۇ يەنە قىلمىشىڭ؟
گۆش ئالماق ئۈچۈن فۇلۇڭ بولماسا،
ۋەيا ئوت قالارغە قولۇڭ بولماسا.
سېنىڭ نە ئىشىڭ بار بۇ مەجلىس ئارا.»
يامان سۆز بىلەن قىلدى كۆپ ماجەرا.
يانىپ كەلدىلەر خاجە تارتىپ ئىزا،
ئۆيىگە بارىپ ياتتى تارتماي غىزا.
دېدى خاتۇنىغە خاجە ھالىنى،
بۇ كۈلفەت-ئەلەم بىرلە ئەھۋالىنى.
دېدى خاتۇنى: «بولماغىل بىدىماغ،
ۋەلې بىھۇدە قويمە جانىڭغە داغ.
ئاتاڭ سۆزنى قىلماس ئېردىڭ قەبۇل،
ساڭا كۆپ نەسىھەت قىلۇر ئېردى ئۇل.
دېگەن: بولما بىگانەگە ھەمنىشىن،
ئۇلار ئاقىلۇ خۇش ئىكەن دانىشىن.
كۆزۈڭدىن ئارتىغىل كىنە ئەشكىنى،
ۋە تاشلا شۇبۇ خەلقنىڭ رەشكىنى.
تولا چەكمەگىل ئەمدى دەردۇ ئەلەم،
كى ھەممالىق ئەيىب ئەمەس سىزگە ھەم.
بولۇر بىزگە بىر قۇۋۋەتى لايەمۇت،
بۇ ئىشنى قىلىپ ئەمدى خونابە يۇت.
كى ئەللاھ دەپ سىز ئىشەكنى توقۇڭ،
بارىڭ چاسۇغە، ئورنۇڭىزدىن قوپۇڭ.
ۋەيا قىغ توشۇڭ ياكى كەتمەن چاپىڭ،
ناموسنى قويۇڭ، ئىش قىلىپ، فۇل تاپىڭ.
ئەزەلدە كېلىپدۇر ئەلەم بىزگە بۇ،
تولا يىغلامايلى، ئىرادە شۇبۇ.»
دېدى خاجە: «ياخشى ماڭا شول كىشى،
ئەگەر قىلسە ئۇل ئاشنالىق ئىشى.
ماڭا ھەمنىشىن بولماغاندۇر مۇدام،
كى دوست بولسام ئەمدى، ماڭا سەن ھەرام.»
كى ئۇل دەم خاجە كەلدى بۇ چاسۇغە،
كېلىپ تۇردى ھەممالار ئوتراسىغە.
.........①

① ② ③ ئەسلى قوليازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

كېلىپ تۇردىلار مۇندا كەچ بولغۇچە.

.........②

ۋەلي بولدى ئۈچ كۈنكى، رەسۋاچىلىق،
كى يۈزلەنمەدى خاجەغە ياخشىلىق.

.........③

«ئىلاھا، ئۈزۈڭ قادىرۇ زۇلجەلال،
بۇ رەسۋاچىلىقدا مېنى قىلمە لال.»
نېچۈككىم ئۈيىدە يوق ئېردى مەقام،
ئاچ ئېردى بۇ ئۈچ كۈن ئارا سۇبھۇ شام.
بۇ غۇربەتدە تۇرتۇنچى بولدى كۈنى،
ئىشتىلدى بىر سەۋداگەرنىڭ ئۈنى.
ئاتا دوستى ئېردى بۇ سەۋداگەر،
ئىدى بۇ فەزىلەتلىكۇ ياخشى ئەر.
كېلىپ خاجەغە سەۋداگەر سالدى كۆز،
زەبۇنلۇقىنىڭ ئەھۋالىدىن سوردى سۆز.
خاجە كۆز ياشىنى رەۋان ئەيلەدى،
كى ھالىنى بىر-بىر بەيان ئەيلەدى.
دېدى سەۋداگەر: «سىز بارىپ ھەرقايان،
كى ھەممالىقنى قىلىڭ ئاتچۇنان.»
كۆرۇپ خاجەنىڭ ئىگنىدە كوھنە جۇل،
تەرەھھۇم قىلىپ، بەردى ئون تەڭگە فۇل.
يەنە دېدى: «سىز بۇ دۇكاننى ئالىڭ،
كۆتەرگەچ دۇكاننى سەرايغە كېلىڭ.»
دۇكاننى كۆتەرمىش ئىدى ئون كىشى،
ئەمەس ئېردى ئانىڭكى يالغۇز ئىشى.
بەغايەت ئىدى خاجەنىڭ قۇۋۋەتى،
ئون ئادەمدىن ئېردى تولا ھىممەتى.
كۆتەردى خاجە بۇ دۇكاننى ھەمان،
قويۇپ چىقتى بازارغە شول زەمان.
گوش ئالدى چىقىپ بىر خافان نان بىلەن،
گوش ئېردىكى ئانداغ پۈتى يان بىلەن.
بۇ ياڭلىغ كۆرۇپ خاجەنىڭ دوستلارى،
يەنە خاجەغە قاتتى سۆز ھەر بىرى.
دېدى خاجە بەختى يۈزىگە قاراپ،
ۋە: «ئەي شۇم ھەرامزادەئى زەنجىلاپ.
ئىزالار قىلىپسەن ماڭا قىلمە سۆز،
يەنە دوستلۇق ھەققىدە ئاچمە سۆز.»
قىلىپ ھەق تەئالاغە شۈكرى سەنا،
كېلىپ تۇردىلار ئول بازاردا يانا.
شەھەر خەلقىغە پۇر بولۇپ بۇ ئىشى،
ئانى چىرلادى ھەر تەرەفغە كىشى.
خاجە تاپتى ھەممالىلىق شۇھرەتى،
مۇنىڭ يېتتىلەر خاجە بەختى ئاتى.
كى ھەممالىلىق ئانچە شۇھرەت تاپىپ،
كى ئىزدەر ئىدى قانچە ئادەم چاپىپ.
ۋەيا قىنغ بولسە ۋە خاھى سامان،
دەر ئېردى كېلىپ «خاجە بەختى قايان؟»
تانۇپ خاجەنى چوڭ-كىچىك پىرۋاش،
كى ھەممالىلارغە بولۇپ ئېردى باش.
كېچىپ خاجەنىڭ ئەۋقاتى قىشۇ ياز،
باشى بولدى ئاشلىق، ئاياغى پىياز.
ۋەلي ھەرنە ئىشغە بەغايەت ئىدى،
مۇنىڭ قۇۋۋەتى بىنىھايەت ئىدى.
بەناگاھ خاجە تۇش كۆرۇپ بۇ كېچە،
كى ئويغاندى ۋەھم ئەيلەبان بىر نەچە.
بۇ يەڭلىغ ئىدى خاجە كۆرگەن تۇشى:
كى تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇر بىر قۇشى.
بۇ تاشنىڭ چىقار چۆرەسىدىن بۇلاق،
ئاقار قىرق تەرەفدىن سۇيى ئانچە ئاق.
قوشۇلمىش سۇيى بىر-بىرىگە ئاقىپ،
مۇنى كۆرسە ھەركىم قالۇر داڭ قاتىپ.
بۇ تۇشنى كۆرۇپ، ئويغانىپ شول زەمان،
خاجە كۆچىگە قىلدى بىر-بىر بەيان.
دېدى خاتۇنى: «بۇ ئەجايىب ئېرۇر،
مۇنى بىلسە شايىد مۇئەببىر بىلۇر.»
كېلىپ بىر مۇئەببىر قاشىغە بۇرەك،
تۇشنى بەيان ئەيلەدى ئۇشبۇرەڭ.
مۇئەببىر دېدىكىم: «كىشىگە دېمە،
ساڭا فۇل بېرەي، بىھۇدە غەم يېمە.»
دېدى خاجە: «قىلغان بۇ سىرنى ئەيان،

.........①

خاجە ئۇشبۇ كۈنگە بولۇپ مۇنتەزىر،
ۋە ھەركۈن قويۇپ تام جىيىپ قويدى بىر.
كۆچى خاجەدىن ھەم ئوغۇرلۇقىنا،
جىيىپ قويى تامنى بۇ خاتۇن يانا.
.........② بۇ خاتۇن
دېدى: «خوردەنى قالمادى ياكى ئۇن
قوپۇڭ ئەي خاجە بۇ جىيىغنى ساناڭ.»
دېدى: «بولدى قىرق كۈن، سۆزۈمگە ئۇناڭ.

---

① ② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئورۇن ئېرسىدە بولغان.

uyghurkitap.com



........①ئەمدى سىز،
چىقىڭ چاسۇغە بىر تىجارەتكە سىز.»
چىقىپ ئېردىلەر دەر زەمان ئۇشبۇ ھال،
يىغلىدى خەلايىق سوراپ ھەسبى ھال.
كۆرۈشمەكلىك ئېردى بۇلارنىڭ ئىشى،
بۇ ئەسنادا كەلدى ئۇن ئاتلىغ كىشى.
ئەلالا قىلىپ كەلدى چاسۇغە بۇ،
بىرەۋ دېدى: «ئالقىش ۋەزىرى شۇبۇ.
ئېرۇر پادشاھ كەيقۇبادغە ۋەزىر،
ئانىڭ قاشىدا ئولتۇرۇر مۇنتەزىر.
پىتىپ نامەلەر ھەربىرى رەڭ بەرەڭ،
مۇناد ئەيلەدى قىچقىرىپ ئۇشبۇرەڭ.
دېدى: «ئەي خەلايىق، ۋەلې خاسۇ ئام،
ئىشىت كۇفى خەلقى بۇ سۆزنى تەمام.
ئۇشۇل پادشاھ كەيقۇباددۇر پەناھ،
مەدايىندە قىلمىش ئىمارەت بىنا.
كى ئاسان ئېرۇر پادشاھنىڭ ئىشى،
ۋەلې ئاڭا يوق ئىشلەمەككە كىشى.
كى ھىممەت قىلىپ قويسە ھەركىم قەدەم،
ئاڭا فۇل بېرىپ ھەم قىلادۇر نەدەم.
ئەدەددىن فۇزۇنراق بېرىپ مالى زەر،
جەھاننىڭ غەمىدىن قىلۇر بىخەبەر.»
دېدى بۇ خەلايىق خاجە بەختىنى،
يەقىنراق بارىپ ئاڭلاغىل راستىنى.
بارىپ قاشىغە خاجە بەختى ئۆزى،
كېلىپ تۇشتى ئالقىش ۋەزىرغە كۆزى.
ھەرامزادە مەئلۇم نىشانە ئارىغ،
كۆزى كۆك يۈزى ھەم ساقالى سارىغ.
.......②» باشىدۇر قاپاق،
قاشى يوق، قۇلاق، يۈز كۆزىدۇر چاپاق.
ئۆزى كالتە ھەم بارچە ئەئزاسى كۆك،
بولادۇر ئىشەككە تۈكىن يۈلسە يۈك.
.......③ ئانداغ فىشانەسى بار،
مەكانى جەھەننەم نىشانەسى بار.
باقالماي يۈزىگە خاجە مۇتلەقىن،
كۆرۈپ بۇ سىفەت بىرلە كەلدى يەقىن.
بۇ ھەم خاجە بەختىنى كۆرگەن زەمان،
دېدى: «نە كىشىسەن، مەكانىڭ قايان؟»
خاجە دېدى: «مەن چاسۇدا مۇنتەزىر،
قىلۇرمەنكى ھەممالىق بىنەزىر.
ئېرۇر ئۇن كىشىدىن زىيادە ئىشىم،
مېنىڭ يوق ئۇ يان تۇر دېمەككە كىشىم.
ماڭا بەرسە ھەركىمكى سىمكارىنى،
قىلۇرمەن ئۆزۈم ئۇن كىشى كارىنى.»
........④
ماڭا ئىش قىلىڭ ھەم سۆزۈمگە پىتىڭ.
مانە ئال قولۇڭغە ئۇن ئۈچ تەڭگەنى
بۇ فۇلنى بېرىپ ئۆيدە قوي يەڭگەنى.»
........⑤
دېدى ئىش قىلىپ دەۋلەتىمنى كۆرۈڭ.»
ۋەزىر سۆزىنى خاجە قىلدى قەبۇل،
مۇڭا بەردى ئول دەم ئۇن ئۈچ تەڭگە فۇل.
........⑥
كى بولدى مەدايىن يولىغە رەۋان.
كى مەنزىل، مەراھىل چېكىپ نەچچە كۈن،
مەدايىنغە يەتتى يۈرۈپ تېزۇ تۈن.
........⑦
قەرارى ئىدى خاجەنىڭ سەككىز ئاي.
قونۇپ ئەرتەسى تۈزگە چىقتى بۇلەر،
ۋەلې ئىزدەبان بىر ئىمارەتكە يەر.
........⑧ ئىزھار ئىدى.
دېدى خاجە بەختى: «بۇ تەلنى تۈزۈپ،
كى تاشلاپ بىرۇق قىلسە يەردىن ئۈزۈپ.
........②
كۆلۈپ دېدى ئالمىش: «بۇ قايداغ ھەۋەس؟
........②
ئەگەر قويسە دىۋلەر بۇ ئىشغە قەدەم،
كى ئاجىز ئېرۇر بەلكى دىۋلەرمۇ ھەم.»
دېدى خاجەزادە: «بۇيۇرساڭ ئەگەر،
بۇ تەلنى قىلۇرمەن........③»
ۋەزىر دېدى: «قىلساڭ بۇ ئىشنى نىجات،
بېرەي سەرۇپالار بىلەن ياخشى ئات.»
دېدى خاجە: «كەلتۈرگەسەن بەل ماڭا،
........④»
مۇبارەك دېگەن قول ئالىپ كەلدى بەل،
ئالىپ ئىلكىگە «ئەللاھ» دەپ بۇ مەھەل.
سالىپ ئېردى يەرگە، سىنىپ ھەسسەسى،

① ① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ بۇ ئورۇنلار ئەسلى قوليازمىدا پەرسۇدە بولغان.
② ② ③ ④ ⑤ بۇ ئورۇنلار ئەسلى قوليازمىدا پەرسۇدە بولغان.

قالىپ......................⑤
يەنە دېدىكىم: «ئاتنى يىلدام چاپىڭ،
بۇ بەل سىندى هالا يەنە بەل تاپىڭ.»
يەنە بەل ئالىپ كەلدى بۇ شول زەمان،
بۇ هەم سىندى ئىلكىدە بەرمەي ئەمان.
قىلۇر بۇ هىكايەتنى ئەختەرشۇناس،
ۋەلې يەتتە بەل سىندى هازەل-قىياس.
كى ئالقىش دېدى: «ئەي خاجە بۇ نە ئىش؟
بۇ يەڭلىغ قىلىپ، بولغۇدەك مۇندا قىش.»
دېدى خاجە: «سىز قىلساڭىز ئىشنى ئۇك،
بېرىڭ بەل تاپىپ بولغۇدەك بىزگە چوڭ.
كى مەن بەل كۆرۈپ چاسۇنىڭ باشىدا،
يۆلەگلىك ئىدى مەدرەسە قاشىدا.
ئوشۇل بەلنى مۇندا ئالىپ كەلتۈرۈڭ،
ئالىپ خەلقىڭىزنى شەهەرگە يۈرۈڭ.
ۋەزىر خەلقى بىرلە شەهەرگە بارىپ،
كۆتەرىپ ئالىپ كەلدى بالداق سالىپ.
بۇ بەلنى كىشى ئىشلەتەلمەس ئىدى،
كى ئىشلەتكەن ئادەمنى بىلمەس ئىدى.
قولىغە ئالىپ خاجە بەختى بۇ دەم،
ۋەلې قويدى بۇ ئىشغە ئانداغ قەدەم.
سالىپ ئېردى بەل تىترەدى بۇ زەمىن،
كۆرۈپ قىلدىلار تەهسىنۇ ئافەرىن.
دېدىكىم: «تۇزەيمۇ چەهارباغقەمۇ،
يىراق تاشلايىنمۇ، يەقىنراغقەمۇ؟»
كى ئالقىش دېدى: «ئىختىيارىڭغە باق،
يەقىن تاشلاغىلۇ ۋە خاهى يىراق.»
كى شىرى غەرانىدەك بۇ ئىش باشلادى،
يىراقغە بۇ تەلنى ئالىپ تاشلادى.
ئاتىپ هەرتەرەفكە بۇ تەلنى يىقىپ،
كى ئالقىش مۇڭا قالدى هەيران باقىپ.
بۇ تەلنى بۇ يەڭلىغ زەمىنغە چاچىپ،
كى ئاز قالدى گويا بۇ تەلنى ئاچىپ.
قىلۇر ئېردى تۇفراقنى تاشلاپ ئويۇن،
كۆرۈنمىش ئىدى خەلقىغە بۇ قويۇن.

**خاجە بەختى بۇ تەلنىڭ ئىچىدىن ئىسكەندەرنىڭ خەزىنەسىنى تاپقانى، بۇ ۋاقىئەنى ئالقىشقە ئاڭلاتقانى، ئالقىش گەنج غەرەزىدە خاجە بەختىنى ئۆلتۈرۈپ، گەنجنى ئالغانى، كۇفە شەهرىدە خاجە ئەبۇ زەر جۇمهۇرنىڭ تەۋەللۇد تاپقانى**

چۇ ئەلقىسسە، راۋى هىكايەت قىلۇر،
سۇخەن ئەهلى مۇنداغ رىۋايەت قىلۇر.
بەناگاه خاجە ئىستىراهەت ئۈچۈن،
كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېردى هاجەت ئۈچۈن.
ئۆزىن پاك ئېتەرگە ئالىپ ئىردى خاك،
......................①
ئالىپ چالمەنى خاجە قىلدى نەزەر،
كۆرۈندى كۆزىگە پىشىغ خىشت بۇ يەر.
ئالىپ ئېردى خىشتنى كۆرۈندى......②
......................③
بۇ تاشنى كۇشاد ئەيلەدى خاجە هەم،
ئەجايىب يەنە زاهىر ئولدى لەقەم.
ئوشۇل دەم لەقەمنىڭ ئىچىگە بۇ ئەر
......................④
جەۋاهىر ئەدەددىن فۇزۇن، رەڭ بەرەڭ،
تۇرۇپدۇر بۇ ئۆيدە تۇرۇس بىرلە تەڭ.
......................⑤
دېدى كۆڭلىدە: «ياخشى تەدبىر شۇبۇ
كى ئالقىشغە ئايتاي، ئانىڭ هەققى بۇ.
ماڭا هەم بېرۇر ئالغانىنى ئالىپ،»
قىلىپ بۇ هەۋەسنى، ئايىتتى بارىپ.
كېلىپ كۆردى ئالقىش بۇ ئايتۇر زەمان
بۇ ئەندىشە قىلدى مۇنىڭدىن هەمان.
دېدى: «خاجەنى مۇندا قويسام تىرىك،

---

① ② ③ ④ ⑤ كۆپ چېكىت قويۇلغان ئورۇنلار ئەسلى قوليازمىدا پەرسۇدە بولغان.

uyghurkitap.com



تۇتالماس بۇ گەنجىنى ھەرگىز ئىلىك.
تىرىك بولسە بۇ گەنجىنى پاش ئېتەر،
ماڭا سۇد قىلماس، ئىلىكدىن كېتەر.
مۇنىڭ تەدبىرى ئۇلدۇرۇر بىتەمام،
قىلاي خاجەنى گەنج ئارا قەتلى ئام»
بۇ يەڭلىغ قىلىپ مەسلىھەتنى شۇبۇ،
ئۇشۇل دەم كېلىپ خاجەتى تۇتتى بۇ.
تۇتۇپ خاجەنى بۇلەقەبكە تىقىپ،
كى ئۆلتۈردى بۇ سىنەسىگە چىقىپ.
قىلىپ بوغزىغە خەنجەرنى رەۋان،
دېدى خاجە ئالقىشنى: «ئەي بەدگۇمان.
نە ئىش قىلغانىمغە قىلۇرسەن بۇ رەڭ،
ۋەفا قىلغانىمغە يامانلىق، كۆرەڭ.»
كى ئالقىش دېدى: «ئۆلتۈرۇرمەن سېنى،
كى ئاندىن فەراغەت قىلۇرمەن ئانى.»
دېدى خاجە ھەم: «فۇلنى ئالغىل ئارىغ،
مېنى قىلماغىل فۇل ئۈچۈن سەن دەرىغ.
كىشىگە بۇ سىررىڭنى قىلماي خەبەر،
ساڭا بۇ جەۋاھىر بىلەن سۇرخ زەر.
كېتەي مەن چىقىپ بۇ شەھەردىن يىراق،
غەرىبلىق دىيارىدا ھالىمغە باق.
ساڭا ياخشىلىق ئانچە قىلدىم ۋەفا،
ماڭا قىلماغىل سەن بۇ يەردە جەفا.
گۇناھ يوقلۇقى مەندە مەئلۇم ساڭا،
مېنىڭ بولغۇسىدۇر ۋەبالىم ساڭا.
كېتەي ھەر تەرەفكە مېنى يولغە سال،
بۇ گەنجىنى سەن خاھى قوي، خاھى ئال.
تۇشۇپدۇر ساڭا مۇنچە پۇلنىڭ غەمى،
ماڭا ئارزۇدۇر تىرىكلىك دەمى.»
خاجە يىغلادى ئانچۇنان يالبارىپ،
قىلىپ نالەئى يۈز تۈمەن بۇ غەرىب.
كى ئالقىش دېدى: «قىلمە مۇنداغ سەدا،
باشىڭنى قىلۇرمەن تېنىڭدىن جۇدا.»
خاجە بىلدى قويماسلىقىنى تىرىك،
تىرىكلىك ئىشدىن بۇ ئۈزدى ئىلىك.
دېدى: «ئۆلتۈرۇرسەن، ئۆلەرمەن ئۆزۈم،
كى باردۇر مېنىڭ بىر ۋەسىيەت سۆزۈم.
كى ئىشلەپ ئىدىم ئانچە تارتىپ زۇلۇم،
مېنىڭ قالدى سەندە ئۈجۈرە فۇلۇم.
قالىپ ھاملە خاتۇنۇم ئۆيدە تۇل،
يوق ئېردى ئاڭا خەرج قىلماقغە فۇل.
ئۈجۈرەمنى شول خاتۇنۇمغە ئېبەر،
ئايىتغىل سەلامەتلىكىمدىن خەبەر.
مېنى خاتۇنۇم سورسە مۇنداغ دېسۇن،
سەلامەت ئۆزى، فۇل ئېبەردى دېسۇن.»
قىلىپ ئېردى مۇنداغ ۋەسىيەت ھەمان،
ۋەزىر باشىنى كەستى، بەرمەي ئەمان.
مۇنى ئۆلتۈرۈپ گەنجىنىڭ ئاستىغە،
كۆمۈپ قويدى، ئاخىر چىقار راستىغە.
شەبئاھەڭنى قىچقاردى ئالقىش ۋەزىر،
بۇ ئېردىكى ئەييارەئى بىنەزىر.
ئانىڭ ئالدىدا قويدى ملىك تەڭگەنى،
دېدى: «تاپ بارىپ كۇفەدىن يەڭگەنى.
بۇ كۈن ئەرتە سەن ئاتنى يېلدام چاپىپ،
بېرىڭ خاجەنىڭ خاتۇننى تاپىپ.»
ۋەلي چىقتى پۇلنى ئالىپ شول زەمان،
چىقىپ بولدى كۇفە يولىغە رەۋان.
يېتىپ كۇفەغە ئاندا، مۇندا قاراپ،
تاپىپ كەلدى بۇ بىركىشىدىن سوراپ.
چىقىپ ئالدىغە خاجەنىڭ خاتۇنى،
كى باشلاپ ئالىپ كىردى ئۆيىگە مۇنى.
مەھازەر قويۇپ ئالدىغە شول زەمان،
دېدى: «سىز كېلىپ، خاجە بەختى قايان؟»
دېدى بۇ: «كىراچى قىلىپ سەۋداگەر،
ئالىپ كەتتى ئول ئىككى يىللىق سەفەر.
بۇ ملك تەڭگەنى سىزگە بەرمەك ئۈچۈن،
قويۇپ ئېردى سىزگە تۇكۇرمەك ئۈچۈن.
چىقىپ سەۋداگەر بىرلە كەتتى ئۆزى،
ماڭا ئېردى ئۇشبۇ ئەمانەت سۆزى.
بېرىپ ئۇشبۇ ملك تەڭگە فۇلنىنا،
مەدايىنغە كەتتى بۇ ئادەم يانا.»
بۇ فۇل بىرلە بىرنەچچە كۈن بولدى باي،

ئىدى هامىلە، بولدى توققۇز ئاي.
بىرىپ ھەق تەئالا بۇ خاتۇنغە يول،
ئوشۇل سائەتى بىر ئوغۇل تۇغدى ئول.
بۇ گويياكى چۇن گەۋھەرى ئافتاب،
ئىرۇر پاكىزە چىھرەسىدە خىتاب.
كى ساھىب جەمالۇ فىشانەسى بار،
مۇبارەك قەدەمىنىڭ نىشانەسى بار.
كى تۇغماس مۇنىڭدەك ئوغۇلنى ئانا،
ۋۇجۇدىغە كەلمەس جەھاندا يانا.
ۋەلېكىن دەر ئىردى ئاناسى باقىپ،
ئىيالىنىڭ لەبىگە لەبىنى ياقىپ:
«بىلۇرمەنكى بەختىڭ قارادۇر سېنىڭ،
ئاتاڭ بولسە، يا بىر ئاغاۋۇ ئىنىڭ.
ۋەيا كاشكى بولسە تا مەندە فۇل،
كى يوق ئېئتىبارى، كىشى بولسە تۇل.»
كىشى كىرمەس ئىردى بۇ ئۆيگە نېچۇن،
بۇ يىغلار ئىدى ئۇشبۇ يەڭلىغ نېچۇن.
چەراكى ئۆزى بىبىزائەت ئىدى،
فۇلى يوق كىشى بىسەرافەت ئىدى.
مۇنىڭدا ئىدى يىغلاماقلىق ئىشى،
بۇ ئەسنادا كەلدى ئەجەب بىر كىشى.
كېلىپ دېدى ئول دەم: «سەلامەتمۇسەن،
خاجە بەختىنىڭ خاتۇنى سەنمۇسەن؟»
دېدى خاجەنىڭ خاتۇنى: «ئارى، مەن،
نېتەي، خاجەنى كۆرگەلى زارىمەن.»
كۆرۇنمىش ئەجايىب مۇنىڭ ھەيئەتى،
بۆلەكچە سەراسەر ئۇلۇغ ھەيبەتى.
لىباسى سارىغدۇركى دەستارى ئاق،
ۋەلې مەنزىلى مەئلۇم ئولمىش يىراق.
دېدى بۇ: «بەلىناس ئىرۇر ئاتىمىز،
كى جاماستىنىڭ چاكەرىزاتىمىز.
دېمىش ئىردى جاماست ئۆتكەن زەمان،
قىلىپ بۇ ۋەسىيەتنى ئۆتكەن ھەمان.
فەلان يىل فەلانى ئايۇ ھەفتىدە،
تۇغۇلمىش نەبىرەم فەلان ۋەقتىدە.
قىلىپ بۇ ۋەسىيەتنى جاماست ھەم،
بىرىپ ئىردى مىڭ تەڭگە فۇل بىزگە ھەم.
دېمىش ئىردى ھالىدىن ئالغىل خەبەر،
ۋۇجۇدىغە كەلگەندە بۇ فۇلنى بەر.
بۇ كۇنلەردە بولمىش قەرارى ئانىڭ،
زۇھۇر قىلدىمۇ شول ئىيالىڭ سېنىڭ؟»
دېدى: «كەلدى ھالا ۋۇجۇدىغە بۇ،
ئوشۇل سائەتىدە تۇغۇلدى شۇبۇ.
قىلىپ ئانچۇنان خۇررەمۇ شادلىق،
قىلىپ ھەم مۇبارەك بىلەن بادلىق.
بۇ مىڭ تەڭگە فۇلنى بېرىپ شول زەمان،
بۇ ئادەم چىقىپ بولدى يولغە رەۋان.
قىلىپ خاجەنىڭ خاتۇنى ئابۇ ئاش،
مۇبارەكلەدى چوڭ-كىچىك پىرۇ ياش.
يىغىلمىش ئىدى ئاشغە ئەركەك-تىشى،
بۇ ئەسنادا كەلدى يەنە بىر كىشى.
ئىگىز بويلۇق، سەبزە رەڭدۇر ئۆزى،
ساقال ئاق، قاشى ھەم، قارادۇر كۆزى.
سەلام قىلدى بۇ دېدى: «ھەمشىرە، سىز،
خاجە بەختىنىڭ خاتۇنى سىزمۇسىز؟»
دېدى: «ئارى، مەن خاجەنىڭ بىۋەسى،
ئىرۇرمەنكى رەسۋايى كۆز خىرەسى.»
دېدى: «مەن زەمان فەيلەقۇس ھاكىمى،
دەپ ئىردىكى جاماست ماڭا بىر كۇنى.
فەلان يىل، فەلان ئاي ئۆتۇپ كۇنلەرى،
فەلان سائەتى ھەفتەنىڭ تۇنلەرى.
زۇھۇر ئەيلەر ئول ماھ ئىلە تائەتى،
تۇغۇلمىش نەبىرەم ئوشۇل سائەتى.
دېمىش ئىردىلەر قىلساڭىز ئىلتىفات،
ئوشۇل دەم بارىپ قويساڭىز ياخشى ئات.
ئوشۇل كۇن تۇغۇلغان ئىيالىڭ قەنى،
ۋەلې ھۇسنى ساھىب جەمالىڭ قەنى؟»
دېدىكىم: «تۇغۇلمىش ئىيالىم شۇبۇ،»
كۆرۇپ شاد ئولۇپ قولىغە ئالدى بۇ.
قويۇپ ئافەرىنلەر نىشانەسىگە،
سۆيۇپ قويدىلار ئول پىشانەسىگە.
«قىلۇر ئىردى جاماست مۇنىڭدىن خەبەر،

www.uyghurkitap.com

زىيادە دېگەندىن كۆرەندى بۇ ئەر.»
بۇ سۆزنى قىلىپ ئەۋۋەلۇ ئاخىرىن،
قىلىپ يۈز تۈمەن تەھسىنۇ ئافەرىن.
تەھىييات ئوقۇپ ھەمد بىرلە سەنا،
دېدى: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم يانا.
سالىپ قۇرئەنى، تالىئنى باقىپ،
دېدى «بارىكەللاھ،» پېشىگە قاقىپ.
ساقالىنى سۇرتۇپ ئاياغىغە ھەم،
سۆيۈپ قويدى پايىغە بۇ دەم بەدەم.
«قىلىپدۇر ئەتا ھەق تەبارەك ساڭا،»
دېدى: «خاجە كەۋنەين، مۇبارەك ساڭا.»
سالىپ قۇرئەنى، قىلدى يۈزمىڭ سىفات،
مۇڭا خاجە بۇ زەر جۇمھۇر ئات.
دېدى: «ھەمشىرە، سىز يەنە غەم يېمەڭ،
مۇنى تەربىيەتلەر قىلىڭ، قۇل دېمەڭ.»
بۇ سۆزنى قىلىپ ئۇشبۇ ئادەم ھەمان،
بۇ ھەم خۇبلاشىپ بولدى يولغە رەۋان.
مۇڭا تەربىيەتلەر قىلىپ تۇردىلەر،
ئاياغى چىقىپ گاھى ئولتۇردىلەر.
مۇنىڭ ياشى تۆرتكە يېتىشكەن زەمان،
كى ئولتۇرغۇزۇپ خەتنەگە شول زەمان.
بېرىپ ئېردى مەكتەبغە ھەم ئۇشبۇ ھال،
كى قۇرسەتدە تاپتى ئوقۇپ ئىلمى قال.
كى ئاندىن قىلىپ مەدرەسە ئىختىيار،
ئوقۇر ئېردى بىرنەچچە كۈن شەھرىيار.
كېلۇر ئېردىلەر بىركۈنى ئۆي سويان،
جۇھۇد بار ئىدى شەمئۇن ئاتلىغ يامان.
ۋەلې تام سالىپدۇر جۇھۇدلار ياتىپ،
ئۆتەر يولنى ھەم ھولەسىغە قاتىپ.
كېلۇر ئېردى ھەم خەلقنىڭ ئاچچىغى،
مۇنى مەنئ ئېتەرگە يوق ئېردى چاغى.
كېلىپ خاجەزادە بۇ يەرگە ھەمان،
دېدى: «تام سالىپسەن بۇ يەرگە يامان.
ئۆتەر يولدا خەلقنىڭ ھەققى بار،
مۇڭا تام سالىپ، قىلماغىل يولنى تار.»
دەپ ئېردى خاجەزادە ھەم ئۇشبۇرەڭ،
كېلىپ ئاچچىغى بۇ جۇھۇد بولدى تەڭ.
دېدى: «ئەي ھەرامزادە شۇم، بىپەدەر،
بۇ ئىشدىن نە پايدا ساڭا نە زەرەر؟»
بۇ مەلئۇن كېلىپ تازىيانە سوقۇپ،
ۋەلې قوغلادى ناسەزالار ئوقۇپ.
خاجەزادە بولدى ئۆيىگە رەۋان،
كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرەندى جەھان.
سىنىپ كۆڭلى ھەم باغرى بىريان ئولۇپ،
خاجە كەلدىلەر ئۆيگە ھەيران بولۇپ.
ئوقۇپ يۈردىلەر نەچچەكۈن ئۇشبۇھال،
يەنە مەدرەسە ئىچرە بولدى سۇئال.
بولالماي خاجەزادە بىرلە بەدەل،
كى ئەربابنىڭ ئوغلى قىلدى جەدەل.
دېدى: «بىپەدەر شۇم يەتىمنى كۆرەڭ،
قىلۇر سۆز بۇ يەردە مېنىڭ بىرلە تەڭ.
ماڭا نەڭگۇ نامۇس ئېرۇر ئۇشبۇ سۆز،
بەرابەر بولۇپ سەن ماڭا سالمە كۆز.»
بۇ سۆزلەر خاجەزادەگە بولدى داغ،
كى بەدھال ئولۇپ بولدىلار بىدىماغ.
كىتابىن سالىپ قوينىغە شول زەمان،
كى يىغلاپ خاجە ئۆيگە بولدى رەۋان.
كىرىپ كەلدى ئۆيگە خاجە ئۇشبۇ ھال،
كۆرۈندى ئاناسىغە كۆڭلى مەلال.
كۆرۈپ بۇ سىفەت دېدى: «ئەي گۈلئۇزار،
نە بولدۇڭ جىگەر گۇشەئى غەمگۇزار.؟»
دېدى خاجە: «مۇنداغ بولۇرمۇ كىشى،
كېلىپدۇر باشىمغە يەتىملىك ئىشى.
مېنى كۆرسە خاھى تىشى خاھى ئەر،
كى دەيدۇر ئاراسىز يەتىم بىپەدەر.
تۈشۈپدۇر باشىمغە يەتىملىك يانا،
يامان سۆز تولا ئىشتەدۇرمەن، ئانا.
ئاتامنى كىشى سورسە بىلمەس ئىكەن،
ئاتاسىزنى ھەق خار ياراتمىش ئىكەن.»
ئاناسى دېدى: «ئەي بالام، يىغلاماڭ،
فىراق ئوتىدا سىز مېنى داغلاماڭ.
ئاتاڭ خاجە بەختى دېگەن بار ئىدى،

كۇن ئۆتكەرمەكى ئانچە دىشۋار ئىدى.
تىجارەت ئۇچۇن قىلمىش ئېردى سەفەر،
ئانىڭ يوق تىرىك بارلىقدىن خەبەر.
مەداينغە قىلمىش ئىدى راھلە،
ۋەلېكىن ساڭا مەن ئىدىم ھامىلە.
كېلىپ بىر قېتىم شول ئاتاڭنىڭ سۆزى،
ئىبەردى ماڭا فۇلنى، كەلمەي ئۆزى.
فەقىر نەچچە يىلدۇر بولۇپ مۇندا تۇل،
بۇ يەڭلىغ ئۇچۇن يوق، بالام، بىزدە فۇل.
دېدى خاجەزادە: «ئاتامنىڭ ئىشى،
ۋە قايسى ھۇنەردە ئىدى ئۇل كىشى؟»
ئاناسى دېدى: «يۇزلەنىپ خارلىق،
ئاتاڭ قىلمىش ئېردىيۇ ھەممالىق.
باباڭ ئىلمۇ ھىكمەتدە ئۇل چاغدا،
كۆرەر ئېردى ئالەمنى تىرناغدا.»
خاجەزادە دېدى: «ئاتامدىن، ئانا،
قالىپ ئېردىمۇ بىزگە نەرسە، يانا؟»
ئاناسى دېدى: «بىزدە ھېچ نەرسە يوق.
فەقىر بىز ئىدۇك گاھى ئاچ، گاھى توق.
باباڭدىن قالىپ ئېردى كۆپ فۇلۇ مال،
ئاتاڭ ئىلكىدە بولمىش ئېردى زەۋال.
دېدى خاجەزادە: «نىشانە ماڭا،
ۋەلې يوقمۇ ھېچ يادنامە ماڭا؟»
دېدىكىم ئاناسى: «باباڭ بىر كۇنى،
ۋەسىيەت قىلىپ بىزگە بۇ مۇلكىنى.
بېرىپ بۇ كىتابىنى ئۇل كۇن ماڭا،
دېمىش ئېردى ئانى ئەمانەت ساڭا.
كىتابىغە ئاتاڭ قەسد قىلغان ھەمان،
كى بەرمەي ياتۇر قاشىدا بىر يىلان.
تاتىپدۇر كىتاب ئۇزرە بىر جەمبەرەك،
كى يوقتۇر ئالۇرنىڭ ئىلاجى بۆلەك.»
بۇ سۆزنى ئوشۇل دەم ئىشىتكەن زەمان،
خاجە بولدىلار شاتۇ بىرلە رەۋان.
تۇشۇپ خاجەغە بۇ يىلاننىڭ كۆزى،
كېتىپ سۇرەتى، بولدى ئادەم ئۆزى.
دېدى: «شۇكرى لىللاھ، سەلامەت ساڭا،
ۋەلې تەگدى ئەمدى ئەمانەت ساڭا.
ئەمەسمەن يىلاندىن، ئېرۇرمەن مەلەك،
قىلىپ ھەق مېنىڭ سۇرەتىمنى بۆلەك.
مۇنى ساقلادىم نەچچە يىل مەن بۇ دەم،
ۋەلې سىزگە قويغان ئەمانەتنى ھەم.»
خاجەزادەگە ئانچە تالىب بولۇپ.
بۇ سۆزنى قىلىپ كەتتى غايىب بولۇپ،
بۇ يەردىن كىتابىنى ئالغان زەمان،
ئىبادەت سەرايىغە بولدى رەۋان.
باقىپ بۇ. كىتابى غۇبارىنى ھەم،
مۇتالىئە قىلىپ شول زەمان سالدى رەم.
باقىپ بۇ كىتابىنى بىر كۇنغىنا،
دېدىكىم: «ئاتام قايدا بارغان، ئانا؟»
ئاناسى دېدى: «ئەي جىگەر گۇشەئى،
كى باردۇر ئاتاڭدىن كۆپ ئەندىشەئى.
كى ئالقىش ئاتاڭغە بېرىپ مۇنچە فۇل،
ئالىپ كەتمىش ئېردى مەداينغە ئۇل.
مەداين ئىمىش يەتتە كۇنلۇك شەھەر،
ماڭا يوق تىرىك يا ئۆلۈكدىن خەبەر.»
بۇ سۆزگە خاجە قىلمادى ئەسلى ئۇن،
مۇنىڭ بىرلە ئۆتتى يەنە نەچچە كۇن.
كىتابىغە زەۋقى كېلىپ ھەر زەمان،
مۇتالىئە قىلىپ تاپماس ئېردى ئەمان.
ئاناسى بولۇپ بىر كۇنى ئىنتىزار،
دېدى: «ئەي جىگەرگۇشەئى غەمگۇزار.
قىلۇرسىز ھەمىشە بۇ يەڭلىغ ئۇيان،
دېمەسسىز ماڭا ئاش بىلە نان قايان.
كى ئۆيدە ئەسەر يوق غىزادىن ماڭا،
بارىپ كەلتۇرۇك نان بازاردىن ماڭا.
ئاتاڭ قىلدى ھەممالىق نەچچە يىل،
كى سەن ھەم ئاتاڭ قىلغان ئەۋقاتنى قىل.»
دېدى خاجەزادە: «بۇ سۆز خۇب ئېرۇر،
كى سەبرى قىلىڭ ھەق تەئالا بېرۇر.»
ئاناسى يەنە بىر كۇنى قىلدى سۆز،
دېدى: «نەچچە كۇندۇر تۇتۇپ سىزگە كۆز.
ماڭا ئارزۇ بولدى بازارنىڭ نانى،
بارىپ كەلتۇرۇك نان ماڭا سىز قانى.
شەھەر ئىچرە ھەممالىق قىلساڭىز،»
دېدى: «فۇل تاپىپ، نان ئالىپ كەلسەڭىز.»

www.uyghurkitap.com



خاجەزادە قويى شەھەرگە قەدەم،
كېلىپ ئۇستە نانۋاي قاشىغە بۇ دەم.
دېدى: «ئۇستە، هاي، بىر تىبەك نان بېرىڭ،
قۇلۇم يوق ھەلى، قۇلنى تاپسام ئالىڭ.»
كېلىپ ئاچچىغى دېدى: «قۇلنى ساناڭ،
بېرىپ ئېردىمۇ ئۇننى بىزگە ئاناڭ؟!
خۇب ئېرمەستۇ باشىڭغە ئۇرسام ھەلى،»
دېدى: «بىپەدەر، شۇم يەتىم، ئۇت نارى.»
بۇ يەگىلىغ دەپ ئېردىكى نانۋاي بەچە،
ئىزار تارتىبان ئانچۇنان بۇ خاجە.
دېدىلەركى ئول: «سائەتىدە ۋەلي،
كى سىررىڭنى مەن فاش ئېتەيمۇ ھەلى.»
دېدى نانفۇرۇش: «مەندە نې كاردۇر،
بەيان قىل يامان نې ئىشىم باردۇر؟»
دېدى خاجەزادە «ئۆزۈڭ بەلخدىن،
ئوغۇرلۇقىڭنە شاھنىڭ خەلقدىن.
كى بۇغداي ئالىپ كەلدىڭىز تۈن كېچە،
فىرىفتە قىلىپ دوست ئولۇپ بىر نەچە.
بېرەي قۇلنى دەپ ئانى كەلتۈردىڭىز،
سولاپ ئىچكەرى ئۆيدە ئۆلتۈردىڭىز.»
بۇ سۆزنى خاجەزادە قىلغان زەمان،
يىقىلدى ئەياغىغە بەرمەي ئەمان.
دېدى: «ئەي خاجەم، ئەسلى بىلمەسلىكىم،
ئۆزۈم ساق ئەمەس، بار ئىدى مەستلىكىم.
قىرىلىق ئىشدىن ئۇچانغان ئۆزۈم،
تولا نان ياقىپ تىيرە بولغان كۆزۈم.»
دېدى: «ئەي خاجەم، كۈندە ئون دەستە نان،
تىرىك بارمەنكىم، دېمەي قۇل قايان.»
ئالىپ نان تىبەگدە كۆتەردى ئۆزى،
ئانىڭ يالبارىپ ئالتە بولدى كۆزى.
يۈدۈپ ناننى بۇ خاجەنىڭ ئالدىدا،
كى يالبارمىش ئېردى تۇرۇپ دالدىدا.
بۇ يەگىلىغ خاجە بىرلە بىللە بارىپ،
خاپاننى ئالىپ ياندى ناننى بېرىپ.
ئاناسى كۆرۈپ دېدى: «ئەي گۈلئۇزار،
نەيەردىن ئالىپ كەلدىڭ، ئەي غەمگۇزار.»
دېدى خاجە: «بىل ياخشى بۇ چاغنى،
ئۆزۈمنى پىگىل، سورماغىل باغنى.
ۋەلې ھەق تەئالا قىلۇر ئاچنى توق،
كى يوقلارنى پەيدا قىلۇر بارنى يوق.»
ۋەلېكىن بۇ يەگىلىغ بىرۇر ئېردى نان،
مۇنىڭ بىرلە ئۆتتىيۇ نەچچەند زەمان.
ئۆتۈپ ياز، بولۇپ بولدى كۈز فەسلى،
دېدىلەر: «يېگۇم كەلدى قوي كاللەسى.»
دېدى: «نان تولا، ئۇيدە قالدى قاتىپ،
دېدى: «كاللا ئالغىل، بۇ ناننى ساتىپ.»
خاجەزادە: «ئۇبدان بولۇر» دەپ يانا،
ئوقۇپ ھەق تەئالاغە شۈكرى سەنا.
ئوشۇل دەم كېلىپ چاسۇنىڭ باشىغە،
كېلىپ تۇردىلار كاللافەز قاشىغە.
تىزىپ ئولتۇرۇپ كاللافەز كاللانى،
ئۇرۇپ قوغلابان ھەر تەرەف باللانى.
دېدىكىم خاجە «كاللاڭىزنى ساتىڭ،
قۇلۇم يوق، بېرۇرمەن سۆزۈمگە پېتىڭ.»
دېدى كاللافەز: «سەن نە سۆزنى دېدىڭ،
ئۇ يان ئۆت، ھېلى سەن باشىڭغە يېدىڭ.
چاكارمۇ قارىغان ئاناڭ تۇلغە بىز،
بۇ قوي مۇت ئەمەس، ئالغۇلۇق قۇلغە بىز.»
ئوقۇپ ناسەزا شورپا بىرلە ساچىپ،
خاجە تۇردى مۇندىن ئۇيانراق قاچىپ.
دېدى خاجەغەسۆز ياماندىن يامان،
دېدى خاجەزادە بۇ سۆزنى ھەمان:
«قۇلاق سال، بۇ يەگىلىغ سۆزۈمگە مېنىڭ،
كى سىررىڭنى فاش ئەيلەيىنمۇ سېنىڭ؟
ھەمىن سائەتى ئاشكار ئەيلەبان.»
دېدى: «نې جەفالار قىلاي بىگۇمان.»
دېدى كاللافەز نە ئېرۇر قىلمىشىم،
ئايتىغىل نە يەگىلىغ يامانلىق ئىشىم؟»
دېدى خاجەزادە «مېنىڭكى ئاتام،
ئىدى شاھنىڭ ئالدىدا سۇبھۇ شام.
ئوشۇل شاھدىن بىخەبەر ئىككى ئاي،
ئوغۇرلۇق قىلىپ تۈن كېچە ئىككى باي.
بېرىپ سىزگە ھەم ئىككى يۈز چوڭ ئېرىك،
بولۇپ ئېردى ئول سىزگە سۇدى شەرىك.
كى مېھمان قىلىپسىز ئانى كەلتۈرۈپ،
كى بىغەم بولۇپسىز ئانى ئۆلتۈرۈپ.
ئانى تۈن كېچە بىر چۇقۇرغە تىقىپ،
كۆمۈپ قويدىڭىز توغرا تامنى يىقىپ.

ئەگەر ئاڭلاسا پادىشاھى جەھان،
كېلۇر باشىڭىزغە ئۆلۈم شول زەمان.
سېنى ئۆلتۈرۈپ تىرى باران ئېتەر،
ئۆزۈڭغۇ ئۆلۈك، ھەم ئەيالىڭ كېتەر.»
دەپ ئېردىكى، ساچراپ يۈگۈردى بۇ يان،......
تۇرۇپ قالدى بۇ كاللا بىرلە قازان.
دېدى يىغلابان: «ئەي خاجەم بىلمەدىم،
تانۇماي سېنى مەن فەلانچى دېدىم.»
بىروق كاللافەز يىغلادى يالبارىپ،
يۇدۇپ كاللانى بۇ قازاندىن ئالىپ.
دېدى يىغلابان: «ئۇشبۇ سۆزنى دېمەك،
بېرەي كاللا ھەركۈنلۈكى، غەم يېمەك.»
ئالىپ كاللانى بىر قاچاغە تىقىپ،
رەۋان بولدى يولغە، شەھەردىن چىقىپ.
بولۇپ كاللافەزگە بۇ يەڭلىغ زىيان،
بېرىپ كاللانى، ياندى بۇ ئۆي سويان.
ۋە ھەر كۈنلۈكى بەرمىش ئېردى بۇ رەڭ.
ئىكۆيلەن كېلىپ ھەم يانۇر ئېردى تەڭ.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ، ئۆتتى بىرنەچچە كۈن،
ئاناسى يەنە بىر كۈنى ئەيلەپ ئۈن.
دېدى: «ئارزۇ بولدى بىريان يېمەك،
خوب ئېرمەس بالام ئۆزگەلەرگە دېمەك.»
قويۇپ خاجە چىقتى ئۆيدىن ھەمان،
يېتىپ كەلدى...............①
دېدى خاجە بىريان ساتىڭ بىر تولۇم.
ھەلى بەرگەلى سىزگە يوقتۇر فۇلۇم.»
ئۇشۇل دەم بىريانگەر ئوقۇپ ناسەزا،
خاجازادەگە قىلدى كۆلفەت ئىزا.
يەنە قورقۇتۇپ ئانى ھەم ئۇشبۇ رەڭ،
كى بىريانگەر يالبارىپ قىلدى تەڭ.
ئالىپ كەلدى بىريان، بارغان زەمان،
ئاناسى بىلە بولدى خوب كامران.
بۇلارغە خاجە قىلمىش ئېردىكى ناز،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئۆتتى ھەم قىشۇ ياز.

## فەسلى داستان، خاجە ئەبۇزەر جۇمھۇر ئاتاسىنى ئىزدەپ مەدايىنغە بارغانى

ئىشتىكىل يەنە بۇ ھىكايەتنى سەن،
بەيان ئەيلەيىن بۇ رىۋايەتنى مەن.
ئۆتۈپ ئايدىن ئاي ئولتۇرۇپ: «ئەي ئانا،»
دېدى بىركۈنى خاجەزادە يانا:
«ئاتام يارلىغى سىزگە ئىزھارمۇ،
مەدانىيىندە ئالقىش دېگەن بارمۇ؟»
ئاناسى دېدى: «ئۇرمە جانىمغە نىش،
كى ئالقىش ۋەھالا تىرىك بار ئىمىش.»
دېدى خاجەزادە: «ئاتامنى باقاي،
مەدايىن ئارا بولسە ئىزدەپ تاپاي.
ۋەيا بولماسا، مەن يۈرۈپ ھەرشەھەر،
تېرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ، ئالاي بىر خەبەر.»
باشىغە ئېتىپ ئول زەمان سەللەنى،
ئالىپ بۇ كىتابى بىلەن تەللەنى،
ئاناۋۇ ئوغۇل ئانچۇنان يىغلاشىپ،
مەدايىنغە يۈزلەندىلەر خوبلاشىپ.
يېتىپ بۇ شەھەرگە بولۇپ كامران،
قەدەم قويدى ئالقىش مەكانى سويان.
كېلىپ بۇ چەھار باغىغە شەھرىيار،
كىرەرگە ئەجەب قىلدىلار ئىختىيار.
ئېتىپدۇر كىشىكنى، يېتىپ باقتىلار،
«ئاچىڭ!» دەپ بۇ يەردە ئىشىك قاقتىلار.
قويۇپ مۇندا بىر قۇلنى ئالقىش ۋەزىر،
قىلىپ باغبان باغدە مۇنتەزىر.

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ ئورۇن پەرىسۇدە بولغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



چىقىپ ئېردى ئاۋاز ئىشىكدىن بۇ رەڭ،
بۇ ئاۋازىدە باغبان بولدى تەڭ.
يۈگۈردى بۇ قۇل ئاندا قالدى ئىشى،
دېدى: «سەن نە ئادەم، نە يەكلىغ كىشى؟»
دېدى خاجە: «مەن بىر مۇسافىر غەرىب،
ئىشىكنى ئاچىڭ، مەن كېلىپمەن ھارىپ.»
ئوشۇل دەم كېلىپ ئىشىكنى ئاچقاي ھەمان،
دېدى «سۇنما قولنى، ياتىپدۇر يىلان.
ياتىپدۇر بۇ يەردە چاقۇرغە سىنى،»
دېدى: «ئۆلتۈرۈڭ ئەۋۋەلاسىز ئانى.»
يىلانغە بۇ قۇلنىڭكى تۇشتى كۆزى،
دېدى: «راست ئېكەندۈك مۇنىڭكى سۆزى.
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ بۇ يىلاننى ھەمان،
ئىشىكنى ئاچىپ باغبان شول زەمان.
چىقىپ ئالدىغە خاجەنى كۆردى بۇ،
دېدى: «شاھدىن بولسە تەھقىق شۇبۇ.»
كۆرۈپ ئانچە نۇرانە ساھىبجەمال،
جەمالىغە گويا بولۇپ ئەقل لال.
لەبى لەئلدۇر، ماھى تابان يۈزى،
ئېرۇر گەۋھەرۇ دۇررۇ مەرجان سۆزى.
دېدى: «سىز، خاجەم، قايسى باغنىڭ گۈلى،
ۋە قايسى چەمەنزارنىڭ بۇلبۇلى؟
ۋە قايسى شەھەرنىڭ شەھەنشاھىسىز،
جەھان ئىچرە قايسى پەرى ماھىسىز؟
ۋە قايسى ئۇلۇغ تەختنىڭ تاجىسىز،
جەھان ئەھلىنىڭ قايسى شەھبازىسىز؟
نە بىلدىڭ خاجەم بۇ يىلان بارىنى،
ماڭا ئول يامانلىق قىلۇر كارىنى؟
نە مەئلۇم ساڭا، قىچقىرۇرسەن ئوقۇپ،
مېنى بەختىيار دەپ ئاتىمنى تۇتۇپ؟
نېچۈكدىن بۇ ئىش سىزگە ئىزھار ئېرۇر،
مۇنى قىلسە قانداغ كۆڭۈلگە كېلۇر؟»
دېدى خاجەزادە: «ماڭا بۇ ھۈنەر،
مېنىڭ ئۇشبۇ ئىلمىم قىلادۇر خەبەر.
فەلان يەردە ئىككى يىلان بار ئىدى،
بىرى ئاقۇ بىرسى قارا مار ئىدى.
ئوشۇل كۆنكى باغقە سۇنى ئاچقۇچە،
كى ئۆلتۈردىڭىز بىر يىلان قاچقۇچە.
قالىپ بۇ يىلان جۇفتىنىڭ داغىغە،
كېلىپ سىزنى ئۆلتۈرگەلى باغىغە.
.........①سالۇرغە زەھەر،
ئەگەر كەلسەڭىز.........② خەبەر.
بۇ قۇل دېدى: «مەن ئۆز ئۆيۈمگە بارىپ،
كېلەي مۆۋەدىن ئۆزلەرىگە ئالىپ.»
بولۇپ ئېردى قۇل مۆۋە سارى رەۋان،
خاجەزادە ھەم باقتىلار ھەر قايان.
بۇ قۇل ھەر كۆنى بىر قازۇقنى قاقىپ،
يۈرۈر ئېردى بىر قوينى باغدا باقىپ.
كېلىپ خاجەزادە بۇ قوينى ھەمان،
شىشىپ قويدىلار، قوي بوشاندى ئۇيان.
بوشاندى بۇ قوي، زەئفەراننى يېدى،
خاجە قىچقىرىپ: «قوي بوشاندى!» دېدى.
ئوشۇل دەم بۇ قوينى تۇتۇپ باغبەند،
بۇ يەردە قازۇقغە قىلىپ قويدى بەند.
بارىپ ئېردى بۇ مۆۋەسارى يانا،
بوشاتتى بۇ قوينى ھەم ئاستاغىنا.
دېدىلەر يەنە: «قوي بوشاندى!» ھەمان،
كېلىپ ئاچچىغى باغباننىڭ يامان.
يۈگۈردى بىروق، تىرە بولدى جەھان،
كېلىپ ئۇردى بۇ قوينى بەرمەي ئەمان.
يىقىلماسدا يەرگە چىقىپ ئۇر جانى،
كېسىلىپ باشى يەرگە ئاقماس قانى.
دېدى خاجە: «بۇ ئىشنى خام قىلدىڭىز،
ئۇرۇپ ئۈچ ھەلالنى ھەرام قىلدىڭىز.»
دېدى باغبان: «بۇ نېچۈك سۆزلەرى،
بۇ قوي بىر ئىسە، كورمىكى كۆزلەرى؟»
دېدى خاجە: «باردۇر ئىچىدە بالا،
بۇ ئىككى، بىرى ئاقۇ بىرسى قارا.
ئىشى ئاقدۇر، ئول قارا ئەركەكى،
ئىشىنىڭ قارا، قۇيرۇقى، كىندىكى.
قارانىڭ ئاقى بار بىراق باشىدا،

① ② بۇ ئورۇنلار ئەسلى قوليازمىدا پەرمۇدە بولغان.

ئاقىننىڭ قارا كىندىكى قاشىدا.»
بۇ سۆزنى دەپ ئېردى خاجە ئۇشبۇرەڭ،
كى ئالقىش بۇ سۆزنى ئىشتتى بۇرەڭ.
تۇرار ئېردى ئالقىش مۇنى ئاڭلاشىپ،
ماراپ بىر تەرەفدىن رەۋاقنى تېشىپ.
خاجەزادەنىڭ سۆزنى ئۇشبۇ جاغ،
بۇ بەگ ئاڭلامىش ئېردى باشدىن ئاياغ.
دېدى قىچقىرىپ قۇلنى ئالقىش ھەمان،
«ئوغۇل بىرلە قوينى ئالىپ چىق بۇيان.»
دېدى خاجەزادەنى باغچى: «يۈرۈڭ،
ۋەزىر قىچقىرادۇر ئانى بىر كۆرۈڭ.
خاجە يۈزلەنىپ قەسرنىڭ باشىغە،
چىقىپ تۇردى ئالقىش ۋەزىر قاشىغە.
كۆرۈپ خاجەنى ئۇشبۇ بەگ بىگۇمان،
كۆزىدىن ئاقىپ چىقتى بىر قەترە قان.
دېدى: «ئەي يىگىت، سەن نە يەرلىك ئىدىڭ،
بۇ قوي بارەسىدە بۇ يەڭلىغ دېدىڭ؟
مېنىڭ ئەرتەدىن سەندە ئېردى كۆزۈم،
ئارىغ مەن سۆزۈڭنى ئىشتتىم ئۆزۈم»
دېدى خاجەزادە: «يەنە سىز كۆرەڭ،
بۇ قوينى باقىڭ بۇ چىقار ئۇشبۇرەڭ.»
يارىپ قارنىنى ئىت يېگەندەككىنە،
باقىپ ئېردى، چىقتى دېگەندەككىنە.
دېدى: «ئەي ئوغۇل راست كەلدى سۆزۈڭ،
نە يەردىنۇ قايسى شەھەردىن ئۆزۈڭ؟
ۋە قايسى قەبىلە ئېرۇر زاتىڭىز،
نە يەرلىك ئوغۇلسىز، نەدۇر ئاتىڭىز؟»
دېدى خاجەزادە: «كۆڭۈلگە كېلۇر،
ئاتام خاجە بەختىئى كۇفىدۇرۇر.
كېلىپ ئول مەداينغە ئۆتكەن زەمان،
قىلىپ مۇندا ھەممالىق بىگۇمان.
كى بىر مەرتەبە بىزگە بولمىش خەبەر،
كىراچى قىلىپ كەتتى دەپ سەۋداگەر.
كى ئاڭلانمادى ئاندىن ئۆزگە سۆزى،
خەبەر يوق ئۆلۈك يا تىرىك دەپ سۆزى.
كېلىپمەن بۇ يەرگە ئالاي دەپ خەبەر،
باقۇرمەن ۋەيا بولماسە، ھەر شەھەر.»
بۇ سۆزنى خاجەزادە قىلغان زەمان،
ۋەزىرغە كۆرەندى قاراڭغۇ جەھان.

بۇ سەگ دېدى: «ئەمدى ئىلاجى نېمە؟
ۋەلې بىلگۇسىدۇر بۇ ئىشنى ھەمە.
ئاتاسىنى ئۆلتۈرگەنىمنى بىلۇر،
ماڭا ھەر بەلا بۇ ئوغۇلدىن كېلۇر.
ئەگەر بولسە شول خاجەنىڭ ئوغلى بۇ،
مېنىڭ دۇشمەنىم بولسە تەھقىق شۇبۇ.»
ۋەزىر قىچقىرىپ باغباننى بۇ ھال،
دېدى «بۇ ئوغۇلنى بىلىپ يولغە سال.
ياقاغە بارىپ سەن مۇنى ئۆلتۈرۈپ،
كەباب قىل ماڭا باغرىنى كەلتۈرۈپ.
سېنى مەن بۇ كۈن مۇندا ئازاد ئېتەي،
سەرۇپا بېرىپ ئانچۇنان شاد ئېتەي.»
ئالىپ خاجەنى باغبان شول زەمان،
كى بىر خالى پىنھانغە بولدى رەۋان.
كېلۇر ئېردىلەر باغ ئارا ئۇشبۇ ھال،
خاجە كۈلدى قەھقەھ بىلەن بىر خەيال.
دېدى باغبان: «بۇ يەقىن ئۆلمەكىڭ،
سېنىڭ يىغلاماي بۇ ئەجەب كۈلمەكىڭ.
دېدى خاجەزادە: «بۇ پاخپاقلىقىڭ،
مېنى كۈلدۇرۇر ئۇشبۇ ئەھماقلىقىڭ.
مېنى ئۆلتۈرۈپ سەن ئەگەر ئۇشبۇھال،
مۇرادىڭغە يەتمەكلىكىڭدۇر مەھال.
كى يادىڭدا ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزى،
ساڭا تۇتيادۇركى باسقان ئىزى.
بولۇپ نەچچە كۈن ئاشىقى زارسەن،
ئانىڭ ئوتىدا ئىشكىدە خارسەن.
ئۆزۈڭ ھەرنە يەڭلىغ قىلۇرسەن ھەۋەس،
بۇ ئىش ئەمما مەنسىز مۇيەسسەر ئەمەس.
چىقارماي ئاغىزدىن كىشىلەرگە ئۈن،
مېنى ساقلاساڭ مۇندا بىرنەچچە كۈن.
ئەگەر بولسە قىرق كۈن تۇتۇپ مەن ئانى،
بېرۇرمەن ساڭا قىرق بىرىنچى كۈنى.»
دېدى باغبان: «ئەي خاجەم، بىلدىڭىز،
ماڭا بۇ نەسىھەتنى خوب قىلدىڭىز.
ۋەلېكىن دەپ ئېردى ئوشۇل زەنجىلاپ
مۇنى ئولتۇرۇپ، قىل يۈرەكنى كەباب.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ مەن ئۆلۈمگە كېتەي،
يۈرەكنى كەباب قىل دېسە، مەن نېتەي.»
دېدى خاجەزادە: «شەھەرگە چاپىڭ،

فەلان يەردە پاقلان تۇرادۇر تاپىك.
كەباب ئەيلەبان باغرىنى شول زەمان،
بېرىك سىز بۇ ئالقىشغە، بولماس گۇمان.»
دېدى باغبان: «ئەي خاجەم، بۇ يۇرەك،
قاچان ئوخشاسۇن، ئادەمىينىڭ بۆلەك؟»
دېدى خاجەزادە: «بۇ قوينىڭ ئەگەر،
چىقار ئادەمنىڭغە ئوخشە جىگەر.
تۇغۇپ قوي، ئاناسى ئۆلۈپ شول كۈنى،
ئەمزگەن باقىپ قويچىنىڭ خاتۇنى.
قىلىپ تەربىيەت قويغە ئادەم سۈتى،
كى ئوخشايدۇ ئادەمگە ئانىڭ ئەتى.»
بۇ سۆزلەرگە قۇل بولدى كۆپ شادىمان،
ئۆيىدە قويۇپ خاجەنى شول زەمان.
ئوشۇل سائەتى. بۇ شەھەرگە چاپىپ،
ئالىپ كەلدى ئول دەم بۇ قوينى تاپىپ.
مۇنى ئۆلتۇرۇپ، تېرەسىنى سويۇپ،
جىگەرنى كەباب ئەيلەدى تۇز قويۇپ.
ئالىب كەلدى، هالا بۇ ئالقىش يېدى،
بۇ دەم: «قۇلنى ئازاد قىلدىم» دېدى.

## فەسلى داستان پادىشا ھ، كەيقۇباد بۇ كېچە تۈش كۆرۈپ، قورقۇپ ئويغانىپ، كۆرگەن تۈشنى ئۇنۇتغانى؛ ھۆكەمالار بۇ بۇ تۈشنى تاپالماي ھەيرانلىقدىن باشى قاتغانى؛ ئاخىر ئەبۇزەر جۇمھۇرتۈشنى تاپىپ، تەئبىر ئايتغانى

ھېكايەت ئىشىتمەك كېرەك شول كۈنى،
يېتىپ پادىشاھ جۇملەتۈل-مۈلكنى.
بۇ يەگلىغ بولۇپ پادىشاھنىڭ ئىشى،
ئوشۇل دەم بۇ ئالقىشغە كەلدى كىشى.
قوپۇپ بارغالى بۇ ۋەزىر كامران،
كۆرەندىكى شاھغە بارىپ شول زەمان.
دېدى پادىشاھ كەيقۇباد: «ئەي بەچە،
كى بىر تۈش كۆرۈپ مەن ئۇنۇتتۇم كېچە.
قېنى شول ئۇنۇتغان تۈشۈمنى تاپىك،
نە يەگلىغ ئىكەن، تەئبىرىگە باقىك.»
سۆزىنى بۇ يەگلىغ ئىشىتكەن زەمان،
كى ئالقىشغە يۈزلەندى بۇ سۆز يامان.
دېدى: «پادىشاھ، بۇ نېچۈك سۆز ئېرۇر،
ئۆزى بىلمەگەننى كىشى نە بىلۇر؟
ئۆزۈڭ ئەيلەگەيسەن تۈشۈگنى ئەيان،
قىلاي مەن ئانىڭ تەئبىرىنى بەيان.»
دېدى شاھ: «مەن تۈشنى بىلسەم ئىدى،
ساڭا ئىلتەجا قىلماس ئېردىم» دېدى.
«كى تاپغىل نە يەگلىغ تۈشۈمنى بۇ كۈن،
تاپىپ سەن جەۋابىنى بەر تېزۇ تۇن.»
كى ئالقىش دېدى: «بۇ نېچۈك سۆز ئېرۇر،
كىشىنىڭ تۈشىنى كىشى نە بىلۇر؟»
بۇ سۆزنى دېگەچ شاھ قىلدى غەزەب،
دېدى: «تاپماغۇڭ سەن تۈشۈمنى نە دەپ.
كى يۈز ھىكمەت ئەھلىغە سەردار ئولۇپ،
مۇنەججىملىكىڭ ئانچە ئىزھار ئولۇپ.
قولۇڭدىن سېنىڭ كەلمەسە مۇنچە ئىش،
نەدىن مەن قىلۇرمەن ساڭا پەرۋەرىش.
بارى ھىكمەت ئەھلىنى يىغقىل چاپىپ،
مېنىڭ بۇ ئۇنۇتغان تۈشۈمنى تاپىپ.»
يىغىلدى بۇ دەم ھۆكەما، خاسۇ ئام،
كى رەمچى، مۇنەججىم، نۇخۇدچى تەمام.
قىلىپ شاھ يارلىغ بۇلارغە ھەمە،
دېدى: «تاپ تۈشۈمنى، يۈيەگلىغ دېمە.»
بۇ يەردە بولۇپ جەمئ تۆرت يۈز كىشى،
بۇلارنىڭ ھەمە كۈشىش ئېردى ئىشى.
قىلىپ سەئيى كۈشىش تاپالماس ئىدى،
سالىپ ھەم نۇخۇد ھەم بىلەلمەس ئىدي.
بۇلار ئۇشبۇ رەسۋاچىلىقدا داغى،
تاپالماي كېلىپ شاھنىڭ ئاچچىغى.
غەزەب باشىدىن جۇش ئۇردى ئاشىپ،
كى چىقتى مويى جامەسىدىن تېشىپ.

دېدى: «بىلمەيىن شۇنچەلىك كارنى،
ئالىپسەن نە مىقدار ئىنئامنى؟!»
دېدى: «ئۆلتۈرۈرمەن قارى-ياشلىغىن،
تەمامى بۇ ئالقىش ۋەزىر باشلىغىن.
قىلىپ نەچچە تۈرلۈك ئوقۇبەت يامان،
تېرەڭنى سويۇپ تىقتۇرۇرمەن سامان.
قىلىپ پارە-پارە باشىڭنى كېسىپ،
باشىڭنى بۇ دەرۋازەلەرگە ئاسىپ.
جەھان ئىچرە مىسلىڭنى قويماي تىرىك،
ئەدا قىلمايىن يىغماغايمەن ئىلىك.»
بۇ يەڭلىغ قەسەم قىلدىيۇ ئەھدى ياد،
دېدى: «قىلماسام، بولماغۇم كەيقۇباد!»
بۇلار ئاڭلادى ئۇشبۇ يارلىغنى ھەم،
كى يۈزلەندى باشىغە غەم ئۈزرە غەم.
بۇلار دېدى: «ئەي پادىشاھى پەناھ،
كى مۇھلەت بېرىڭ بىزگە قىرق كۈن يانا.
جەۋاب ئايتالىڭ سىزگە قىرق كۈندە بىز،
كى ئاندىن قىلىڭ ھەر نىچۈك قىلساڭىز.»
دېدى شاھ: «ھالا، سۆزۈڭگە كىرەي،
تىلەرسەن بۇ قىرق كۈننى مۇھلەت بېرەي.»
بولۇپ مۇندا تۆرت يۈز كىشى سەرنىگۈن،
تاپالماي بۇ ھالدىن ئولدى زەبۇن.
بۇلار قىلدى ئالقىش مەكاندا جاي،
قىلىپ فىكرى ئەندىش ئىلە بولدى ئاي.
بۆلەك ھەربىرىسى سالۇر ئېردى دەم،
بولۇر ئېردى كۈندە زىيادە بۇ غەم.
بىرىسى سالىپ رەم، بىرىسى نۇخۇد،
تاپالماي دەر ئېردىڭى: «تەرسا، جۇھۇد!
دېمىش ئېردىيۇ پادىشاھنىڭ ئىشى،
كىشىنىڭ تۈشىنى بىلۈرمۇ كىشى.
ۋەيا بولماسا ئات-ئېشەك، قوي-كالا،
مۇنى تاپ دېمەك بىزگە بولدى بەلا.
بۇلار بىلدى ئەمدى فەساد ئولدى ئىش،
ۋەلى كەتتى بىزدىن بۇ تۈشنى بىلىش.»
بۇ ھەر كۈنلۈكى ھەم ياڭى باشىدىن،
ياساۋۇل كېلىپ شاھنىڭ قاشىدىن.
يېتىپ شاھنىڭ يارلىغى دەم بەدەم،
كېلىپ ھەربىرى قىلمىش ئېردى ئەلەم.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ بولدى قىرق كۈن داغى،
زىياد بولدى ھەم شاھنىڭ ئاچچىغى.
غەزەبدىن بولۇپ جىسمى ئانىڭ سارىغ،
ئوشۇل دەم بۇيۇردى ئۆلۈمگە ئارىغ.
ۋەزىرنىڭ مەكانىدا ئېردى بۇلەر،
بۇ ئەسنادا كەلدى ئۇلارغە خەبەر.
يېتىپ كەلدى جەللادلار ئۇشبۇ رەڭ،
كىيىپ جامەلەرنى قىزىل، رەڭ بەرەڭ.
كېلىپ شاھنىڭ يارلىغىنى ھەمان،
كى جەللاد يەتكۈزدى بەرمەي ئەمان.
ھوشىدىن كېتىپ ھىكمەت ئەھلى ئارىغ،
بۇ ئەسنادا ئالقىش دېدى: «ۋادەرىغ!
ئۇ كۈن مۇندا پەيدا بولۇپ بىر ئوغۇل،
چەھارباغ ئىچىگە كىرىپ ئېردى ئۇل.
ئەجايىب-غەرايىب ئېدى ئۇل ئوغۇل،
بۇ ئىشلارنى شايەد بىلۇر ئېردى ئۇل.
①.......................
بەدەل يوق ئېدى ئەقلۇ داناسىغە.
چىرايلىغ ئىكەن، يەتتە ياشدا ئۆزى،
باقىپ قانچە رەم راست كەلدى سۆزى.
ئانىڭ سۆزى ماڭا كۆرەندى يامان،
ئانى بۇيرۇدۇم ئۆلتۈرۈرگە ھەمان.»
دېدى ھىكمەت ئەھلى: «بۇ قايداغ ئىشىڭ،
كى مۇنداغ كىشىلەرنى يوق قىلمىشىڭ؟
ھەلى بولسە ئېردى ئوغۇلنىڭ ئۆزى،
كى بولغايمىكى ئېھتىمالى سۆزى.»
دېدى قىچقىرىپ قۇلغە بۇ يالبارىپ،
«نە قىلدىڭ ئوشۇل كۈن ئوغۇلنى بارىپ،
كى ئۆلتۈر دەپ ئېردىم ئانى خالدا،
نە ياڭلىغ دېدى ئۆلتۈرۈر ھالدا؟»

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

دېدى باغبان: «ھۇكمۇگىزچە چىقىپ،
ئانى ئۆلتۇرۇپ بىر چۇقۇرغە تىقىپ.
ئانى ئوي كۆمۇپ، قانچە تۇفراق ساچىپ،
بۇ ئالەمگە ھەرگىز چىقالماس قاچىپ.
ئوغۇل يالبارىپ ئانچۇنان ئۆلگىچە،
دېدىكىم، مېنى ساقلا قىرق كۈنغىچە.
ئاڭا ھەم يەقىن كەلگۇسىدۇر مۇھىم،»
دەپ ئېردىكى: «بولغاي مېنىڭ لازىمىم.»
نېتەي، قورقۇبان بۇ خاجەمدىن يامان،
ئانى تاشلادىم ئۆلتۇرۇپ شول زەمان.»
«تىرىك بولسا، ئازاد ئېتەي مەن سېنى،
نە قىلدىڭ، ئايتغىل ماڭا راستىنى.»
دېدى باغبان: «بۇ چەھار باغدە،
ھەلاك ئەيلەگەنمەن ئوشۇل چاغدە.
مېنى بۇيرۇساڭ جاننى كىرگۈزۈپ،
كېلەي شول ئوغۇلنى يەنە تىرگۈزۈپ.»
ۋەزىر دېدى: «قىلساڭ ئۆلۈكنى ھەيات،
سەرۇپا بېرەي مەن ساڭا قاتما قات.»
بارىپ خاجەنىڭ قاشىغە باغبەند،
بۇ سۆزلەرنى قىلدىيۇ ئول دەردمەند.
قىلىپ مەسلەھەت خاجەزادە بۇ رەڭ:
«تىرىلدى خاجە، مۇندا كەلمەيدۇ دەڭ.»
بارۇر ئېردى بۇ سۆز بىلە مۇبتەلا،
قىلۇر ئېردى جەللادلار ماجەرا.
دېمىش ئېردى جەللادلارغە يانا:
«تاپىپ تۇشنى بىز، قالدى بۇ ئازغىنا.
قويۇڭ مۇندا بىزنى ھەيال بىر نەفەس،
كىشى بىھۇدە ئۆلمەكى خۇب ئەمەس.»
بۇ ئەسنا يېتىپ كەلدى بۇ باغبەند،
دېدىكىم: «تېرىلدى ئوغۇل ھۇشمەند.
تىرىلدى، ئوغۇلنىڭ ساڭا مەيلى يوق،
بۇ يەرگە ئانىڭ كەلگۇدەك زەيلى يوق.»
مۇڭا دېدى ئالقىش ۋەزىر بۇ مەھەل،
«بارىڭلار ئوغۇل قاشىغە دەرمەھەل.
قويۇڭ ئەمدى سىز بۇ خەيالنى قويۇڭ،
بۇ تۇشنى بارىپ شول ئوغۇلدىن سورۇڭ.
بۇ تۇشنى ئەگەر مەن بىلۇرمەن دېسە،
كېلىڭ سىز ئالىپ ئانى ھەرنە دېسە،»
ئوشۇل دەم كېلىپ ئالتە-يەتتە كىشى،
كى يالبارماق ئېردى ئۇلارنىڭ ئىشى.
دەر ئېردى: «كېلىپ بۇ خىجالەتدە بىز،
كۆرۈپ تۇشنى ئۇچۇن مەلالەتدە بىز.»
دېدى خاجەزادە: «بىلۇرمەن ۋەلى،
دېمەسمەن بۇ تۇشنى كىشىگە ھەلى.
كى ئەئيان ماڭا شاھىنىڭكى تۇشى،
تاپالماس يانا مەندىن ئۆزگە كىشى.
ۋەلېكىن بىلۇرمەن بۇ تۇشنى ئوزۇم،
يەنە بار ۋەزىرغە مېنىڭ بىر سۆزۇم.
ئەگەر بۇ سۆزۈمنى قەبۇل قىلسە ئول،
قىلاي مەن ھەم ئانىڭ سۆزىنى قەبۇل.»
دېدىلەر خەلايىق: «سۆزۈڭ نە ئېرۇر،
ئالۇرمەن دېسەڭ نە بۇ ئالقىش بېرۇر.»
دېدى خاجەزادە: «قىزىنى ماڭا،
ئوشۇل بەرسە قىلغۇم سۆزىنى ئاڭا.»
ئۇلار دېدىلەر: «قالسە ئۆلمەي ئۆزى،
بېرۇر سىزلەگە، بولسە ئونچە قىزى.»
ئوشۇل دەم ۋەزىرنىڭ مەكانى سويان،
چىقىپ ئالدىغە ھىكمەت ئەھلى رەۋان.
قىلىپ ئانچە ئىئزازۇ ئىكراملار،
خاجەزادە بىرلە كۆرۈشتى بۇلار.
تەۋازىئ بىلەن سوردىلار ھەسبى ھال،
كىرىپ ئولتۇرۇپ ئېردىلەر ئۇشبۇ ھال.
كىرىپ ئولتۇرۇپ ھەم قىزى باشلىغىن،
تۇشۇپ پايگاھغە ۋەزىر باشلىغىن.
دۇئالار قىلىپ، يىغلاشىپ زار-زار،
بۇ يەڭلىغ..............①
كېلىپدۇر ئۆلۈم باشىمىزغە ئارىغ،
قىلادۇر بۇ كۈن بارچەمىزنى دەرىغ.

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان.

بۇ تۇشنى ئەگەر بىلگۈدەك بولسەلەر،
كى ئۆلمەسدەرەك بىزلەگە دېسەلەر.»
دېدى خاجەزادە: «بۇ تۇشنى ھەمە،
بىلۇرمەن بۇ ئىشلارنى، سە غەم يېمە.
تۇرار ئېردى جەللادلار قورقۇتۇپ،
غەزەب بىرلە ئىلكىدە شەمشەر تۇتۇپ.
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى جەللادغە،
ستەمگەر، جەفاكەش بۇ بىدادغە:
«يانىڭلار بۇ سۆز ئەمدى بولدى بۇ رەڭ،
بۇ تۇشنى تاپارمەن بارىپ شاھغە دەڭ.»
رەۋان ئولدى جەللادلار ئۇشبۇ دەم،
بۇ سۆزنى بارىپ شاھغە قىلدى ھەم.
بۇ يەرگە يېتىپ ئېردى بۇ قىسسەسى،
ۋەلې كەتتى بىرمۇنچە غەم-غۇسسەسى.
قوپۇپ پايەگاھغە تۇشۇپ خاسۇ ئام،
ۋەزىر باشلىغىن ھېكمەت ئەھلى تەمام:
قىلىپ ئىلتەجا بۇ سىفەت رەڭ بەرەڭ،
بۇ ھىكمەت ئېلى خاجەغە: «تۇشنى دەڭ.»
دەر ئېردىكى تۇرغان قېرى-ياشغە،
قاراتاغ يېقىلمىش ئىدى باشغە.

«كېلىپ بۇ ئۆلۈم باشىمىزغە ھەلى،
قوپۇپ ئېردى بىزلەرنى ئۆلتۈرگەلى.»
قىلىپ ھىكمەت ئەھلى بۇ سۆزنى نەھال،
دەر ئېردى: «خاجەم، بىزنى بىر يولغە سال.»
دېدى خاجەزادە: «قىلۇرمەن قەبۇل،
ئەگەر ۋەئدەسىگە ۋەفا قىلسە ئول.»
دېدى ھىكمەت ئەھلى: «بۇ سۆزنى ئېرۇر،
قۇتۇلساق ئۆلۈمدىن، قىزنى بىرۇر.
تېرىكلىك غەنىمەت ئېرۇر بىر نەفەس،
بۇ تۆرت يۈز كىشى ئۆلگەنى خۇب ئەمەس.»
بۇ سۆزلەرنى ئالقىش ئىشتكەن زەمان،
قىزنى ئالىپ چىقتى ئول شول زەمان.
بۇ قىزنى خاجە ئالدىلار قورقۇتۇپ،
مۇنى بەردىلەر باغبانگە تۇتۇپ.
بۇ قىزنى سالىپ باغبان ئالدىغە،
ئالىپ كەلدى بىر خۇش ھەۋا دالدىغە.
قىلىپ شول زەمان ھاسىلى كام ئىلە،
بولۇپ باغباندىن بۇ شۇم ھامىلە.
كېلىپ بۇزىنادىن ۋۇجۇدىغە بۇ،
تۇغۇلغان ھەرامزادە بەختەك شۇبۇ.

## فەسلى داستان، ئالقىش ۋەزىرنى خاجە ئەبۇ زەر جۇمھۇر مىنىپ، پادىشاھ قىلىشغە بارغانلارى ۋە پادىشاھنىڭ تۇشنى تەئبىر بىرلە بەيان قىلغانلارى ۋە ئالقىشنى ئۆلتۈرۈپ، قانىنى ئالغانلارى

مەئەلقىسسە، راۋى ھېكايەت قىلۇر،
سۇخەن ئەھلى مۇنداغ رىۋايەت قىلۇر:
دېدى خاجەزادە: «ۋەلې خاسۇ ئام،
ۋەزىر باشلىغىن ھىكمەت ئەھلى تەمام.
بارىڭ پادىشاھ قاشىغە ئۇشبۇ رەڭ،
ئۇلار قىلسە سۆز، بۇ ھېكايەتنى دەڭ.
ئوشۇل ۋەقتدە تاپىغان بۇ تۇشلەرنى بىز،
ۋەلې ئىمتەھان قىلمايىن بىزگە سىز.
بۇ چاغقە دېمەسلىككە ئېردى ھەۋەس،
بەرابەر كۆرۈپ بىزلەنى ئول دېمەس.
ۋەلې بولماسا، بىزگە بۇ قانچە ئىش،
مۇنى بىز تۇگۈن بىر يەتىم بار دېمىش.
بۇ يەگىلىغ بارىپ شاھغە ئەرز ئېتىڭ،
باراي مەن ئۆزۈم، سىز بۇ ئۆيدە ياتىڭ.»
ئىشتكەچ بۇ سۆزنى بولۇپ شادمان،
كىشى بۇيرۇدى خاجەغە شول زەمان.
چاپىپ خاجە قاشىغە كەلدى كۆرەڭ،
دېدى: «شاھنىڭ سىزگە ھۇكمى بۇ رەڭ.»

دېدى بۇ كىشى: «پادىشاھ كەيقۇباد،
كى چىرلايدۇ سىزنى ئانىڭ كۆڭلى شاد.»
دېدى خاجە: «يوقتۇر مېنىڭ بىر كىشىم،
مېنىڭ تۇشمەدى پادىشاھغە ئىشىم.»
تۇشۇپدۇر ماڭا ھاجەتى ئۇشبۇ چاغ،
ئىبەرسۇن ئۆزۈمگە مۇناسىپ ئۇلاغ.»
كېلىپ شاھغە قىلدى مۇنداغ نەفەس،
دېدى شاھ: «بۇ سۆز نامەئقۇل ئەمەس.
ئاڭا ئانچۇنان ئەيلەبان ئىلتىفات،
ئىبەرمەك كېرەك مىنگەلى ياخشى ئات.
توقۇپ ئاتنى يەتكۈزدىلەر ئۇشبۇھال،
كۆرۈپ ئاتنى خاجەكى قىلدى سوئال.
دېدى خاجە: «ئاتىنىڭكى ئەسلى نەدۇر،
بۇ يەل بولسە بىزگە مۇناسىبمۇدۇر؟
بۇ يەل بىرلە تۇفراق مۇناسىب ئەمەس،
مېنىڭ چىقماقىم ئۇستىگە خوب ئەمەس.»
كېلىپ دېدى: «ئەي پادىشاھى پەناھ،
كى يوق مەيلى ئاتغە، ئۇلاغ بەر يانا.»
دېدى شاھ: «بولسە بۇ يەڭلىغ ئەگەر،
كى ياخشى خېچىردىن توقۇبان ئىبەر.»
خېچىرنى ئالىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ رەڭ،
مۇڭا قىلدى سۆز، خاجە ھەم رەڭ بەرەڭ.
دېدى: «ئات ئاناسى، ئاتاسى ئىشەك،
مۇناسىب ئەمەسدۇر، مۇڭا بولدى شەك.»
دېدى: «راستغە كەلمەس ھەلالغە ھەرام،
سەۋارە مۇڭا بولماغۇمدۇر تەمام.»
كېلىپ شاھغە قىلدى بۇ سۆزنى ھەم،
بۇيۇردى يەنە بىركىشىنى بۇ دەم.
دېدى: «ئول كىشىنىڭ سۆزىگە قاراڭ،
مۇناسىب ئۇلاغنى ئۆزىدىن سوراڭ.»
كېلىپ دېدى ئول دەم: «سۆزۈڭنى ئايىت،
ئۆزۈڭگە مۇناسىب نەدۇر، ئەي يىگىت؟»
دېدى خاجەزادە: «كىشىگە كىشى،
مۇناسىب ئېرۇر، يوق ئۇلاغنىڭ ئىشى.
كى ئادەمگە ئادەم ئېرۇر ھەمنىشىن،
ماڭا ئۆزگەلەرنىڭكى يوقتۇر ئىشىن.
ئەگەر شاھ قىلسە سۆزۈمنى قەبۇل،
ئىبەرسۇنكى ئالقىش ۋەزىرىنى ئول.
سەۋارە بولۇپ مەن ئاڭا ئۇشبۇ ھال،
باراي شاھنىڭ قاشىغە دەر مەھال.»
بۇ سۆزنى كېلىپ شاھغە قىلدى بۇ،
كېلىپ كۆڭلىگە شاھنىڭكى شۇبۇ.
«يۇدۇپ كەلگۇسىدۇر بۇ يەرگە ھەمان،
ئالىپ بار بۇ ئالقىشنى، كەلسۇن بۇ يان.»
كى ئالقىشنى ئول دەم ئالىپ يۈردىلەر،
ھەمىن خاجە قاشىغە يەتكۈردىلەر.
قوپۇپ خاجە ئالقىشنى قىلدى يالاڭ،
بۇ ئىشلارغە ئالقىش دېگەن قالدى ھاڭ.
بىروق قىلدى بۇ نالەئى ئاھنى،
دېدى: «قىلمە شەرمەندە، رەسۋا مېنى.
بولۇرمەن خىجالەت ئۇلۇغلار ئارا،»
دېدى: «قىلماغىل سەن يۈزۈمنى قارا.»
خاجە باقمايىن نالە-فەريادىغە،
ئالىپ تازيانە، سالىپ ئالدىغە.
قىلىپ تۆرت پۇتلۇغ ئىشەكدەككىنە،
كى يۈرگەن سالىپ ئاغزىغە بەككىنە.
قوڭغە يۇغان بىر قازۇقنى قاقىپ،
قۇيۇشقۇننى سالدى، ئېگەرنى ياقىپ.
تۇتۇپ باشىغە تازيانە سوقۇپ،
كى مىندى يالاڭ بىر ئېگەرنى توقۇپ.
سەۋارە بولۇپ يېردى يولغە رەۋان،
كى بىر يورغە بولدىكى گويا بوران.
ئۇرۇپ ھەرقەدەم سالسە ئۇچ قامچىنى،
كى فەرياد ئېتىپ، چىقماس ئېردى ئۈنى.
يېتىپ قول بازارىغە توختاتىپ،
ئۆتۈككە يۇغان نەئلىلەر باغلاتىپ.
دىبەنىپ ئىدى، بولدى گويا قۇيۇن،
تەماشا خەلايىقغە بولدى ئويۇن.
بۇ يەڭلىغ كېلۇر ئېردى فەرياد ئېتىپ،
بۇ ھەيھات بىلە كەلدى جۇمھۇر ئېتىپ.
كېلىپ شاھنىڭ قاشىغە بىدەرەڭ
بۇ يەڭلىغ كۆرۈپ شاھ خوپ بولدى تەڭ.

قۇيۇلدى باشىغە غەزەپ ئاتەشى،
كۆرۈندى يامان شاھىغە بۇ ئىشى،
ۋە ئايدىكى: «بەئەدەز جەۋابىن كۆرەي،
كى ئاندىن ئوغۇلنىڭ جەزاسىن بېرەي.»
غەزەبلىك كۆكۈلدە بۇ يەڭلىغ خەيال،
قىلىپ ئولتۇرۇر ئېردى بۇ ئۇشبۇ ھال.
تۇشۇپ خاجەنىڭ پادشاھىغە كۆزى،
قىلىپ ئۇشبۇ رەڭ سەلتەنەتنى ئۆزى،
قويۇپ باشىغە تاجى شاھانەنى،
كىيىپ ئىگنىگە رەڭ بەرەڭ جامەنى،
قويۇبانكى فىرۇزەدىن تەخت ھەم،
چىقىپ ئولتۇرۇپدۇر تەمام خەلقى ھەم.
كى ئۇنىڭ قولىدا دەرسىنەئى تاجدار،
تۇرۇپدۇركى سەف-سەف بولۇپ ئىنتىزار،
كى ئالدىدا ھەم بۇ ئەمىرۇ ۋەزىر،
تۇرادۇركى قول باغلاشىپ بىنەزىر،
قىيانشاھ مەلىك، زۇھەل ئەنكەسفشان،
دوزەررىن گۇلاھ بەندە قارۇن نىشان.
كى دەرسىنەئى ئەۋسەتى مەغرىبى،
مەلىك تاجى قارۇنى بەندەر كەبى:
ئەمرى ئۇلاغ تاجلىغدىن بۆلەك،
تۇرۇپدۇر سىپاھ توقسان ئالتەلەك.
سەلام قىلدىلار خاجەزادە كېلىپ،
دېدى: «ئولتۇرۇڭ ئورنۇڭىزنى بىلىپ.»
كۆرۈپ شاھنىڭ قاشىدا خالىي يەر،
كى ئولتۇردى ئۇنىڭ يانىدا ئۇشبۇ ئەر.
سالىپ داستىخان ئەۋۋەلى مۇدەئا،
مەھازەرنى يەپ، قىلدى بەئەدەز دۇئا.
باقىپ پادشەھ خاجەغە سالدى كۆزە
يۈزىنى قىلىپ خاجەدىن سوردى سۆزە،
دېدى: «ئەي يىگىت، تانۇماي سىزنى بىز،
خەلايىقدە كىمىنىڭكى فەرزەندى سىز؟
ۋە قايسى شەھەردىن ئېرۇر زاتىڭىز،
نە يەردىن كېلۇرسىز، نەدۇر ئاتىڭىز؟»
دېدى خاجە: «مەن بىر فەقىرۇ غۇلام،
كى جاماست ھەكىم ئېرۇرلار بابام.
خاجە بەختىنىس ئوغلىمەن، كۆفەلىغ،
كېلىپمەن بۇ يەرگە، بولۇپ زەئىفلىغ.»
دېدى پادشاھ: «ئەي يىگىت، سىز نېمە
ئايىتمايسىزۇ ئاتىڭىزدۇر نېمە؟»
دېدى: «ئاتىمىز خاجە جۇمھۇر ئېرۇر،
مېنى بىلمەگەنلەر بابامنى بىلۇر.»
دېدى پادشاھ كەيقۇباد: «ئەي خاجە،
كۆرۈپ تۇش، ئۇنۇتتۇمكى خۇب بىر كېچە.
بۇ ئولتۇرغان ھىكمەت ئىلى مۇندا ھەم،
ياتىپ ئەنچە كۆن تاپمادى، سالدى رەم.
تاپالماي، قىلىپ باقتى يۈز مىڭ خەيال،
قاراپ تۇردى ئەمدى بولۇپ ئەقلى لال.»
دېدىكىم خاجەزادە، «ئەي شەھرىيار،
كى پىنھان قىلايمۇ ۋەيا ئاشكار؟»
دېدى شاھ: «ئەگەر سىز ئانى بىلسەڭىز،
قىلىڭ ئاشكارا ئەگەر قىلساڭىز.
خەلايىقغە راست سۆزنى قىلماق كېرەك،
مۇنى ئاشكارا ئايىتماق كېرەك.»
دېدى خاجە: «ئول تۇش ئىدى ئۇشبۇ رەڭ،
كېلىپ بىركىشى دەستۇرخان سالدى كەڭ.
قويۇپ سىزگە ئاش قىرق تەبەقدە بەسى،
بىرى ئالتۇن ئېردى، يىغاچ ئۆزگەسى.
قىلىپ مەيلى ئالتۇنچىلىق ئاشىغە،
كى قول سالغۇچە ئىت كېلىپ قاشىغە.
كى چاغ-چاغ دەبان، قورقابان ئويغانىپ،
ۋەلي ئۇنۇتۇبان قالدىلار تولغانىپ.»
قىلىپ خاجە بۇ سۆزنى تۇش تەھتىدىن،
قوپۇپ پادشاھ ساچرابان تەختىدىن.
كى تەسدىق ئېتىپ خاجەغە پايلاماي،
دېدى: «تاپتىڭىز، ئەي خاجەم، ھاي-ھاي.»
خەلايىق قىلىپ تەھسىنۇ ئافەرىن،
تەئەججۇبغە قالدى ئۇلار ھەر بىرىن.
يەنە قىلدى بۇ سۆزنى شاھى باقىپ،
دېدىكىم: «قىلىڭ تەئبىرىنى تاپىپ.»
دېدىكىم خاجە: «شاھى ئالەم پەناھ،
قىلايمۇ مۇنى ئاشكارا يانا؟»

دېدى: «ئەي خاجە، قىلساڭىز ئاشكار،
ئەگەر بولسە بۇ تۇشدە ھەر كارۇ بار.»
دېدى خاجە: «قىرىق كۆچلەرى بار ئىكەن،
بىرىسى ئەزىز، ئۆزگەسى خار ئىكەن.
ئەزىزى ئۇلۇغ شاھزادە ئۆزى،
قاراچۇق ئىكەندۇك ئۇتۇز توققۇزى.
ئۇشۇل خانىكە كۆچلەرىگە يامان،
كى مەيلى قىلۇرلار ئاڭا ئانچۇنان.
كۆرۈپ سىزلەنى، يۈرمىش ئول بەگىنى،
بۇ ئىشغە سالىپ بىر قارا زەگىنى.
ئانىڭ رەسمى ئۇغۇرلۇق بۇ زەگىنىنە،
ۋەلې ئۇيناشۇر سىزلە بىرلە يەنە.»
ئىشىتتى بۇ سۆزنىكى شاھى جەھان،
غەزەب تەپتى، ئاتەش قۇيۇلدى ھەمان.
غەزەبدىن تۇبەن بۇ سالىپ باشىنى،
تەفەككۇر بىلەن قىلدى بىر باشىنى.
بۇ سۆز كەلدى ناخۇش خەلايىققە ھەم،
مۇنىڭ بائىسىدىن ئەجەب تۇشتى غەم.
دېدىكىم خەلايىق بۇ سۆزنى بىرۇق:
«بۇ يەگلىغ دېدى، بۇ ئوغۇل ئەمدى يوق.
بۇ سۆزنى يۈزىدىن يۈزىگە دېمەك،
بۇ ئادەمدە مۇنداغ بولۇرمۇ يۈرەك.»
چىقالماس دەبان ئۇددەسىدىن تىرىك،
بۇ تۇرغان خەلايىق يۈدىلار ئىلىك،
كى بىر سائەتىدىن كېيىن پادشاھ،
باشىنى كۆتەردى قىلىپ ئىلتىجا.
دېدى: «ئەي خاجە ئولتۇرۇپ مۇندا بىز،
ئانى كەلتۇرەي مۇندا، بىلگەيمۇسىز؟»
دېدى خاجە: «بىلگۇمدۇر ئول بەگىنى،
تانۇي كۆچلەرى بىلەن ئول زەگىنى.
قويۇپ تاقىنىڭ ئالدىغە تەختىنى،
ۋە كۇرسىيۇ سەندەل نىشىن خەلقىنى.
ۋەزىر ئۇمەرالار چىقىپ ئاندا ھەم،
كى ئولتۇرسۇن ئەۋۋەل خەلق ئاندا جەم.»
ھەرەملەر كېلىپ مەھفەلەردە ھەمىن،
ئۆتۈپ كەلدى مەھفە يىگىرمە بىرىن،
يىگىرمە ئىككى مەھفە يېتىپ ئېردى بۇ،
دېدى خاجەزادە: «تۇتۇڭلار، شۇبۇ!»
ئۇشۇل مەھفەئىنى تۇتۇپ باقتىلار،
ۋەلېكىن دېگەنىدەككىنە تاپتىلار.
تاپىپ زەگىنى ئارقاسىدىن ھەمان،
كى ھەيبەتلىك ئېردى بۇ زەگى يامان.
ئاغىزچوك، ئەجايىب قارادۇر يۈزى،
يۈزىدە بەغايەت چېچەكنىڭ ئىزى.
بۇرۇن ھەمچۇ غازۇ ساسىغدۇر ئاغىز،
تۇشۇككە پاتادۇركى مۇشدەك مەغىز.
باشىدۇر يۈزى تۈك بەئەينى چورۇق،
ياساپدۇر ئۆزىنى لەبىدە يارۇق.
بۇ زەگى ئىدى ھىندۇ يەگلىغ ھەبەش،
مۇنى كۆرسە ھەركىم بولۇر كۆڭلى غەش.
مەئەلقىسسە، ئايتۇر مۇنى راۋىيلەر،
تۇتۇپ شاھ ئالدىغە كەلتۈردىلەر.
قاراپ خانىكەدىن بۇلار سوردى سۆز،
دېدى: «بۇ نە ئىشدۇر قاراپ تۇرسەكۆز؟!
ۋە گىيسۇ بەرىدە، بۇ قايداغ ئىشىڭ،
كى ساقلاپسەنۇ بۇ نە ياگلىغ كىشىڭ؟!»
دېدى خانىكە: «ئۇيناپ ئېردىمكى مەن،
سەن ئۇينايسە بىر كام قىرىق خاتۇن بىلەن،
سېنىڭ ئۇيناشىڭ بىرلە پۇتمەس ئىشىم،
ئىشىم پۇتكەرۇرگە بۇ ئېردى كىشىم.
مۇرادىم مۇنىڭ بىرلە ھاسىل بولۇر،
كۆڭۈل خاھلاغان چاغدا ۋاسىل بولۇر.»
ئىشىتتى بۇ سۆزلەرنى شاھى جەھان،
ئۆلۈمگە بۇيۇردېكى بەرمەي ئەمان.
قىلىپ تىيرەباران بۇ جەللادلار،
ئېتىپ پارەلەر، قىلدى بىدادلار.
بۇ يەرگە يېتىپ پادشاھنىڭ تۇشى،
تۆكەندى بۇ يەگلىغ تۇشنىڭ ئىشى.
ۋەلې بولدى فارىغ بۇ ئىشدىن ھەمان،
كى داد ئەيلەدى خاجە بەرمەي ئەمان.
دېدى خاجەزادە: «بۇ دادىمغە باق،
مېنىڭ، پادشاھا، بۇ دادىمغە باق!»

www.uyghurkitap.com

كى ھەيران بولۇپ پادىشاھ كەيقۇباد،
دېدىكىم: «يەنە، ئەي خاجەم، بۇ نې داد؟»
دېدى خاجە ھەم سىزگە دادىم شۇبۇ،
تىلەي قاتىلىمنى مۇرادىم شۇبۇ.»
دېدى شاھ: «كىمدۇر، دېگىل قاتىلىڭ،
ئەگەر ھەرنەكىم بولسە، بەردىم، ئالىڭ.»
دېدى خاجە: «ئەي پادىشاھى جەھان،
ئاتام بار ئىكەن بىبىزائەت يامان.
كى غەدارى ئالەم، فەلەك ۋاژگۇن،
قىلىپ بىبىزائەت ئاتامنى زەبۇن.
كۆڭۈل ئۆتكەرمەكى ئانچە دىشۋار ئولۇپ،
مەدايىنغە كەلگەن ئىكەن خار ئولۇپ.
ئالىپ مەردىكارىغە ئالقىش ۋەزىر،
قويۇپ ئىشغە بىرنەچچە كۆڭ مۇنتەزىر.
يولۇقمىشكى ئاتامغە خەزىنەسى،
بۇ ئىسكەندەرىنىڭ ئىدى غەزنەسى.
بۇ گەنجىنى ئالقىشغە قىلسە خەبەر،
ئاتامنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپدۇر بۇ ئەر.
بۇ گەنجى ئېرۇر، پادىشاھ، سېنىڭ،
كى ئوغرىڭ سېنىڭ، قاتىلىمدۇر مېنىڭ.»
بۇ سۆزنى خاجە قىلدى بىر-بىر بەيان،
دېدى پادىشاھ: «ئول خەزىنە قايان؟»
دېدى خاجە: «ئول گەنجى بۇ چاغدە،
بۇ ئالقىش ۋەزىرنىڭ چەھار باغدە.
كى باشلاپ باراي، پادىشاھ، سىز يۈرۈڭ،
تاپاي باغدىن گەنجىنى، سىز كۆرۈڭ.»
قوپۇپ ئۇشبۇ شاھ باشلىغىن خاسۇ ئام،
كى ئاتلاندى تۇرغان خەلايىق تەمام.
خاجە مىندى ئالقىش ۋەزىرغە يانا،
كىرىپ ئالدىغە قاتراتىپ ئۈزغىنا.
كېلىپ تاپتىلار گەنجىنى ئۇشبۇ ھال،
كۆرۈپ پادىشاھنىڭ بولۇپ ئەقلى لال.
يەنە خاجە كۆرسەتتى يەرنى چاپىپ،
ئاتاسىنىڭ ئول دەم ئۆلۈكنى تاپىپ.
كۆرۈپ بۇ جەسەد بىرلە ھەم گەنجىنى،
بىلىپ پادىشاھ خاجەنىڭ رەنجىنى.

كى ئالقىش بىلەن گەنجىنىڭ يارمىنى،
بېرىپ خاجەغە قىلدى ئىنئامىنى.
يەنە ئىلتىفات ئەيلەبان بىنەزىر،
ۋەلې قىلدى ئول دەمدە ئوڭ قول ۋەزىر.
كى ئاندىن خاجە بۇ جەسەدكە قاراپ،
نەمازىن ئۆتەپ، قويدىلار يۇپ-تاراپ.
ئوشۇل دەم بۇ ئالقىشغە بەرمەي ئەمان،
سويۇپ تىقتىلار تېرەسىگە سامان.
تۆگەندى خاجەزادەنىڭ بۇ ئىشى،
بولۇبان ئۈچ ئاي كەلگەلى بۇ كىشى.
ئىجازەت تىلەپ شاھدىن خاجەھەم،
ئالىپ بۇ خەزىنەنى يۈكلەپ بۇ دەم.
ۋەلې كۇفەغە خاجە يۈردى بەدەر،
تاپىپ كۇفە خەلقى بۇلاردىن خەبەر.
كېلىپ ئالدىغە كۇفە خەلقى تەمام،
شەھەرگە ئالىپ كىردىلەر خاسۇئام.
بەناگاھ يېتىپ شول كوچا باشىغە،
كى شەمئۇن جۇھۇدنىڭ تامى قاشىغە.
مەھافە كېلىپ فاتمادى كوچەغە،
ئىزا قىلمىش ئېردى جۇھۇد خاجەغە.
دېدى قىچقىرىپ: «ئەي جۇھۇد، مۇنداچىق،
كى پاتماس مەھافە، بۇ تامىڭنى يىق!»
چىقىپ بۇ جۇھۇد تانۇدى خاجەنى،
كى يىقماقىغە تۇردى تۇزۇپ كوچەنى.
كېلىپ خاجەزادە بۇ يەردە تۇرۇپ،
ۋەلې ئۆتتىلەر تاملانى يىقتۇرۇپ.
كى ئاندىن ئۆتۈپ خاجەزادە ھەمان،
ئاناسى قاشىغە كېلىپ شول زەمان.
كۆزىدىن ئاقىزىپ خاجە ياشىنى،
تەۋاف ئەيلەبان سۈرگەلى باشىنى.
بېرىپ كۇفەنىڭ خەلقىغە فۇلۇ مال،
قىلىپ خاجە سەۋغاتى بەقەدرى ھال.
كى نانۋاي بىلەن كاللافەزنى باقىپ،
ۋەلې بەردىلەر فۇل ئاڭا سۆز قاتىپ.
كى ئاندىن ئالىپ قۇل-دېدەك، ياخشى يەر،
بېرىبان ئاناسىغە كۆپ مالۇ زەر.

كى رۇخسەت تىلەپ ئانچۇنان يىغلاشىپ،
مەداينىغە يۈزلەندىلەر خۇبلاشىپ.
بارىپ پادىشاھ قاشىغە تىزۇ تۇن،
كۆرەرگە كۆزى بولدى، سۆزلەرگە ئۇن.
تۇغۇپ شاھنىڭ بىر كۆچى ئۇچ ئوغۇل،
چوڭۇپ تاپمىش ئېردىكى بۇ ئۇچ ئوغۇل.
قويۇپ ئات بىرىسىگە نۇشىرۋان،
بىرىگە قويۇپ كاۋۇسى كامران.
يەنە مىرزابان شاھ بىرىنىڭ ئاتى،
بەرابەر ئىدى ئۇچ ئوغۇل ھىممەتى.
ۋەلې بىر كۈنى ئولتۇرۇپ پادىشاھ،
قارىلىق ئىشىدىن چېكىپ دەردۇ ئاھ.
دېدى: «ئەي خاجەم، بۇ ساقال بولدى ئاق،
كى ئەمدى كېتەدۇر تىرىكلىك يىراق.
تىرىكلىكدە بۇ مەملەكەت تەختىدە،
بىر ئوغلۇمنى ئولتۇرغۇزاي تەختىدە.
بېرەي پادىشاھلىقنى ئۆلمەسدەرەك،
يەنە تەدبىرىم يوق مۇنىڭدىن بۆلەك.
كى مەندىن كېيىن بۇ ئوغۇللاز ئارا،
نىزاڭ بولماغاي شاھلىق ماجەرا.»
دېدى خاجە: «ئوبدان قىلىپ بۇ ھەۋەس،
ۋەلې سۆزلەرى خوب، نامەئقۇل ئەمەس.
ۋەلېكىن ئۇلار بارچە مەرغۇب ئېرۇر،
كى شەھلىقغە نۇشىرۋان خۇب ئېرۇر.
ئانىڭ چېھرەسىدە نىشانەسى بار،
ئۇلۇغلۇق بۇ دەۋلەت نىشانەسى بار.»
دېدى شاھ: «كىچىكدۇر ئانىڭكى ياشى،
ئاغاسى تۇرۇپ خۇب ئەمەس بۇ كىشى.
كى تەختكە بۇ چىقسە تۇشكەي نىزا،
بۇ ئىشلارغە ئارتۇر ئاغاسى ئىزا.»
دېدى خاجە: «ئەي شاھى ئالىي جەناب،
بۇ ئىشلارنى قىلغىل سۆزۈمگە ئۇناپ.
ئاگا تاگلاسى بىر بەھانە قويۇپ،
كى زىندانغە سالماق تاياقلار ئۇرۇپ.
كى ئالماق كېرەك قوندۇرۇپ بىر كېچە،
جىلاۋدا يۈگۈرتماق يەنە بىرىنىچە.

كى بەرمەك بۇ مەجلىس تۆبەندە ئورۇن،
يەنە قويدۇرۇپ خەلقغە ئاش بۇرۇن.»
دېدى: «مۇندا باردۇركى ھىكمەت ئىشى،
كى بۇ سىررى ئەسرارنى بىلمەس كىشى.»
بۇ سۆزلەرنى ھەم شاھ قىلدى قەبۇل،
خاجە دېگەندەك مۇنى قىلدى ئۇل.
قىلىپ خاجە بۇ مەسلەھەت ئىلتەجا،
كى ئاندىن ئۇلۇغ توي قىلىپ پادىشاھ.
كى نۇشىرۋاننى مۇنىڭ بەختىگە،
چىقاردىكى شاھ سەلتەنەت تەختىگە.
ساچىپ سۇرخ زەرلەرنى ھەيھاتىغە،
ئوقۇتتى يەنە خۇتبەنى ئاتىغە.
بۇ تويدىن كېيىن شاھلىق يولىغە،
ئىبەردى بۇ كاۋۇسنى كابۇلغە.
كى ئاندىن دېدى: «مىرزابان شاھ قايان؟»
تاپىپ بۇيرۇدى بىستىھەتتەر سويان.
كى مۇندىن كېيىن بولدى ئۇچ يىل جەدەل،
يېتىپ پادىشاھ كەيقۇبادغە ئەجەل.
كى نۇشىرۋاننىڭ قولىدىن توتۇپ،
دېدى: «ئەي خاجەم، قالدى بۇ قان يۇتۇپ.
ئەمەسدۇر مېنىڭ، سىزگە فەرزەندە بۇ،
بولۇر پادىشاھ، سۆزلەرىچە شۇبۇ.
ئۆز ئورنۇمدا كاۋۇسنى بەختىگە،
چىقارماق ئىدىم مەملەكەت تەختىگە.
مۇناسىپ كۆرۇپ خاجەلىقدا سىېنى،
كى سەئىيى قىلىپ قويدى مەھرۇم ئانى.
خاجەم سۆزى بىرلە قىلىپ سىزنى شاھ
قىلىپمەن، ئۇلار قىلغاچ-ئوق ئىلتەجا.
خاجەم سۆزىدىن چىقمە، سالغىل قۇلاق،
كى ئاق بول، قارانى خاجەم دېسە ئاق.»
كى ئاندىن ئەمىرلەر بىلەن خۇبلاشىپ،
كى ئەھلى ئەيالى بىلەن يىغلاشىپ.
فەلەككە يېتىشتى فىغانۇ خۇرۇش،
ئوشۇل دەم ئەجەل شەربەتىن قىلدى نۇش.
تۇتۇپ ماتەمىن، يىغلاشىپ ئانچە ھەم،
نەمازىن ئۆتەپ، قويدى باغلاپ ئەلەم.

قىلىپ ئېردىلەر نەچچە كۈن ئابۇ ئاش،
تاراشتى ھەممە چوڭ-كىچىك پىرۇ ايش.
جەھانغە مۇنىڭدەك شەھى كەلمەگەن،
سوراغ ئىچرە يات-ئۆزنى فەرق ئەتمەگەن.
جەھان مۇلكىغە ھۆكمىنى جار ئېتىپ،
خەلايىققە ئەدلىنى ئىزھار ئېتىپ.

خەلايىق ئانىڭ ئەدلىدىن شاد ئولۇپ،
ھەممە قوي بەياباندا ئاباد ئولۇپ.
ئاچىپ ئەدلىدىن خانى ئىھسانىنى،
كى ئاغرىتمادى ھېچ زىيجانىنى.
ئانىڭ ۋەسفىن ئايتىپ توگەتمەك مەھال،
ئاڭا ئەدل بابىدا يوقتۇر مىسال.

## فەسلى داستان، پادىشاھ كەيقۇباد ئالەمى فانىدىن ئالەمى بەقاغە رىھلەت قىلغانى، نۇشىرۋان تەخت ئۈزرە چىقىپ قەرار تاپقانى ۋە ئەدلى ئەدالەت بىرلە جەھاننى ئاباد قىلغانى

ھېكايەت قىلاي مەن ساڭا بىر ئەجىب،
بار ئېردى ئانىڭ يانىدا بىر غەرىب.
ئىدى بىۋە زەن ھالى ئېردى تەباھ،
ئانىڭ ھالىدىن باخەبەر ئېردى شاھ.
يەنە بىر كالاسى مۇنىڭ بار ئىدى،
تېزەكلەپ بىساتلارنى بۇلغار ئىدى.
قالاپ ھۆل تېزەكلەرنى ئەيۋان ئارا،
ئىماراتىنى راھى ئەيلەپ قارا.
بۇ رەڭ ئىشلانى قىلسە ئول بىۋە زەن،
غەزەب بىرلە شەھ قىلماس ئېردى سۇخەن.
ۋەزىرلەر دېدى: «شەھغە مۇلكۇڭنى سات،
بۆلەك يەردە مۇلكى ئالىپ ئاندا يات.»
بۇ جاھىل قارى ساتمادى مۇلكىنى،
رەۋا كۆرمەدى شەھ ئاڭا زۇلمىنى.
كى شەھ يانىدىن بىۋە زەن كۆچمەدى،
ئۆتۈپ شەھ جەھاندىن ئاتى ئۆچمەدى.
تۇمەن ھەيف ئەدلىغە، ئىمانى يوق،
بىھىشت ئىچرە كىرمەككە ئىمكانى يوق.
گىلەمى ئەزەلدە توقۇلغاچ قارا،
بىكار بولدى ئەدلى قىيامەت ئارا.
خۇدا رەھمەتى بىزگە ئىمان ئېرۇر،
كى كۇفر ئەھلى مەھشەردە ھەيران ئېرۇر.
ئىلاھا، مۇسۇلمانىنى ئاگاھ قىل،
ئۆلەر چاغدا ئىماننى ھەمراھ قىل.

ھەمە بەندەگە قىلغىل ئىمان نەسىب،
بەھەققى رەسۇلۇڭ مۇھەممەد ھەبىب.
ئۆتۈپ نەچچە كۈن ئولتۇرۇپ خاجە ھەم،
كى نۇشىرۋانغە باقىپ ئۇردى دەم.
دېدىكىم: «بولۇڭ ئەمدى سىز كەدخۇدا،
بۇ ئىشنى قىلالىكى ئول ئىبتەدا.
ئاتاڭدىن ساڭا قالدى بۇ مەملەكەت،
مۇڭا ئەمدى قىلماق كېرەك مەسلەھەت.
ئەگەر بولسە سەندىنكى فەرزەند ھەم،
كى دۇشمەنگە بولماس بۇ شەھلىق بەھەم.
بۇ خاقان خىتايغەكى خاندۇر ئۆزى،
ئۇلۇغ پادىشاھدۇركى، باردۇر قىزى.»
مۇناسىب كۆرۈپ بۇيرۇدىلار كىشى،
ئانى كەلتۇرۇپ، بولدى توينىڭ ئىشى.
نىكاھى ھەلالنى قىلىپ ئول زەمان،
ۋەلي ئالدى بۇ قىزنى نۇشىرۋان.
خەلايىق بىلە ئولتۇرۇر ئېردى ھەم،
كېلىپ زۇھەل ئەنكەسىفشانە بۇ دەم.
تۇتۇپ بىر يەتىمنىڭ قولىدىن شۇبۇ،
كى نۇشىرۋان ئالدىغە كەلدى بۇ.
ۋە ئايدىكى: «ئەي شاھى ئالەم پەناھ،
ۋەزىرغە نەبىرە ئىدى بۇغىنا.
كى ئالقىش دېگەن ئۇشبۇ دەرگاھىنىڭ،
ۋەزىرى ئىدى ئول ئۇلۇغ شاھىنىڭ.

uyghurkitap.com



بۇ ھالا يەتىمدۇر بولۇپ قايغۇلۇغ،
باباسى ۋەزىر ئېردى مۇنداغ ئۇلۇغ.
مۇڭا ھەم ئىنايەت قىلىپ ئەمدى سىز،
بېرىپ خاجەغە مۇنى تاپشۇرساڭىز.
ئوقۇپ ئىلمىنى ئۆركەتىپ بىنەزىر،
كى شايەدكى چەپ قولغە بولغاي ۋەزىر.»
مۇنى كۆردىيۇ ئەمما نۇشىرۋان،
كۆرۈندى سارىغ يۈزلۈكۈ بەددىيان.
نىشانە قىلىپ ئانداۋۇ سەختلىك،
كى زاھىرغىنە تۇردى بەدبەختلىك.
بۇلار خاتىرە بىرلە نۇشىرۋان،
قەبۇل قىلدى ناچارلىقدىن ئاران.
دېدى: «ئەي خاجە بۇ ئوغۇلنى ئالىڭ،
ۋەلې سىز مۇڭا تەربىيەتنى قىلىڭ.»
قىلىپ خاجە ھەم باۋۇجۇدى خەفا،
كى بىلدى كېلۇر دەپ مۇنىڭدىن جەفا.
قىلىپ پادىشاھ خاتىرىدىن قەبۇل،
ئوقۇتتى خاجە، شول زەمان تاپتى يول.
تاپىپ ئىلىم فۇرسەتدە قايماي ئىشى،
بۇ بەختەك ھەرامزادە بولدى كىشى.
بولۇپ ئىلمى ھىكمەتدە ئول بىنەزىر،
دەۋام شاھ قاشىدا ئېردى ۋەزىر.

**بەختەك ھەرامزادەنىڭ پادىشاھقە ۋەزىر بولغانى، بۇ ئالەم بۇ مەلئۇننىڭ شەررىدىن بۇزۇلغانى، پادىشاھنى ۋەسۋەسە بىلە بۇتپەرەست قىلغانى، مۇنىڭ زۇلمىدىن خەلايىق ھەرتەرەفكە قاچقانى، پاددشا ھ قىلغان زۇلمغە فۇشايمان بولۇپ، خاجە جۇمھۇرنىڭ سۆزى بىرلە زەنجىرى ئەدل باغلاتقانى، ياكى باشدىن بۇ ئالەم ئابادىغە كەلگەنى**

بۇ مەلئۇنى شۇم بولدى پەيدا بۇ كۇن،
بۇ ئالەم ئېلىنى قىلىپ ۋاژگۇن.
بۇ مەلئۇننىڭ ئالقىش باباسى ئىدى،
قۇلى بەختىيار شۇم ئاتاسى ئىدى.
زىنادىن ئوغۇلغان ئىدى بۇ لەئىن،
ئانىڭ زۇلمىدىن بولدى ۋەيران زەمىن.
ھەرامزادە شەھغە ئۆزىن خاس ئېتىپ،
كى ئازدۇردى شەھنى بۇ ۋەسۋاس ئېتىپ.
كى ئاتەشپەرەست ئەيلەدى شاھنى،
بۇ دەر ھەمنىشىن قىلسە گۇمراھنى.
يامان ئىشلاغە شاھنى باشلادى،
سۆزىگە كىرىپ ئەدلىنى تاشلادى.
بۇ ئالەم ھەمە بولدى ۋەيران بۇ دەم،
مۇسۇلمانلار بولدى جەھانغە ئەدەم.
ھەرامزادەلەر تولدى ئالەم ئارا،
جەھان ئەھلىغە سالدى شورۇ شەرا.
قىلىپ ھەر شەھەر ئىچرە بۇتخانەلەر،
ئەراقۇ شەرابۇ قىمارخانەلەر.
يامانىنىڭ ئىشىدۇر يامان ئەيلەمەك،
قىلىپ زۇلم تىغىنى قان ئەيلەمەك.
مۇنىڭ زۇلمى ئالەم ئارا پۇر بولۇر،
ھەرامزادەلىك بىرلە مەشھۇر بولۇر.
كىشى قىلماغان زۇلمنى بۇ قىلىپ،
جەزاسىنى بەرگەي خاجە ئۆمرى كېلىپ.
تۇرۇپ شاھنىڭ قاشىدە روزۇ شەب،
ھەمىشە يامان ئىشغە قىلدى سەبەب.
بۇ سەگ شاھغە ئانچە تالىب بولۇپ،
ۋەلې نەچچە كۇن ئۆتتى غايىب بولۇپ.
كى «ئىزدەي ئانى» دېدى نۇشىرۋان،
قوپۇپ كەلدى بەختەك قاشىغە رەۋان.
خەبەر قىلدى بەختەكنى بۇ ئۆيدە دەپ،
كېلىپ شاھ كىردى بۇ ئۆيدىن ئۆتەپ.

كىرىپ كۆردى بەختەكنى بۇ ھالدە،
كى يىغلايدۇ بىر بۇت قويۇپ ئالدىدە.
كۆرۈپ دېدى نۇشىرۋان: «بۇ نىمەك،
مۇڭا نې ئۈچۈن يىغلاغۇڭدۇر بۇرەك؟»
دېدى بۇ لەئىن: «بىزگە ئۇشبۇ خۇدا،
شۇڭا يىغلاغۇمدۇر قىلىپ جان فىدا.
ئاتاۋۇ بابا، جۇملە ئەۋلادىمىز،
مۇڭا بەندەلىكنى قىلۇر ئېردى تېز.
ۋەھالا خاجە كۆرسەتىپ سىزگە يول،
كى باشلايدۇ يالغان، غەلەت يولغە ئۇل.
سىېنى قىلدى گۇمراھ ئۆزىدىن بەتەر،
بۇ ئىشدىن ساڭا بىر يامانلىق يېتەر.
كى بىھراقى ئولدۇر، بۇ ئىشنى قىلىڭ،
قويۇپ سىزمۇ ھەم بۇتغە بىر باش چالىڭ.
كى سۇنساڭ يېتەر ھەر تەرەفكە قولۇڭ،
ئاتاۋۇ باباڭنىڭ دىنىدا بولۇڭ.»
كى شەيتان لەئىن قىلدى بۇ ۋەسۋەسە،
قىلۇر ئېردى شەھ، ئول نې يەكلىغ دېسە.
بۇ سۆزلەرگە نۇشىرۋان بولدى مەست،
ۋەلې قىلدى بەختەك مۇنى بۇتپەرەست.
كى ئاندىن كېيىن قىلدى سەئيى ئەلەب،
بۇ سەگ باشلادى زۇلمغە روز شەب.
ۋەلې تۇردى ۋەيران بولۇرغە جەھان،
رەئىيەت قاچىپ، قالدى نۇشىرۋان.
خاجە قىلدى كۇشىش ئەدالەتغە ھەم،
بۇ قويماي قىلۇر ئېردى زۇلمۇ ستەم.
بۇ سەگ شاھنىڭ قاشىدا سۇبھۇ شام،
مۇنىڭ سۆزىدىن چىقماس ئېردى تەمام.
بۇ ئىش يەتتى ئەنجامغە ئۇشبۇ رەڭ،
كى شەھرى قەسا، بەچچەلەر بولدى تەڭ.
ھەمە خەلقنىڭ ھالى بولدى زەبۇن،
بۇ ۋەيران بولۇپ زۇلمدىن سەرنىگۇن.
قاچىشماققە تۇردى خەلايىق بۇ يان،
گۇزەر قىلدى تاغۇ بەيابان سويان.
كى مۇنداغ رىئايەت قىلىپ راۋىيان،
بۇ يەكلىغ قىلىپ زۇلم نۇشىرۋان.

يەنە ئەدل زەنجىرى باغلاتغانى،
بۇ ئىشنى خەلايىقغە ئاڭلاتغانى.
بىر ئادەمنى بىر كۈن تۇتۇپ بەركىتىپ،
ئالىپ كەلدى چوڭلار گۇنەھكار ئېتىپ.
قويۇپ يۈز گۇناھنى مۇنىڭ باشىغە،
ئالىپ كىردى نۇشىرۋان قاشىغە.
بۇ ئادەمنى ئول دەمدە نۇشىرۋان،
كى «ئۆلتۈر!» دەبان بۇيرۇدى شول زەمان،
بۇ ئادەم يەنە ھەر تەرەف سالدى كۆز،
باقىپ خاجە جۇمھۇرنى قىلدى سۆز.
دېدى: «ئەي خاجەم، زايىئ كەتتى ھۇنەر،
كى باردۇر ماڭا فۇل، ھۇنەر نې خەبەر.»
دېدى بۇ گۇنەھكار: «دەرىغا، دەرىغ،
بىلۇرمەنكى قۇشلار تىلىنى ئارىغ.
ۋەھالا خاجەم شىزلەر ئۆرگەنسەلەر،
كى بولماس ئىدى زايىئ ئۇشبۇ ھۇنەر.»
كېلىپ خۇش گۇنەھكارنىڭ بۇ ئىشى،
دېدى: «ئۆلمەسە نې بولۇر بۇ كىشى.»
ئايىتتىكى بەختەك: «بولۇر ياخشى ئەر،
خاجەمغە بۇ ئادەمنى تاپشۇرسەلەر.
كى ئۆرگەتسە قۇشلار تىلىنى ھەمە،
ئوقۇپ ئۆز زەبانىدا دەيدۇ نىمە.»
بېرىپ خاجەغە بۇ گۇنەھكارنى،
ئالىپ كەلدىلەر ئۆيگە بۇ خارنى.
ۋەلېكىن خاجە: «تىلىنى ئۆرگەت» دېدى،
ئوشۇل دەم بۇ ئادەم قوپۇپ يىغلادى.
دېدى: «ئەي خاجەم، بىر دادام بار ئىدى،
غەنى، بارلىغ، ئانچە زەردار ئىدى.
ماڭا ئۆرگەتۇرگە قىلىپ جان فىدا،
بېرىپ فۇلنى ئەۋۋارە بولغان گەدا.»
دېدى خاجە جۇمھۇر: «بۇ فۇلنى قايان،
نە دەپ سەرف قىلدى، ماڭا قىل بەيان.»
بۇ ئادەم دېدى: «تىلىنى بىلمەك ئۈچۈن،
ۋە ھەركۈن غىزا بىرلە كىيمەك ئۈچۈن.
بېرىپ كۈندە مىڭ سۇرخ دىنارىنى،
كېچەسى تاپىپ نازەنىن يارىنى.

uyghurkitap.com



كى ئۇستامغە قىلغان بۇ ئىشلارنى بىز،
بىرىپ فۇلنى كۆندۈز، كېچە بولسە قىز.
كى بەردۇك قاتىپ ھەر كېچە قىز بۆلەك،
بۇ فۇل كۆندۈزى بولدى كىيىمەك-يېمەك.
كېچە قىز بىلەن ياتتى راھەت قىلىپ،
كى ئولتۇردى كۆندۈز فەراغەت قىلىپ.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئېردى قىرق كۈن ھەمە،
ئاتام ئىلكىدە قالماغان ھېچ نىمە.
كى سەن ھەم ئاتامنىڭكى قىلغاننى قىل.»
دېدى: «قىلماساڭ ئۆزگەنەلمەسسە تىل.»
قىلىپ خاجە ھەم تەھسىنۇ ئافەرىن،
پىتىپ ئۇشبۇ ئىشلارنى قىلدى ھەمىن.
بىرىپ كۆندە مىڭ سۇرخ دىنارنى،
كېچە قىز بىلەن قويدى بۇ زارنى.
ۋەلي بولدى قىرق كۈن بۇ يەڭلىغ قىلىپ،
دېدىلەر خاجە: «ئەمدى ئۆزگەت كېلىپ.
بۇ ئادەم كۆلۈپ دېدى: «مەن نې بىلەي،
مۇرادىم بۇ ئېردىكى، ئەمدى ئۆلەي.
كى يوق ئەمدى ئۆلسەم مېنىڭ ئارمانىم،
ئەمانەت ئىدى ئاقىبەت بۇ جانىم.
خوجام، سىزنى ئاقىلۇ دانا دېگەن،
قەنى ئەقلىڭىز مۇنچەنى بىلمەگەن.
ۋەلېكىن بۇ ئېرمەس كىشىنىڭ ئىشى،
كى بىلمەس سولەيماندىن ئۆزگە كىشى.
مېنى ئۆلتۈرۈڭ خاھى ئەمدى قويىڭ،
ئەدالەت بىلەن بۇ سوراغنى سوراڭ.»
كۆلۈپ دېدىلەر خاجە ھەم بىگۇمان:
«كى ئەييار ئىكەندۈك بۇ ئادەم يامان.»
دېدىلەر بۇ ئادەمنى: «كەتكىل نارى،
كى بول شاھنىڭكى تەسەددۇقلارى.»
قىلىپ خاجەغە مەكرلەرنى شۇبۇ،
قۇتۇلۇپ ئۆلۈمدىن، چىقىپ كەتتى بۇ.
كى بىرنەچچە كۆندىن كېيىن پادشاھ،
كى ئاتلاندى قىلماقغە بىر كۆن شىكاھ.
ئەمىرۇ ۋەزىرلەر بولۇپ كامران،
شەھەردىن چىقىپ يۈردى سەھرا سويان.
يېتىپ كوھنە ۋەيرانەلىقغە بۇلار،
قىلۇر ئېردى شاھ ھەر تەرەفكە شىكار.
كۆرۈپ ئىككى چۇغدەكنى بىر دالادا،
قوپۇپ ئولتۇرۇپ شاھنىڭ ئالدىدا.
ئەجەب سايراشۇر بىر-بىرىگە باقىپ،
تۇشۇپ رۇ بەرۇ تومشۇقىنى ياقىپ.
دېدى شاھ: «خۇش دەۋلەت ئولغاي ئىشى،
ئەگەر بىلسە قۇشلار تىلىنى كىشى.»
كى بەختەك ھەرامزادەنىڭ يادىغە
كېلىپ، ساچرادى شاھنىڭ ئالدىغە.
ئاتىدىن تۇشۇپ دېدى: «شەھرىيار،
ئۇشۇل كۆڭنى خاتىر شەرىفلەردە بار.
فەلان چاغىدا بىر گۇناھكارنى،
كى ئۆلتۈرگەلى بۇيرۇبان سەن ئانى.
دېدى يىغلابان ئول كىشى ۋا دەرىغ،
بىلۇرمەن دېدى قۇش تىلىنى ئارىغ.
خاجەمغەكى ئۆلتۈرمەيىن بەردىلەر،
كى ئۆزگەنگەلى تاپشۇرۇپ ئېردىلەر.
خاجەم بىلگۈسىدۇركى، سالسە قۇلاق،
ئەگەر بۇيرۇساڭ بىز ئانى ئاڭلاساق.»
دەپ ئېردىكى نۇشىرۋان باقتى تېز،
دېدى: «ئەي خاجە، ئانى بىلگەيمۇسىز؟»
دېدى خاجەزادە: «بىلۇرمەن ھەمە،
بۇ قۇشلار دېيىشە سۆزلەشۇر ھەرنىمە.»
دېدى: «ئانداغ ئولسە يەقىنراق بارىپ،
خاجەم ئاڭلاسۇنلار قۇلاقنى سالىپ.»
يەقىن باردىلار ئاڭلاغانى قىلىپ،
قۇلاقنى سالىپ تىڭلاغانداك قىلىپ،
تۇرۇپ خاجە بىر ساەتى تويلانىپ،
كى «ئەستەغفىرۇللاھ!» دېدىلەر كېلىپ.
دېدى: «ئەي خاجە ئول نې دېدۇر ئىكەن،
نە يەڭلىغ ھېكايەت قىلادۇر ئىكەن؟»
دېدى ئول خاجە: «شاھى ئالەم پەناھ،
مېنىڭ بىر سۆزۈم باركى ئەۋۋەل يانا.
كى ھېكمەت يۈزۈكنى بېرىڭ سىز ماڭا،
كى ئاندىن قىلاي ئۇشبۇ سۆزنى ساڭا.»

يۈزۈكنى بېرىپ ئېردى نۇشىرۋان،
سالىپ خاجە ھەم ئىلكىگە شول زەمان.
دېدىلەركى: «ئەي پادىشاھى جەھان،
قىلاي سىزگە قۇشلار سۆزىنى بەيان.
بۇ قۇشلار بىرىنىڭ قىزى بار ئىكەن،
بىرىنىڭ يەنە ئوغلى ئىزھار ئىكەن.
ئوغۇللۇغ بۇ قىزلىغقە سۆز ئايتادۇر،
بۇ سۆزلەركى قىزلىغ بۇ يان قايتادۇر.
قىزىڭنى بۇ دەيدۇركى: «ئوغلۇمغە بەر»،
ئۇ دەيدۇركى: «ئۇبدان بېرەي بولسە ئەر».
ۋەلې دەيدۇ قىزلىغ بۇ سۆزنى ھەمە،
«قىزىم ھەققىغە كەلتۇرۇرسەن نېمە؟
كى ئەسلىڭ مېنىڭدىنكى ھېچ كەم ئەمەس،
قالىنسىز، مېنىڭ بەرمەكىم خۇب ئەمەس».
كى دەيدۇر ئوغۇللۇغ بۇ سۆزگە سەراي،
بۇ ۋەيرانەئى ھەققىغە مەن بېرەي.
مۇڭا دەيدۇ قىزلىغ بۇ سۆزلەرگە ھەم،
«ماڭا ئەسلى ۋەيرانەدىن يوقتۇ غەم.
ئەگەر بولسە نۇشىرۋان پادىشاھ،
ۋەزىر بولسە بەختەك، ئاڭا قويسە راھ.
كى بىر يىل سەلامەت بۇلار بولسە ھەم،
بۇ يەڭلىغ ئەگەر بولسە زۇلمۇستەم.
رەئىيەت قاچىپ زۇلمدىن ھەر قايان،
بولۇر قانچە ۋەيرانەلىق بۇ جەھان.
ساڭا مەن بېرەي مىڭچە ۋەيرانەلىق،
كى بەختەك بىلەن قىلسە بۇ شاھلىق.»
ئىشىتتى بۇ سۆزلەرنى مۇنداغ بەيان،
پەرىشان بولۇپ قالدى نۇشىرۋان.
كى تۇرماي، ئوشۇل دەم شىكاردىن يانىپ،
تۇشۇپ ئورداسىغە، بۇ سەگدىن تانىپ.
يۈزىنى قىلىپ خاجەزادە سويان،
دېمەس بولدى ھەر سۆزدە بەختەك قايان.
دېدى: «ئەي خاجەم، بىلمەدىم ھەرمەھەل،
سۆزۈڭغە سېنىڭ قىلغانىم يوق ئەمەل.
نېتەي، بولغان ئوخشايدۇ ئالەم خەراب،
قىلاي ئەمدى ئىش ئۆزلەرىگە قاراپ.
خەزىنەلەرىم ئاچقۇسىنى ئالىڭ،
نە يەڭلىغ ئەگەر قىلساڭىز سىز قىلىڭ.
ۋەلې ئانچە ئاباد بولسۇن جەھان،
ئەدا بولسۇ مەندىن بۇ بەدنام يامان.»
قويۇپ خاجە ھەم شاھنىڭ ھۆكمىچە،
خەزىنەلەرىنى ئاچىپ بىر نەچە.
ئالىپ چىقتى قىرق پاتمان ئالتۇن بۇلەر،
كى تۆرت يۈز غۇلاچ زەنجىر ئەتتۇردىلەر.
بۇ زەنجىرنى باغلاتتى ئۈچ يەرردە زەڭ،
شەھەر خەلقى قالدى بۇ ئىشلارغە دەڭ.
مۇنىڭ بىر ئۇچىنى قويۇپ جايىغە،
كى قەيد قىلدىلار تەختىنىڭ پايىغە.
كى تۈگلۈك بىلەن بىر ئۇچىنى يانا،
ئالىپ چىقتىلار، بولدى زەنجىر بەنا.
بۇ زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىغە خادە،
قىلىپ باغلادىلار جىلاۋخانەدە.
بۇيۇردى ياساۋۇل قىلىپ قىرق كىشى،
قويۇپ بولدى تەئىين بۇلارنىڭ ئىشى.
دېدى: «كەلسە داد خاھغە باقسۇلار،
خادا بىرلە زەنجىرنى ئىرغاتسۇلار.
ئەگەر كەلسە، باقماي قارى-ياشىغە،
كىرىڭلار ئالىپ پادىشاھ قاشىغە.
يېتىپ پادىشاھ بىۋەلەر دادىغە،
دېدى بۇ جەھان كەلسۇن ئابادىغە.»
كى ئاندىن شەھەر ئىچرە جارلاتتىلار،
بۇ يەڭلىغ شەھەر ئىچرە ئاڭلاتتىلار.
دېدىلەركى: «ئۈچ يىلغىچە ھېچ كىشى،
كىشى بىرلە ھەم بولماسۇنلار ئىشى.
ئەگەر ئالسە بىر فۇل ئۇشاقدىن ئۇلۇغ،
تىرىكلىك ئىشىكىم قالادۇر قۇرۇغ.»
ئىشىتىلدى بۇ سۆز شەھەردىن شەھەر،
كى ئەترافى ئالەمگە يەتتى خەبەر.
قاچىشغان خەلايىق يىغىلدى ھەمان،
كى فۇرسەتدە ئاباد بولدى جەھان.
رەئىيەتكە يۈزلەندى بۇ شادلىق،
كى ۋەيرانەلەر بولدى ئابادلىق.

www.uyghurkitap.com

ئىلاھا، ئۇزۇڭ ئەفۇ قىل، ئاسىيمەن، بۇ كۇفرۇ زەلالەتتە سەنناسىيمەن.

## فەسلى داستان، شاھنىڭ زەنجىرى ئەدل باغلاتقاننىڭ ئاۋازەسى ئەترافى ئالەمگە ئاڭلانغانى ھەيۋاناتلار ئارا مەشھۇر بولۇپ، بىر قېرى ئاجىزى ئېشەك داد ئايتىپ خاداغە سۇۋانىپ، زەنجىرنى تەبرەتكەنى، نۇشىرۋان بۇ ئېشەكنىڭ دادىغە يەتكەنى، نۇشىرۋاننىڭ بۇ قىلغان ئەدلىنىڭ رويى زەمىنغە شۇھرەتى كەتكەنى

سۇخەن گەۋھەرى ئەھلىدىن دۇردان،
ئىشتىمەك كېرەك قىسسەئى داستان.
قىلۇر راۋى بۇ سۆزنى مۇنداغ ئەدا،
ئېشەك سۈركەنىپ تەبرەدى بۇ خادا.
ئەمىرلەر بۇ شەھ باشلىغىن خاسۇئام،
بۇلار ئولتۇرۇپ يەر ئىدىلەر تەئام.
كى ئاۋاز چىقتى بۇ زەنجىردىن،
تەبەققە سالىپ لۇقمەنى ئىلكىدىن.
بۇ ئېردىكى ھەم شەھنىڭ ئادەتى،
ئەگەر داد خاھ كەلسە ھەرمۇددەتى.
ئانىڭ دادىنى بەرمەيىن بۇ تەمام،
كى ئاغزىغە سالماس ئىدىلەر تەئام.
ئىدى شەھ بۇ ئاۋازىغە ئىنتىزار،
ياساۋۇل كىرىپ دېدى: «ئەي شەھرىيار.
كى دادخاھ يوقدۇر ئۇ يەردە بىشەك،
خاداغە سۈۋانمىش ياغىر بىر ئېشەك.
ئۇرۇق ھەم توكۇر ھەم بەغايەت قارى،
كى يوقتۇر بارۇرغە مەجالى نارى.»
كى دەرھال خاجە قوپتى شەھغە قاراپ،
دېدىلەركى: «ئەي شاھى ئالىيجەناب.
سىپاسۇ سىتايىش تەئالاغە ئول،
كەرەم قىلغۇچى پەستۇ بالاغە ئول.
خەلايىققە ئەدلىڭنى بىلدۈردى ھەم،
چەھار پاغە ئەدلىڭنى قىلمىش كەرەم.
تاپىپ ئانچە شۇھرەت بۇ ئەدلىڭ سېنىڭ،
ئېشەك بولسە ھەم دادى بولغاي ئانىڭ.
بۇيۇردى ياساۋۇلنى «كەلتۇر!» دەبان،
ئالىپ كىردىلەر بۇ ئېشەكنى ھەمان.
كۆرۈپ شاھ سوردىكى: «دادى نېدۇر،
خاجەم ئاڭلاسۇنلار مۇرادى نېدۇر؟»
كېلىپ خاجە ھەم بۇ ئېشەك قاشىغە،
دېدىلەر: «كېلىپدۇر ئەلەم باشىغە.
خەلايىق سېنى ئانچۇنان داڭلامىش،
كى زەنجىرى ئەدلىڭنى بۇ ئاڭلامىش:
كېلىپدۇر شۇڭا سىزگە داد ئەتكەلى،
ئېشەك بولسە ھەم ئۆزىنى شاد ئەتكەلى.
بۇ دەيدۇركى، ئەۋۋەل ئۆزۈم ياش ئىدىم،
سېمىز ئاندا گويا قارا تاش ئىدىم:
مىنەر ئېردىلەر كۆنلۈنى ھەر قايان،
چىقىپ كۇفەدىن بۇ مەدايىن سويان.
ئۆتەپ كۇفەدىن يۈرسە فىشىن نەماز،
مەدايىندا قىلغاي نەمازشامنى راز.
بېرۇر ئېردى ھەركۈندە چارەك بوغاز،
باقۇر ئېردى پەرۋا قىلىپ قىشۇ ياز.
يېتىپ ئېردى مۇندا قېرىلىق ئىشى،
مېنى باقمادى ئىشغە سالغان كىشى.
ئۇتۇن، قىغنى يۈكلەپ بەغايەت ئېغىر،
مەشەققەتدە قىلدى ئۇچامنى يېغىر.
تاياق زەخمىدىن بولدى جىسمىم يارۇق،
ئۇزۇم تەشنە، ئاچلىقغە بولدۇم ئۇرۇق.

مېنى ئىشلەتىپ كۈندە بەرمەي ئەمان،
بۇ يەگىلىغ ماڭا زۇلم قىلدى يامان.
بولۇپمەن ئورۇق ھەم يېغىر ھەم قارى،
مېنى قوغلاپ ئاتتى ئۆزىدىن نارى.
خەراب بولدى ھالىمكى، قارنىم ئاچىپ،
بارۇرغە يېرىم يوقكى، مۇندىن قاچىپ.
كى يوق غەيرىلەر ئىشكىدە توختاشىم،
بۇ رەسۋاچىلىق بىرلە قاتتى باشىم.
سېنى ئەدل زەنجىرى باغلاتتى دەپ،
ئىشتىدىم خەلايىقغە ئاڭلاتتى دەپ.
كېلىپمەن شۇڭا ئۇشبۇ دادىمغەيەت،
كى ئادىلسەن ئەر بۇ سۆزۈمنى تۈگەت.»
دەپ ئېردى خاجە ئۇشبۇ يەگىلىغ ھەمان،
بىلىپ ئانچە خۇش بولدى نۇشىرۋان.
ئۇشۇل دەم كىشى بۇيرۇدى ئىزدەتىپ،
كى تاپتى ئىگەسىنى بۇ چىرلاتىپ.
ئالىپ كەلدى شەھ ئالدىغە شول زەمان،
باقىپ ئۇشبۇ ئادەمگە نۇشىرۋان.
كى سوردىكى: «قايداغ ئىشىڭ ئېردى بۇ؟»
ئىگەسى دېدى: «پادىشاھا، بۇغۇ،
كى يىلدام ئىدى توختايالماي رەۋان،
كى مىنسەم بولۇر ئېردى گويا بوران.
كى قىشىن ئۆتەپ كۈفەدىن يۈرسە ھەم.»
نەمازشام مەدايىندا بولغاي بەھەم.
كى‌ھارماس ئىدى ئۇشبۇ يەگىلىغ يۈرۈپ،
قىلۇر ئېردى تەھسىن خەلايىق كۆرۈپ.
بوغازۇ سامانىنى بېرىپ كۈندە بىز،
ئۇشۇل ۋەقتدە ياش ئىدى ھەم سېمىز.
يېغىر ھەم ئورۇق بولدى ھالا قارىپ،
مۇڭا مىنسە ھالا قالادۇر ھارىپ.
بوغازۇ سامانىنى يېمەيدۇر ساچىپ،
بۇ كۈن ئالدىڭىزغە كېلىپدۇر قاچىپ.»
كى شەھ قىلدى يارلىق بۇ يەگىلىغ چۇنان:
«مۇنى توسماغىل سەن ئۇيانۇ بۇيان.
ئۆزى ئوتلاسۇن خاھلاغاندەك يېسۇن،
بوغازلارنى ھەردەم بېرىپ يوقلاسۇن.
خەبەردار ئولۇپ ھالىدىن، سەن باقىپ،
ساقايتغىل يېغىرلارنى مەرھەم قىلىپ.
بۇ يەگىلىغ باقىپ تازە بىر يىلغىنا،»
دېدى: «سەن ئالىپ كەل قاشىمغە يانا.»
ئېشەكنى باقىپ ئۇشبۇ رەڭ بۇ كىشى،
جەھان ئىچرە تولدى ئەدالەت ئىشى.

## فەسلى داستان، بەھرام گور خاقان خىتا شەھرىدە خۇرۇج قىلىپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغانى، نۇشىرۋان گۇستەھەمنى ئانىڭ جەڭگەگە ئىبەرىپ، بەھرام گۇستەھەمنى تۇتۇپ، پاتا باقغالى سالغانى، بۇ ئىشلار پاددشا ھ سەمئىنگە يەتمەيقالغانى

ھىكايەت قىلىپ خاجە جۇمھۇرىدىن،
بۇ ئون كۈن يەنە كەلمەدى ئۆيىدىن.
كى «ئىزدەپ باقىڭ» دېدى نۇشىرۋان،
«خاجەم كەلمەدىلەر، كېتىپدۇر قايان؟»
دېدىلەر: «خاجەم ئاغرىمىشدۇر ياتىپ،
كۆرۈپ كەلدىلەر مۇفتى بىرلە خەتىب.»
ئۇشۇل دەمكى شەھ باشلىغىن پىرۇ ياش،
كى ئاتلاندى كۆرمەككە ئەھلى قاياش.
كىرىپ كۆردىلەر ئولتۇرۇپ باشىدا،
تەرەھھۇم قىلىپ خاجەنىڭ قاشىدا.
دېدى: «ئەي خاجەم، سىزغۇ دانا ئەجەب،
دەۋا قىلمايىن ئۆزلەرىگە نە دەپ؟»
دېدى خاجە شەھغەكى: «ئەي شەھرىيار،
ئىرادە نېچۈك، مەندە يوق ئىختىيار.

www.uyghurkitap.com



ماڭا ئۇل نىمەرسە دەۋادۇر نىتەي،
بۇ ئالەمدە يوقدۇر، قايان ئىزدەتەي؟»
دېدى شەھ: «دەۋا ئۇل نىمەرسە قايان،
ئانى مەن تاپاي، ئەيلەسۇنلەر بەيان.»
دېدىلەر خاجەزادە بۇ رەڭ سەرنەۋشت،
«دەۋادۇر، تاپىلسە ماڭا كوھنە خىشت.»
كى شەھ بۇيرۇدى تۈرت كىشىنى ھەمان،
بىرىنى ئۇيانۇ بىرىنى بۇ يان.
چىقىپ كەزدى ئەتراپى ئالەمنى ئۇل،
باقىپ تاپمادى، نەچچە كۈن يۈردى يول.
بارىپ باقتىلار نەچچە ئايلىق نارى،
تاپالماي يانىپ كەلدى بۇ ھەر بىرى.
بىرىسى ختا شەھرى ئىچرە چاپىپ،
ئالىپ كەلدى بۇ كوھنە خىشتنى تاپىپ.
دېدىلەر خاجە: «مەنكى ئاغرىق ئەمەس،
كى ئەدلىك ئۈچۈن مەن قىلۇرمەن ھەۋەس.
قىلىپمەن بۇ قىسمى بەھانە ۋەلي،
ئۆزۈڭگە بۇ ئەدلىگنى بىلدۇرگەلى.
بولۇپ بەرتەرەف زۇلمۇ بىدادلىق،
كى ۋەيرانەلەر بولدى ئابادلىق.
كى سەھرا ـ بەيابانلار بولدى جاي،
تاپىلماس باقىپ كوھنە خىشت، كۆھنەلاي.»
تاپىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ خىشتنى ھەمان،
كى سوردي خاجە بىرلە نۇشىرۋان.
دېدىلەركى: «بۇ خىشتنى قايدىن ئالىپ،
ۋە قايسى شەھەر ئىچرە تاپتىڭ بارىپ؟»
دېدى بۇ كىشى: «مەن كىزىپ بۇ جەھان،
تاپالماي، بارىپ شەھرى ماچىن سويان.
يۈرۈپ ئىزدەدىم بۇ خاجەم ۋەھمىدىن،
كى ۋەيرانە تاپتىم ختا شەھرىدىن.»
دېدىلەر خاجە: «خەلقى كۆپ، مالى غول،
بولۇر نې سەبەب بىرلە ۋەيرانە ئۇل؟»
دېدى بۇ كىشى: «ئاندا بىر زۇلم خۇ،
كى پەيدا بولۇپ، قىلمىش ئۇل جۇستجۇ.
كى تا خانى ئەزىزىم، ئۆزى شەھ ئۇل،
تۇغۇلمىشكى بەھرام ئاتلىغ ئوغۇل.
شۇجائەتدە يەكتا، دىلاۋەر ئىمىش،
تۇمەنىمىك كىشىگە بەرابەر ئىمىش.
كى بىباش جەمائەت ئاڭا رەم ئولۇپ،
ئالىپدۇر چاپىپ خەلقنى جەم ئولۇپ.
رەئىيەتكە زۇلم قىلدىيۇ دەم بەدەم،
قاچۇرغە خەلايىق قويۇپدۇر قەدەم.
بۇلانلار، تالانلار قىلىپدۇر ئۇرۇپ،
ئىمارەت يىقىلمىش، دەرەختلەر قۇرۇپ.»
دېدىلەر خاجە شاھغە ئۇل زەمان،
«كى لەشكەر ئىبەرمەك بىرۇرگە ئەمان.»
دەپ ئولتۇرمىش ئىبردى بۇ سۆزلەرنى ھەم،
ختا شەھرىدىن ئەلچى كەلدى بۇ دەم.
كى بىر نامەنى شاھغە تۇتتى ئۇل،
كۆرۈپ شەھ، ئاڭا تەختدىن سۇندى قول.
ئىدى نامە مەزمۇنى مۇنداغ يانا،
دېمىش: «ئەي شەھەنشاھى ئالەم پەناھ.
كى پەيدا بولۇپ مۇندا بىباشلار،
جەمائەت بولۇبان قىرى ـ ياشلار.»
كى سۇنمايدۇ ھەرگىز سۆزۈمگە بويۇن،
قىلادۇر ماڭا بىئەدەبلىك ئويۇن.
ئانىڭ بائىسىدىن خەلايىق تاراپ،
كېتىپ، بولدى شەھرىم بۇ كۈندە خەراب.
ئۆزىگە ئىشەنمىش بەھادۇر پۇتۇن،
مۇنىڭ فىكرىنى ئەيلەگىز تىزۇ تۈن.
كى بىزدىن بۇ يەتكۈنغ دۇئايى سەلام،
بۇ سۆزلەر بىلەن نامە بولدى تەمام.»
كى نۇشىرۋان ئاڭلادى ئۇشبۇرەڭ،
ئۇشۇل دەم بۇيۇردىكى ئەسبابى جەڭ.
بار ئىبردىكى بىر پەھلەۋانى ئانىڭ،
شۇجائەتدە دەۋران زەمانى ئانىڭ.
تىبىر ئەندازلىغدە زەبەردەست ئىدى،
ئانىڭ ھەيبەتىدىن فەلەك پەست ئىدى.
تەمەننا قىلىپ ئانچە ئۆز ھالىغە،
نەبىرە ئىدى رۇستەمى زالىغە.

قىلىپ ئۇل بەھادۇرلۇق ھەيباتىنى،
دەر ئېبردى ئانىڭ گۆستەھەم ئاتىنى.
ھۆكۈم قىلدى: «لەشكەر يىغىپ ئىككى لەك»
دىدى: «گۆستەھەمنى ئىبەرمەك كېرەك.»
بۇ لەشكەرگە سەردار ئولۇپ گۆستەھەم،
خىتا شەھرى سارىغە قويدى قەدەم.
يۈرۈپ نەچچە كۈن زاھىر ئولدى شەھەر،
كى بولدىكى بەھرام گورغە خەبەر.
كى بەھرام ئۇل دەم بۇ يولغە باقىپ،
ياسال تۈزدى ئانداغ، شەھەردىن چىقىپ.
كېلىپ ئىككى لەشكەر بەرابەر تۇرۇپ،
چالىپ تەبلى جەڭلەرنى قىيقاس ئۇرۇپ.
جەھاننى تۇتۇپ تەبلى غەۋغاسىغە،
قىلىپ ئۇل زەمان سەفنى ئاراستەغە.
بارىپ گۆستەھەم ئۇشبۇ مەيدان ئارا،
كى بەھرام بىرلە قىلىپ ماجەرا.

كى رەخشىغە بەھرام مۇمەييەز قىلىپ،
ئالىپ نەيزە ئانداغ ھەۋالە قىلىپ.
كى بەھرام مەيداندا جەۋلان ئېتىپ،
ئالىپ نەيزەنى، ئۆزنى بىريان ئېتىپ.
تۇتۇپ گۆستەھەمنى ئاتىدىن ئۈزۈپ،
ئالىپ يەرگە ئۇردى ئۆزىنى تۈزۈپ.
كى ئۆلتۈرگۈچە بۇ ئەمىرلەر تىلەپ،
سالىپ قولغە زەنجىر قويدى يۆلەپ.
پاتا باقغالى ھۆكم ئېتىپ ئۇشبۇ ھال،
كى سەھرا سارى باقغالى قويدى مال.
قاچىپ ئۆزگە لەشكەر بەيابان سويان،
تۇشۇپ چۆلگە بۇ بىلمەدى يول قايان.
ئۆلۈپ تەشنە، ئاچلىقدا بىرنەچچەسى،
بۇكۈپ قالدى جاڭگالدا بىر ھەسسەسى.
خەبەر يەتمەدى شاھغە ئۇشبۇ ھەين،
كى ئاڭلانغۇسدۇر بۇ سۆزلەر كېيىن.

## فەسلى داستان، مەئدى كەرەب قاراقچى تەڭگى رەۋاھىلدا سەۋداگەرلەرنى بۇلاغانى بۇ سۆزنى پادشاھ ئاڭلاغانى، گۆستەھەمنىڭ ئوغلى قۇباد ۋە ئەردەشىر بارىپ جەڭ قىلىپ، مەئدى كەرەبنى ئۆلتۈرگەنى، كۆچى ئادىيەبانۇ قاچىپ مەككەگە كەتكەنى

قىلۇرمىز بۇ يەردە ھېكايەت بۆلەك،
ئوقۇپ پەسلى مۇندىن ئىشتمەك كېرەك.
ۋەلي ئۆلتۈرۇر ئېردى شەھ بىر كۈنى،
كېلۇر بۇ سىفەت دادخاھنىڭ ئۈنى.
بولانىلار، تالانلار قىلىپ كارۋان،
كېلىپ قول سۇنۇق، باش يارىق، جىسمى قان.
كى داد ئەيلەدى ئۇشبۇ يەگلىغ تۇرۇپ،
دىدى: «بىزنى مۇنداغ قاراقچى ئۇرۇپ،
كى تەڭگى رەۋاھىلدا بار بۇ كىشى،
قىلادۇر بولانلىق ھەمىشە ئىشى.
ئانىڭ دەيدۇر ئاتىنى مەئدى كەرەب،

قاراقچى بولۇپدۇركى فۇلنى كۆرەپ.
ئالىپ فۇل-مالىمىزنى قالدى ئۇرۇپ.
بۇ يان بىز قاچىپ، ئاندا قالدى تۇرۇپ.»
ئۇشۇل دەم خاجە بىرلە نۇشىرۋان،
دىدى: «گۆستەھەمنىڭكى ئوغلى قايان؟»
كېتىپ بۇ خىتا شەھرىگە گۆستەھەم،
ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئېردى بۇ دەم.
بۇ يەگلىغ قويۇپ ئېردى ئوغلىغە ئات،
بىرى ئەردەشىرۇ بىرىگە قۇباد.
يىغىپ ئۇل زەمان ئوتتۇز ئۈچمىڭ سىپاھ،
بېرىپ ھەم جەڭ ئەسبابىدىن بارگاھ.

قىلىپ ئەردەشىرنى بۇ لەشكەرگە باش،
بۇيۇردىكى، ئاتلانسۇ دەپ پىرۇ ياش.
كى بىرنەچچە كۈندە بۇ لەشكەر بارىپ،
كى تەڭگى رەۋاھىلنى بۇزدى ئالىپ.
شەھەرنى ئالىپ، ئانى ۋەيران ئېتىپ،
كەرەبنى تۇتۇپ تىيرى باران ئېتىپ.
بار ئېردى مۇنىڭ ئالتە ئايلىق ئوغۇل،
ئۇمەر ئىبنى مەئدى كەرەب ئېردى ئول.
ئالىپ قاچتى تاغقە ئەمەكزادەسى،
يەسىر تۈشتى بۇ خەلقنىڭ بەئزەسى.
تۇتۇپ ئادىيە بانۇنى ئەردەشىر،
كەرەب خاتۇنى ئېردى، تۈشتى ئەسىر.
شەھەرنى بۇلانلار-تالانلار قىلىپ،
مەداينغە ياندى بۇلارنى ئالىپ.
ئىدى ئادىيە بانۇ ساھىب جەمال،
خىجىل بولمىش ئېردى كۆرۈنسە ھىلال.
قۇباد، ئەردەشىر-بۇ ئاغاۋۇ ئىنى،
تالاشتى بۇلار ئادىيە بانۇنى.
قويۇپ بىر كېچە ئاخىرى بۇ غەرىپ،
ئوقۇپ بۇ مۇناجاتنى يالبارىپ.
دېدى: «ئەي خۇدايا، مېنى ساقلاغىل،
بۇ كۇفرى زەلالەتكە سەن باقماغىل.
ئۆلۈغسەن، شەھەنشەھسەن بىقىياس،
بۇ زالىملادىن ئەيلەگىل سەن خەلاس.

كى سەن ساقلاغاچ پاختەنى ئوت بىلەن،
ۋەلې قىلدى جەڭ پەششە نەمرۇد بىلەن.
ئىلاھا، بەھەققى خەلىلۇن-نەبى،
كى ئەۋلادى، ئەسھابى ھەم تالىبى.
كېتەي مەككەنىڭ چوڭلارى قاشىغە،
كى ئۇمر ئۆتكەزەي سۇ توشۇپ ئاشىغە.»
بېرىپ ھەق تەئالا بۇ مەزلۇمغە يول،
مۇناجاتى بولدى ئوشۇل دەم قەبۇل.
كى يىغلاپ ئىدىلەر قازاندەك تاشىپ،
كېلىپ بىركىشى قويدى بەندىدىن شېشىپ.
قويۇپ باقتى ئول دەم بۇ يانۇ ئۇ يان،
تەۋەككۇل قىلىپ كەتتى مەككە سويان.
قۇباد ئەردەشىرۇ تالاشتى بىروق،
بۇ مەزلۇم قاشىغە كېلىپ باقتى، يوق.
تاپالماي باقىپ ئىزدەدى بىر نەچە،
دېدىلەركى: «غايىب بولۇپدۇر كېچە.»
مەداينغە يۇردى بۇ لەشكەر قوپۇپ،
كى يۈكلەپ خەزىنە، ئاتىنى توقۇپ.
كى بىر نەچچە كۈن ئۇشبۇ يولدا ھارىپ،
كۆرۈندى بۇلار پادىشاھغە بارىپ.
بەيان قىلدى بۇ قىسسەلەرنى قۇباد،
بۇ ئىشلارغە نۇشىرۋان بولدى شاد.
قويۇپ يۈز تۈمەن تەھسىنۇ ئافەرىن،
بۇ قىسسە يەنە كەلگۇسىدۇر كېيىن.

فەسلى داستان، ئول ئەممەئى تاھا، نابۇد كۈنەندەئى ئەھلى گۇمراھ، غازىئى فى سەبىلۇللاھ، فەرراشى ھەزرەتى مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەئنى ئەمىرھەمزە ساھىبقىران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەككەئى مۇئەززەمدە ۋۇجۇدلارىغە كەلگەنلەرى ۋە پاددشاھ نۇشىرۋان پىسەرخان ئوقۇپ، تەمامى ئەھلى مەككە بۇلارغە تەربىيەت قىلغانلارى

ئىشتىمەك كېرەك ئەمدى بۇ قىسسەنى، قىلۇر بەرتەرەف ئۇشبۇ غەم-غۇسسەنى.

كى مۇنداغ رىۋايەت قىلۇر راۋىلار،
سۇخەن ئەھلى ئول بىر تەرەف زاغلار.
ئانىڭ بىرلە كۇنلەر ئۆتۇپ بىر نېچە،
كى تۇش كۆردى نۇشىرۋان بىر كېچە.
بۇ دەم شەھرى خەبىر ساردىن بىر ئوت،
مەداينغە تۇشتى كېلىپ ئۇشبۇ ئوت.
تۇتاشتى شەھەرگە بۇ ئوت پاقىراپ،
كېلىپ ئۇچ بولۇپ، مەككەدىن غاقىراپ.
ئۆچۇردى بۇ ئوتلارنى يامغۇر سالىپ،
كى ئويغاندى شەھ تەخت ئۆزە چالغانىپ.
تەئەججۇب قىلىپ ئۇشبۇ يامغۇرغە،
تۇشنى دېدى خاجە جۇمھۇرغە.
دېدىلەر خاجە: «تەئبىرىنى ھەمان،
كۆرۇپمەن كىتابىمدە ئۆتكەن زەمان.
يېتەر شەھرى خەبىردىن بىزگە ئەلەم،
كى پەيدا بولۇر دۇشمەنۇ دەردۇ غەم.
كېلىپ ئول كىشى بۇ شەھەرنى ئالۇر،
ئالىپ تەختىڭىزنى تالانلار قىلۇر.
ئوشۇل ۋەقتدە سىزگە ئەي شەھرىيار،
كېلۇر مەككەدىن ئۇچ ئوغۇل سىزگە يار.
ئالۇر تاجىڭىزنى ئوشۇل ئشرى مەرد،
قىلۇرلاركى دۇشمەننى ھەم گەردۇگەرد.
ئانى ئۆلتۇرۇپ، تېرەسىنى سويۇپ،
كېلۇر تەختىڭىزنى باشىدا قويۇپ.»
كى نۇشىرۋان ئانچۇنان يالبارىپ،
دېدى: «بولسە ئانداغ، خاجەم، سىز بارىپ.
...................①
قىلىڭ پەرۋەرىش ئول تۇغۇلماسداراق.»
دېدى خاجە ھەم ئورنىدىن دەر مەھال،
خەزىنە ئىچىگە كىرىپ ئۇشبۇ ھال.
كى ئۇچ ساندۇق ئىچرە ئالىپ سۇرخ زەر،
مۇنى تىۋەگە يۇكلەتىپ ئۇشبۇ ئەر.
خەلايىق مەداين ئارا جۇغلاشىپ،
رەۋان بولدىلار مەككەگە خوبلاشىپ.
قويۇپ ھەر شەھەرگە تۇشۇپدۇر نىشان،
پىتىپ ئۆتتىلەر تۆرت شەھەرگە نىشان.

يېتىشىپ يەقىن كەلمىش ئېردى بۇلەر،
يېتىپ مەككەنىڭ چوڭلارىغە خەبەر.
چىقىپ ئالدىغە مەككەنىڭ چوڭلارى،
ئۇلۇغۇ ئۇشاق خەلقىنىڭ ئوڭلارى.
تەۋازىئ بىلە نەچچە ئېئزاز ئېتىپ،
كى ھاردۇق سوراپ لەفز ئاغاز ئېتىپ.
ئالىپ كىردىلەر مەككەگە ئۇشبۇ دەم،
تۇشۇردى خەلىلنىڭ سەرايىغە ھەم.
چوڭى خاجە ئەبدۇلمۇتەللىب ئىدى،
ئۇلۇغلۇق ئىشىغە مۇئەللىق ئىدى.
ئەمەس ئېردى ھەج ۋەقت ئۇشبۇ مەھەل،
كى سوردى كېلىپ: «بائىسى نە بۇ ئەل؟»
دېدىلەر خاجە: «مەككەدىن بۇ زەمان،
كى پەيدا بولادۇركى ساھىبقىران.
ئاناسىغە ئالتۇن بېرىپ، ياخشى ئىش
قىلۇرغە كېلىپمەن ئاڭا پەرۋەرىش.
كى نۇشىرۋاننىڭكى ھۆكمى شۇبۇ،»
دېدى: «چوڭ-كىچىك سىزلەگە سۆز شوبۇ.
بۇ كۇندە ۋۇجۇدىغە كەلسە ئوغۇل،
كى دەرھال قاشىمغە ئالىپ كەلسۇئول.
كۆرەي مەن ئانىڭكى فىشانەسىنى،
كى ساھىبقىرانلىق نىشانەسىنى.»
بۇ ئۇچ كۇن ئىچىدە تۇغۇلغان ئوغۇل،
كېلىپ كۆرسەتىپ يەتتە مىڭ بولدى ئول.
كۆرۇپ ھەربىرىسى قىلىپ بىر ھەۋەس،
دېدىلەر: «ئالىڭ، ئول ئوغۇل بۇ ئەمەس.»
بولۇپ ئېردى يەتتىنچى ئاخىر كۇنى،
كېلۇر خاجە ئەبدۇلمۇللىب ئۇنى.
كىرىپ خاجەنىڭ قاشىغە تىزۇ تۇن،
دېدى: «خاتۇنۇم تۇغدى ھالا بۇ كۇن.»
كى ۋاقىف بولۇپ خاجەنىڭ كەلمىشى،
«ئالىپ كەلسۇ» دەپ بۇيرۇدىلار كىشى.
كۆتەردى ئوغۇلنى قىلىپ دەغدەغە،
ئالىپ كەلدىلەر خاجەنىڭ ئالدىغە.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئورۇندىكى مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

www.uyghurkitap.com


ئالىپ خاجەئى تەختەئى زەربى ھەم،
كى ئەھۋالىغە قۇرئە سالدىيۇ رەم.
كۆرۈپ ئانچە تەفتىشلەر قىلدى بۇ،
دېدى: «ساھىب ئەمدىكى تەھقىق شۇبۇ.»
تۇشۇپ پايەگاھغە قوپۇپ خاجە ھەم،
دېدى: «بارەكەللاھ، مۇبارەك قەدەم.
ۋە ئەي قۇدرەتۇللاھ جەھانۇ زەمان،
كى خۇش كەلدىڭىز يەر يۈزىگە رەۋان.»
سۆيۈپ پايىغە ئولتۇرۇپ تىزۇ تىز،
دېدىلەر: «مۇبارەك ساڭا، ئەي ئەزىز.»
كى بىر ساندۇق ئالتۇن بېرىپ شول زەمان،
بۇلار دېدىلەر: «ئۇشبۇ ساھىبقىران.
قىلىپ خاجەغە ئانچۇنان ئىلتىفات،
ئەبۇلئالى قويدى بۇ فەرزەندكە ئات.
بۇ كۈنلەر ئۆتتۈپ ئېردى، سوڭغى كۈنى،
مۇبەششىرەنىڭ تۇغدى ھەم خاتۇنى.
كېلىپ خاجەغە ئايتتى ئول دەم خەبەر،
«خۇدايىم ئوغۇل بەردى» دەپ ئۇشبۇئەر.
خاجە ئول زەمان بۇيرۇدى بىر كىشى،
كى ئەھۋالىدىن قىلدىلار تەفتىشى.
ئالىپ كەلدىلەر شەبزە رەڭ ماھىدۇر،
كى ھۆسنۇ لەتافەتدە يەكتايىدۇر.
نىشانە سەئادەتلىكى بەلگۈرۈپ،
مۇنىڭ تالئىنى بۇ يەڭلىغ كۆرۈپ.
ئايىتتى قويۇپ خاجە مۇقبىل بۇ دەم،
كى بىر ساندۇق ئالتۇن مۇڭا بەردى ھەم.
بۇ ئەسنادا كەلدى ئۇمەييە رەۋان،
كى سەھرادا ئېردىكى بۇ سارۋان.
كېلىپ بىلدى بۇ كۈندە تۇغقان خاتۇن،
ئالىپدۇركى ساندۇق بىلەن ئالتۇن.
كى ئاڭلاپ بۇ ئىشلارنى ھەسرەت يېدى،
مۇنىڭ خاتۇنى ھەم ئاغىر بويى ئىدى.
كى ھەسرەت ياشىنى تۆكۈپ بولدى لال،
كېلىپ خاتۇنى قاشىغە ئۇشبۇ ھال.
ئىشكىنى ئېتىپ، قىلدى مەھكەم ھەمە،
كى خاتۇنغە دېدىكى: «تۇغساڭ نېمە؟
تۇغۇپ خاجەنىڭ كۆچلەرى بىر ئوغۇل،
كى بىر ساندۇق ئالتۇن ئالىپدۇركى ئول.
مۇبەششىرەنىڭ خاتۇنى تىڭلاسا،
تۇغۇپ بىر ئوغۇل بىرنى ئالىپدۇر يانا.
كى بىر ساندۇق ئالتۇن قالىپدۇر يانا.»
دېدى: «سىز تۇغۇڭ مەنە بولايىن غىنا.
تۇغۇڭ بىر ئوغۇل سىز، ئالىپ مەن باراي،
كى ئالتۇننى ساندۇق بىلەن مەن ئالاي.»
دېدى خاتۇنى: «ئۇشبۇ سۆز نى ئېرۇر،
ئوغۇلمۇ ۋەيا قىز، خۇدايىم بىلۇر.
تېخى يەتتە ئايلىق بولۇپدۇر گۇمان،
تۇغار ۋەقتىم ئېرمەس مېنىڭ بۇ زەمان.
ساقاللىك ئاقاردى، ئەمەسسەن گۇدەك،
قىلۇرسەن بۇ سۆزلەرنى دىۋانەدەك.»
دەپ ئېردى، يۈگۈردى ئۇمەييە قوپۇپ،
كېلىپ ئاچچىغى خاتۇننى سوقۇپ.
دېدى بۇ: «خاتۇنلارنىڭ شەرمەندەسى،
كېيىن تۇغقانىڭنىڭ نېدۇر پايدەسى؟»
تۇتۇپ يەرگە ئانداغ ئالىپ ئۇردى بۇ،
بىلىگە تېپىپ دېدى: «ۋەقتى شۇبۇ.»
كى بىخۇد بولۇپ ئېردى ئەقلى چىقىپ،
كى باقتى ئۇمەييە قولىنى تىقىپ.
تۇتۇپ تارتىپ ئالدىكى، چىقتى بۇ يان،
مۇنى يۆرگەدى پايتىما ئالىپ رەۋان.
ئۆتتۈككە يەنە پايتەمە بىرلە تىقىپ،
كېلىپ خاجە قاشىغە ئۆيدىن چىقىپ.
كۆرۈپ خاجە ھەم سوردى بۇ: «نەكىشى؟»
دېدى: «ئىنزىراب بىرلە باردۇر ئىشى.»
كى ئەبدۇلمۇللىب دېدىلەر ھەمان:
«مېنىڭكى كىشىم بۇ ئۆزى سارۋان.
باقۇر ئېردى سەھرا سۈيان تىنۋە ئول،
تاپىپدۇركى ھالا بۇ ھەم بىر ئوغۇل.»
دېدىلەر خاجە: «كەلتۈرۈڭ ئول قانى؟»
ئۇمەييە ئۆتتۈكدىن چىقاردى ئانى.
كى يۆرگەپ ئىيالنى پىشەگە سالىپ،
كېلىپ خاجە ئالدىدا قويدى ئالىپ.

بۇ مەجلىسدە تۇرغان خەلايىق ھەمە،
كۇلۇپ ھەربىرى دېدىلەر: «بۇ نېمە؟»
قۇرۇق جۇزى ھازا سارىغدۇر يۈزى،
ئاغىر خورما گويا، كىچىكدۇر كۆزى.
بويى ھەم بەغايەت ئەجايىب ئۇزۇن،
سىفەت قىلسە دەفتەر ئەدەددىن فۇزۇن.
كۇلۇپ بۇ خەلايىق قىلىپ ماجەرا،
دېدى: «كۆرمەگەن بىز بۇ يەڭلىغ بالا.»
باقىپ خاجە ھەم بۇ ئوغۇل ھالىنى،
كى تەفتىش قىلىپ كۆردى ئەھۋالىنى،
ئۇشۇل دەم خاجە ئىزتىراب ئەيلەبان،
كى ساچراپ تۇشۇپ پايىگاھىغە ھەمان.
دېدى: «مۇجتەبايىكى بەرگەي پەناھ،»
قىلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» يانا.
«ۋە ئەي جامىئۇل-فەزل، ئالىي كەرەم،
مۇئەززەم بەمۇلكى ئەرەب ۋەل-ئەجەم.
ۋە ئەي ساھىبى سۇننى ئالىي ئىلاھ،»
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمر، ئاچىلدى بۇراھ.
مۇبارەك ساڭا، ئەي سەئادەت قەدەم،»
سۆيۈپ قويدىلار ئانچۇنان خاجەھەم.
دېدى: «ئەي خەلايىق، مۇڭا كۇلمەڭىز،
كۇلۇپ ھالىغە، بىھۇدە ئۇلمەڭىز.
ئەگەر بولسە ھالا رەسىدە بۇ ئەر،
بەناگاھ كۇلۇشكەندىن ئالسە خەبەر.
يىغىپ تۇرسەلەر يەر يۈزىگە چېرىك،
زۇرىياتىڭىزنى بۇ قويماس تېرىك.»
بۇ سۆزلەرنى ھەم خاجە ئاغاز ئېتىپ،
ئاتىنى خاجە ئۇمرى دەپ ئىنزاز ئېتىپ.
دېدىلەر ئاتاسىنى: «ئالتۇن ئالىك،
ئاتى خەرج ئەيلەك، ئىيالنى باقىك.»
ئۇمەييە بۇ ئىشقە بولۇپ شادىمان،
يۈدۈپ چىقتى ئالتۇننى بۇ ئۆي سويان.
كېلىپ ئۇشبۇ ئەسنادا ھىندۇ بەشەر،
كى ئەبدۇلمۇتەللىبگە قىلدى خەبەر.
دېدى: «ئەي خاجەم، سىزلەنى بىر جەۋان،
كى چىرلايدۇ ئۇل، ئىزتىرابى يامان.

چىقىپ كۆردى ئەبدۇلمۇتەللىب ھەمىن،
تۇرادۇركى بىر مەزلۇمى نازەنىن.
ئىگىز بويلۇغۇ ماھ يەڭلىغ يۈزى،
نىشانى ئۇلۇغلۇق ھۇۋەيدا ئۆزى.
سەلام ئەيلەدى خاجەغە ئۇشبۇھال،
مۇنىڭدىن خاجە سوردىلار ھەسبىھال.
بەيان ئەيلەدى خاجەغە ھالىنى،
بۇ دەردۇ ئەلەم بىرلە ئەھۋالىنى.
دېدى: «ئەي خاجەم، تانۇمايسىز مېنى،
كى مەئدى كەرەبىنىڭ ئىدىم خاتۇنى.
ئىدى ئۇلكى تەڭگى رەۋاھىلغە شاھ.
ئىدى ئۇل قاراقچى بەھادۇر سىپاھ.
مەدايىن ئىچىدە قىرى-ياشلىغىن،
كى نۇشىرۋان شاھدىن باشلىغىن.
كېلىپ مۇنچە لەشكەر قىرى-ياش بولۇپ،
قۇباد، ئەردەشىر دەپ كىشى باش بولۇپ.
شەھەرنى ئۇشۇل ئالدى ۋەيران ئېتىپ،
كەرەبنى تۇتۇپ تىيرى باران ئېتىپ.
خەلايىقنى تاراج قىلدى چىقىپ،
كى ئاندىن يەسىر ئالدى بىزنى تاپىپ.
قاراتماي مېنى ئۇل بەيابان ئۇ يان،
ئالىپ يولغە كىردى مەدايىن سويان.
بۇ يەڭلىغ نىيەت قىلدىمۇ شول زەمان،
خەبەردار بۇ ھالىمدىن ئولسام، يامان.
بۇ مەنزىلگە يەتتىم سورايىۇ سوراي،
خاجەمنىڭ دېدى بىر كىشى ئۇشبۇ جاي.»
بولۇپ خاجە بۇ سۆزگە كۆپ شادىمان،
كى باشلاپ ئالىپ باردىلار ئۆي سويان.
كىرىپ خاجە جۇمھۇرقاشىغە بۇدەم،
بۇسۆزنى بەيان ئەيلەدى خاجە ھەم.
كى بەش كۈن بولۇپ ئېردى ئەمچەك ئەمىر،
باقىپ ئاغزىغە سالماس ئېردىكى بىر.
بۇ مەزلۇم قۇچاقىغە ئالغان زەمان،
كى ئاغزىغە ئەمچەكنى ئالدى رەۋان.
قوياك ئېردى ھەم ئەمچەكنىنىڭ ئىيرى،
يوق ئېردى ئانىڭ سۈت چىقارغە يىيرى.

قوياڭ ئەمچەكىدىن سۈت ئۇلدى رەۋان،
چىقار دەپ سۈتى ھېچ يوق ئىردى گۇمان.
دېدى: «بەختۇ دەۋلەت نىشانەسى بۇ،
ئەگەر ھەر نىمە بولسە، بولغاي شۇبۇ.»
قىلىپ ئۇشبۇ ئىشلارغە شۈكرى سەنا،
بۇ مەزلۇمنى قىلدى ئىناكە يانا.
خاجە ئۇمر ئەمرىنى مۇڭا بەردىلەر،
باقىپ كېچە-كۈندۈز يۈرۈر ئىردىلەر.
ئالىپ قاچتى بىر كۈن ئەمرىنى پەرى،
قويۇپ باقسە يوقتۇر ئىيالىنىڭ بىرى.
كى پەرياد قىلدى ئىناكە بىرۇق،
دېدى: «بۇ ئىيالىم بۆشۈك بىرلە يوق.»
دېدى خاجە جۇمھۇر: «يوق ئۇلدى دېمەك،
ئالىپ كەلگۈسىدۇر، تولا غەم يېمەك.»
كېچە ياتسە يىغلاپ ئىناكا ئانا،
بۆشۈكدە تۇرادۇر ياندا يانا.
چىقىپ خاجە جۇمھۇر كۆپ مۇڭداشىپ،
مەداينىغە ئاتلاندىلار خوشلاشىپ.
كېلىپ خاجەنىڭ ئالدىغە خاسۇئام،
بارىپ قىلدى نۇشىرۋانغە سەلام.
كى ئاڭلاپ بۇ ئىشلارنى نۇشىرۋان،
بەغايەت بولۇپ قالدى بۇ شادمان.
ئىناكە قىلىپ ئادىيە بانۇنى،
بولۇپ بىر يېرىم يىل، تۇغۇلغان كۈنى.
خاجە ئۇمر كېچە يىغلادىلار بىرۇق،
قوپۇپ ئىردى بىر تۆگمەسى باقسە يوق.
بۇ ئۆيلەرنى باقتى ئۆزىنى تۇزۇپ،
ئالىپدۇركى مۇنىڭ تۆشىدىن ئۇزۇپ.
پەرىشان بولۇپدۇر ئىناكا ئانا،
چىقىپ خاجەغە ئەرز قىلدى يانا.
كى تەفتىشلەدىلەر باقىپ ئانچۇنان،
كى ئىزدەپ تاپالماي ئۇ يانۇ بۇ يان.
ئۈچۈنچى كۈنى ئۇخلاپ ئىردى ياتىپ،
ئالىپدۇر بىرىنى يانا بۇ باقىپ.
بولۇپ دەرغەزەب ئىنھەمە خاجە ھەم،
سەياسەت قىلىپ باقتى زۇلمۇ ئەلەم.
كى تۆرتۈنچى كۈن ئويقۇ كۆزدىن قاچىپ،
ياتىپ گاھ كۆزنى يۇمۇپ گاھ ئاچىپ.
خاجە ئۇمرى بۆشۈكدىن بوشاندى ئۆزى،
يەنە تۈشتى بىر تۆگمەسىگە كۆزى.
يەنە كەلدى بۇ تەكيەسىدىن تېشىپ،
يەنە ئالدى بىر تۆگمەسىدىن شىشىپ.
بارىپ پايگاھ ئىچرە يەرنى ئويۇپ،
كۆمۈپ تۆگمەسىنى بۇ يەردە قويۇپ.
بۆشۈككە ئۆزىنى تاڭىپ تاشلادى،
كى ئاندىن بىرۇقكىم يىغى باشلادى.
قوپۇپ ئادىيە بانۇ ئەيلەپ دەرىغ،
كېلىپ تۆگمەنى تاپتى مۇندىن ئارىغ.
دېدىكىم خەلايىقغە: «تاپتىم مىنە،
ئوغۇرلاپ ئىكەن بۇ كىچىك دوزغىنا.»
تەئەججۇبغە قالدى خەلايىق ھەمە،
دېدىكىم: «بولۇر بۇ نە يەڭلىغ نىمە؟»
كى ئەبدۇلمۇتەللىب دېدى بۇ غەزەب:
«ئۇمەييە بالاسى بولادۇر ئەجەب.»
بۇلارنىڭ ياشى تۆرتكە يەتكەن زەمان،
كى ئولتۇرغۇزۇپ خەتنەگە بۇ ھەمان.
خاجە ئۇمرنى مەكتەبغە كەلتۇرگەنى،
ئوقۇپ موللاسىنى بۇ ئۆلتۈرگەنى.

## فەسلى داستان، خاجە ئۇمرى ئوقۇيدورغان موللاسىنى قۇدۇقدا زەخمدار قىلىپ ئۆلتۈرگەنلەرىنىڭ ۋاقىئەسى

قىلۇر راۋىلار سۆزنى مۇنداغ ئەدا،
خاجە ئۇمرى ئوقۇر ئىردى بىر موللادا:

مۇنى موللاسى ئالدىغە چىرلابان،
«ئەلىق»، «بە» نى بىلدۇرگەلى بۇ رەۋان.
«ئەلىق دەڭ» دەپ ئېردى، دېدىكىم: «ئەلىق»،
دېسە «بە»، دېمەي، ئاچچىغى بەك كېلىپ.
دېدى موللاسى: «بە، دېمەيسەن نېمە؟،
دېگىل، بىھۇدە تازيانە يېمە!»
دېدى: «‹بە› دېمەسمەنكى ئۆلسەم ۋەلې،
كى مەن ‹بە› دېسەم ‹تە› نى دەرسەن ھەلى.
ئوقۇمايدۇمەن بۇ سەبەقلەرنىغۇ.»
كى ئەيبارلىق موللاغە قىلدى بۇ.
قىلۇر ئېردى مۇنداغ ئويۇن-كۈلكۈنى،
قوپۇپ تۇشلۇك ئازادىغە بىر كۈنى.
خاجە ئۇمرى قوپۇپ چىقتى بازارىغە،
كۆرۈپ سالدى كۆز مىۋەلەر سارىغە.
تۇتۇپ ئولتۇرۇپدۇركى بىر دالدىدا،
قويۇپ خورما بەققاللانىڭ ئالدىدا.
كېلىپ موللاسىنىڭ باقىپ بارىنى،
ئوغۇرلاپ ئالىپ چىقتى دەستارىنى.
يېتىپ بۇ شەھەرگە كىرىپ باشىغە،
ئالىپ كەلدى بەققاللانىڭ قاشىغە.
دېدى: «ئۇستە، ھاي، خورما ساتىڭ ماڭا،
يوغان خونغە كەلگۈچە تارتىڭ ماڭا.
ئىبەردى بۇ دەستارىنى موللامىز،
كېلىپ ئېردى مېھمان ئۆيىگە ئەزىز.»
دېدى، ئالدى بەققالدىن خورمەنى،
بالالار قاشىدا يېدىلەر مۇنى.
يىغىلدى قاشىغە جەمئى بالا،
سالىپ كۆز يېمىشكە بولۇپ مۇبتەلا.
بالالار تىلەپ سۇنمىش ئېردىكى قول،
دەر ئېردى: «بېرىڭ بىزگەمۇ، ھاي ئوغۇل.»
دېدىلەر: «بېرەي سۆزگە سىز كىرسەڭىز،
فەقىر بۇيرۇغان ئىشنى سىز قىلساڭىز.»
قەبۇل قىلمىش ئېردى بۇلار جانۇ دىل،
كى ئاندىن بىرۇر ئېردى خورما دەلىل.
سۇ لازىم بولۇپ بىركۈنى موللاغە،
«سۇ كەلتۇر» دېدى تەلەبە باللاغە.

مۇنىڭ ھولىسىدا قۇدۇق بار ئىدى،
سۇ ئالماقلىغى ئانچە دىشۋار ئىدى.
قۇدۇقنىڭ ياقاسىغە كەلدى بۇلار،
سوغۇنى سۇ ئالماق ئۈچۈن سالدىلار.
سۇ تارتىپ ئالاي دەپ بۇ تۇرغان زەمان،
تەنابىنى كەستى خاجە ئۇمرى رەۋان.
كىرىپ موللاسى قاشىغە بۇ يېغى،
دېدىكىم: «ئۈزۈلدى ماتالنىڭ بېغى.»
چىقىپ باقتى، يەتمەي ماتالغە كۆزى،
قۇدۇقغە قويۇپ تۈشتى موللا ئۆزى.
ماتالنى ئالىپ باغلادى دەر مەھال،
دېدى موللا: «ئەمدى مېنى تارتىپ ئال!»
بالالار بولۇپ جەمئ تارتىپ ئىدى،
خاجە ئۇمرى: «قېنى بىر چاباك چال» دېدى.
قويۇپ بەردى، چالدى چاباكنى بىرۇق،
كى لەيلەپ تۈشۈپ، موللاسى بولدى يوق.
يىقىلدى قۇدۇق ئىچرە سۇندى يانى.
كى ئۈچ كۈن ياتىپ چىقتى تەندىن جانى.
كۆچى كەلدى يىغلاپ خاجە قاشىغە،
كى فۇل بەردىلەر ئىسقاتۇ ئاشىغە.
سەياسەت قىلىپ خاجە ھەم ئاخىرىن،
دېدى: «قىلمە بۇ ئىشنى مۇندىن كېيىن.»
بالالار بىلەن ئويناشىپ ھەر زەمان،
كى دادخاھلىق بەرمەس ئېردى ئەمان.
بىرىنىڭ قولى قان، بىرىنىڭ باشى،
بىرىنىڭ پۇتى قان، بىرىنىڭ قاشى.
ئاتۇۋۇ ئاناسى كېلىپ روز-شەب،
بېرىپ فۇل ئاڭا گاھى ئەيلەپ غەزەب.
بولۇر ئېردىلەر خاجە دائىم خەفا،
خاجە ئۇمرى قىلۇر ئېردى مۇنداغ جەفا.
كى ئۆلتۇردى ئۈچ موللانى ئۇشبۇ ھال،
تۈگەتتى خاجە ھەم بېرىپ فۇلۇ مال.
مۇنىڭ ئادەتى روز-شەب بۇ ئىدى،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئاخىرى بولمادى.
كى ئولتۇرغۇزۇپ موللانى قاشىدا،
يەقىن ھاسىلى ھولىنىڭ قاشىدا.

بېرىپ خاجە بۇ موللاغە قىلدى سۆز،
دېدى: «سىز بۇلارغە سالىڭ ياخشى كۆز.»
كى بىر كۈن، قەزارا، قىلىپ جۇستىجۇ،
فەلەقغە چىقاردى خاجە ئۆمرىنى بۇ.
سوقۇپ ئېردى بۇ موللا، ئەيلەپ فىغان،
ئەمىرنى خاجە ئۆمرى دېدى: «سىز قايان؟
ھەرنىش، ھەر ئۆيان ئىككىمىزدىن بولۇر،
كى يالغۇز مېنى سوقماقى خوبمۇدۇر؟»
دەپ ئېردىكى، «سوقماك» دېدىلەر ئەمىر،
بۇ موللا ئەمىرنى تاياق سالدى بىر.
ئالالماي ئەمىر ئۆزنى بەرداشىغە،
قوپۇلدى غەزەب ئاتەشى باشىغە.
ئالىپ ئىلكىگە تەختەنى ئول زەمان،
كېلىپ موللا باشىغە سالدى رەۋان.
قوپۇلدى مېڭەسى بولۇپ گەردۇگەرد،
دېدىكىم بۇلار: «قالمادى ئەمدى دەرد.»
كىتابىنى ئالدى، ئىشكىنى ئاچىپ،
قۇبەيىس تاغىغە كەلدى مۇندىن قاچىپ.
تۇتۇپ ئالدى بىرقوي، يوق ئېردى خورەك،
غىزاسى يوق ئېردى بۇ قويدىن بۆلەك.
قونۇپ غارىدا بىركېچە ياتتىلار،
ئۇچۆيلەن كېڭەشلەر قىلىپ ياقتىلار.
يەنە بۇ خاجە ئۆمرى دېدى: «ئەي ئەرەب،
قويۇڭ سىز بارالىڭ مەدايىن تەرەف.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ موللانى ئۆلتۈرۈپ،
كى بىز مەككەدە بولماس ئەمدى يۈرۈپ.»
قوپۇپ بولدى يولغە ئۇچۆيلە رەۋان،
بارۇر ئېردى ناگەھ مەدايىن سويان.
كى بىر ئالىي ئانداغ چەھار باغىغە،
يېتىپ كەلدىلەر مەنزىلى جايىغە.
بۇ ئېردى خاجە بۇ سەئىدنىڭ باغى،
بۇ ئەيىيار ئېردى بەغايەت داغى.
سورۇپ ھالۇ ئەھۋال بۇ ئەيىيار ھەم،
دېدى: «ئۇشبۇ بولغاي مۇبارەك قەدەم.»
كى سىمان قىلىپ ئىككى كۈن ئانچۇنان،
دېدىكىم بۇلارنى: «يارۇرلار قايان؟»

خاجە ئۆمرى دېدىكى: «مەدايىنغە بىز،
كى نۇشىرۋان قاشىغە بارغۇمىز.»
دېدىكىم بۇ ئەيىيار: «مەن ھەم باراي،
مەدايىندا تۇرمىش ئىدىم نەچچە ئاي.
بەغايەت غەزەب بىرلە نۇشىرۋان،
مېنى قوغلامىش ئېردى ئاندىن بۇيان.
قىلۇر پارە-پارە مېنى تاپسە ئول،
كى ھەم بولسە خىزمەت قىلاي، ئەي ئوغول.
مېنىڭ يانە بىرشاگىردىم باردۇر،
ئەبۇ تاھىر ئاتلىغ، نە ئەيىياردۇر.
ئەگەر بولسە كۈندۈز قىلۇر زارلىق،
كېچەسى قىلۇر قانچە ئەيىيارلىق.
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى بىر-بىر بەيان،
چىقىپ يۈردى ئاندىن مەدايىن سويان.
يېتىپ كەلدى مەنزىل يۈرۈپ بىرنېچە،
ئەبۇ تاھىرنىڭ ئۆيىگە كېچە.
قوپۇپ ئەرتەسى چىقتى ئاندىن قوپۇپ،
ئەبۇ تاھىرى تۇتتى ئاتنى تۇقۇپ.
كېلىپ ئۆيىگە خاجە جۇمھۇرنىڭ،
كى دەرۋازا قاقتى خىجالەتدە مىڭ.
چىقىپ قۇل بۇ دەرۋازەسىنى ئاچىپ،
كۆرۈپ ياندى ئۆيىگە بۇلاردىن قاچىپ.
بۇ يەڭلىغ كىرىپ خاجەغە دېدى ئول،
«كېلىپدۇر، خوجام، ياشىغىنە ئۈچ ئوغول.
كى ھۆسنۇ لەتافەتدە يەكتادۇرۇر،
سەئادەت نىشانەسى ھەم باردۇرۇر.
يەنە ئىككى چوڭ-چوڭلا ئادەممۇ بار،
كى چىرلايدۇ سىزلەرگە ئول ئىنتىزار...»
كى باشلاپ كىرىپ خانەسىگە بۇدەم،
كۆرۈشتى قوپۇپ خاجە جۇمھۇرھەم.
سورۇپ ھالۇ ئەھۋال ئۇلتۇردىلەر،
كى ئاندىن مەھازەرنى كەلتۇردىلەر،
كى مەيلى دۇئالار قىلىپ ھاسلى،
بولۇپ خاجەنىڭ ۋەسلىگە ۋاسلى،
دېدى خاجە جۇمھۇر: «ئەي نەۋ جەۋان،
نە يەردىن كېلۇرلەر، بارۇرلار قايان؟

ۋە كىمنىڭكى سىزلەر جىگەر گۇشەسى،
ۋە قايىسى ئۇلۇغ شاخنىڭ غۇنچەسى.
جەمالىڭ بولادۇر بەرابەر ھەمە،
بەيان ئەيلەڭىز، ئاتىڭىزلار نىمە؟»
يەنە دىدىلەر: «توختاڭىزلار، دەيىن،
ئاتىڭلارنى ئەمدى ئۆزۈم ئايتايىن.
بولۇر مەككە بۇزرۇگلارى زاتىڭىز،
خاجە ئۇمرى، ئەبۇلئالىدۇر ئاتىڭىز.
بۇلار ھەم ئۇشۇل خاجە مۇقبىل ئىرۇر،
بۇ ئىككى كىشى، بىلمەدىم، كىم بولۇر؟»
بۇلار دىدى: «بىزلەركى ھەمراھلارى،
بۇ ئەبۇ سەئىد، مەن ئەبۇ تاھىرى.
بۇ ئىككى كىشىگە سەرۇپا بىرىپ،
دىدىلەر: «قوشۇلماڭ بۇلارغە ھارىپ.

ھەلى ۋەقتى ئىرمەس، كىچىكدۇر ياشى،
قاچان بولسە شەھلىقغە لايىق باشى.
قىلۇرمىز خەبەرنى كىشىدىن تونۇپ،
كىلىڭلار ئۇشۇل ۋەقت ھازىر بولۇپ.»
بۇلار خۇبلاشىپ بولدى يولغە رەۋان،
خاجە ئۇمرى ئەمىر بىرلە قالدى بۇيان.
ۋە ئايدى: «مىنى قويدىڭىز داغدا،
كىلىپسىز ئىكەن بىمەھەل چاغدا.
بۇ دەم پادىشاھ قاشىغە بارغالى،
كۆرۈنمەك مۇناسىپ ئەمەسدۇر ھەلى.»
كى ئولتۇردىلار ئاندا كەچ بولغۇچە،
قوپۇپ چىقتىلار قاشلارىدىن خاجە.
قىلىپ تۈننى بىر ھەسسە، تاپماي ئەمان،
ئۆيىدىن چىقىپ بولدى يولغە رەۋان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# تەجەللىنىڭ ياغلىققا كەشتىلەنگەن قەسىدىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ

ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھۈسەيىنخان تەجەللى مىلادى 1848 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1927 - يىلى رامىزان ئېيىدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كاسكا يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

شائىر كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن ھەرەمگە بارغان ۋە ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغان. كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن ھىندىستانغا كەلگەندە «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە، ئىرانغا بارغاندا «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» دا، ئافغانىستانغا كەلگەندە «كابۇل دارىلفۇنۇنى] دا ئوقۇغان. ئۇ ئەدەبىيات، تارىخ ئاسترونومىيە، خىمىيە، ھېساب، تىبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. شائىر يىگىرمە نەچچە يېشىدا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋە ئۆز ئىستىداتىنى نامايەن قىلىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ھەم ھۆرمەت تاپقان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا يازغان.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ «بەرقى تەجەللى» «تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن»، «سەبقى مۇجەللى» («تەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىلارنىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى»)، «دىۋانى ئەرەبى» («ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى»)، «تۇھبەتۇل بەررەيىن» («ئىككى قۇرۇقلۇق ئۇچۇن تۆھپە»)، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» («قەسىدىلەر توپلىمى»)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا بېغىشلانغان)، «تىلىسمى ئىشق» («ئىشق - مۇھەببەت تىلسىملىرى») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىدىن باشقا، تەجەللى «قۇرئان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنىمۇ ئىشلىگەن (مەزكۇر تەپسىر يوقىلىپ كەتكەن).

بىزدە 1980 - يىلىدىن باشلاپ، شائىر تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىندى:

1 - مەرھۇم ئابدۇرېشىت ئىسلامى ئەپەندى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل) دە، شائىرنىڭ بىرقىسىم غەزەل، قەسىدىلىرىنى ئېلان قىلدى؛

2 - ئابلىھكىم مەخسۇم ھاجى «تەجەللى - مۇجەللى (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 - يىل) ناملىق ئەسەرنى تۈزۈپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر تەجەللىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە بىرقىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇردى؛

3 - نېمتۇللا ئەبەيدۇللا «بۇلاق» نىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىدا، «شېئىرىي مەكتۇب» نامى بىلەن شائىرنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى؛

4 - مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجى «بۇلاق» نىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدا، «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا شائىرنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى.

شائىر تەجەللىنىڭ مەن تونۇشتۇرغان بۇ قەسىدىسى، ئۇنىڭ 1980 - يىلىدىن بۇيان نەشرگە

تەييارلىنىپ ئېلان قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇچرىمايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ قەسىدىسى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرىگە، يەنى ئىنچىكە كەندىر يىپتىن نەپىس توقۇلغان ھەم كەشتە ئىشلەنگەن ئاچ ناۋات رەڭلىك ياغلىققا زۇفئى خەت نۇسخىسىدا چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان (ياكى كۆچۈرۈلگەن). بۇ ياغلىقنى پوتا قىلىپ بەلگە باغلىسىمۇ ياكى كىتاب ئورايدىغان ياغلىق ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ياغلىقنىڭ چوڭلۇقى 103cm × 95cm بولۇپ، ئارىلىقى ئۇزۇنچاق كەلگەن چاسا شەكىللىك بۇ ياغلىقنىڭ تۆت جىيىكىدىن 4.5cm دىن تەكشى ئارىلىق قويۇپ، سېرىق مەشۇت يىپتا تەرەپلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە چىقىرىلغان سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك نۇسخا كەشتىلەنگەن. ئاندىن بۇ گېئومېتىرىك نۇسخىنىڭ ئىچىگە، تۆت تەرىپى ئۇنىڭ تەرەپلىرىگە جىپسىلىشىپ كەلگەن يەنەبىر ماس شەكىللىك نەقىش كەشتىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن، ھەربىر تەرىپىنىڭ سىرتى ھەرە چىشى، ئىچى تۈزسىزىق شەكلىدە كەلگەن، سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى گېئومېتىرىك نەقىش ھاسىل بولغان. بۇ گېئومېتىرىك نەقىشنىڭ ئىچ تەرەپلىرىدىن يەنە 11cm دىن تەكشى ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تەرەپلىرىنىڭ سىرتى تۈز سىزىق، ئىچى ھەرە چىشى شەكىلدىكى سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، لېكىن كىچىكرەك گېئومېتىرىك نەقىشتىن يەنە بىرى كەشتىلەنگەن. كىچىكرەك كەلگەن بۇ گېئومېتىرىك نەقىشنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەربىر بۇرجىكىگە 16cm كېلىدىغان جايلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، سېرىق مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ۋە بۆلۈك تەرەپكە سەل ئەگمىرەك كەلگەن سىزىقچە نەقىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. يەنە 18cm كېلىدىغان جايلىرىمۇ ئوخشاشلا، سىرتى تۈزرەك، ئىچى ھەرە چىشى شەكلىدە كەشتىلەنگەن. بۆلۈك تەرەپكە سەل ئەگمىرەك كەلگەن نەقىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. يۇقىرىدىكى α نەقىش ئارىلىقىدىكى 2cm كېلىدىغان ئورۇنغا تەتۈر «S» شەكىللىك گۈل كەشتىلەنگەن. بۇ گېئومېتىرىك نەقىشنىڭ بىر بۆلۈكى تەرەپتىكى α ئەگمىرەك نەقىش ئارىلىقىدا، تەتۈر «S» شەكىللىك گۈلدىن 16 سى، قالغان 3 بۆلۈكى تەرىپىدىكى ھەربىر α ئەگمىرەك نەقىش ئارىلىقىدا، بۇ خىل گۈلدىن 14 دانىدىن بار. مەزكۇر ياغلىققا كەشتىلەنگەن يۇقىرىدىكى نەقىشلەرنىڭ تۈز سىزىق شەكىللىك بۆلەكلىرىنىڭ توملۇقى 0.2cm، تەتۈر «S» شەكىللىك گۈلنىڭ توملۇقى 0.3cm، ھەرە چىشى شەكىللىك بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 0.4cm كېلىدۇ.

شائىر تەجەللىنىڭ 44 مىسرالىق بۇ قەسىدىسى، مەزكۇر ياغلىققا كەشتىلەنگەن سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى چوڭ ـ كىچىك گېئومېتىرىك نەقىشلەر ئارىلىقىدا قالدۇرۇلغان 11cm كەڭلىكتىكى بوش ئورۇنغا، ئوڭ. تۆۋەن، سول، يۇقىرى تەرەپلەر تەرتىۋى بىلەن يېزىلغان. قەسىدىنىڭ ئالدىنقى 10 مىسراسى تۇتۇق سېرىق رەڭدە يېزىلغان بولۇپ (زەپەر رېڭى سۇسراق تەڭشىلىپ قالغان بولسا كېرەك). باشلىنىشىنى بىلدۈرۈدىغان «ئېپتىدا» دېگەن سۆز بىلەن قالغان 34 مىسرا بولسا قېنىق زەپەر رېڭدە يېزىلغان. شائىر بۇ قەسىدىسىدە، ئۆز يۇرتى قاغىلىقنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ. شۇنداقلا، نورۇزكۈنى يۇرتىغا كەلگەن بىر خىزىر سۈپەت زاتقىمۇ مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بۇ قەسىدىنىڭ تىلى پاساھەتلىك بولۇپ، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستىداتىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندە، ئوقۇرمەنلەرگە بۇ قەسىدىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن يەشمىسىنى ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن.

## I ترانسكرىپسىيە ئېپتىدا

قارغەلىق تالىئىدۇر تۇرفە سەئادەت ئاسار،
كىم ئاڭا گۈلشەنى فىردەۋسدەك ئاچىلدى بەھار.

كۆكدىن ئەنجۇم نې ئەجەب تۇشسە خەرىدار بولۇپ،
كىم مەتائى تەرەبى ئەيش ئىلە تولدى بازار.
بىرمۇبارەكى شىيەم خىزرى قەدەم مەقدەممدىن،
تاپتى بۇ بۇقئە ئەجەب زىينەتۇ ئىئزازفەخار.
بەسكى تەشرىفى كۇنى غەيرەتى نەۋرۇز ئىردى،
بولدى سەرمەست مۇسەررەت مەيدىن ھەر ھۇشيار.
ئول ئەسالەت فەلەكى①ئەختەرى سابىت بەگلىك،
كىم ئىرۇر②قۇلزۇم ئانىڭ گەۋھەرى زاتىغە كۇچار.
بولدى چۇن يۇمىن قۇدۇمى ئاڭا سەرمايەئى ناز،
قار[غە]لىق③ئۇزرە كىرەك ئەمدى كۇچار ئولسە نىسار.
ھەببەزا، مىركى شاياندۇر ئەگەر پاي ئەنداز،
ئاڭا زەربەفتىنى كەلتۇرسە سىپىھرى دەۋۋار.
مەقدەمى خەيرىغە مەنسەبدىن ئىدى ئىستىقبال،
كۆر، بۇ ئىقبال كى بولماس ئاڭا ھەركىمسە دۇچار.
بۇيلە غۇربەتدە ۋەتەن ئىززەتىنى تابغۇسى مەرد،
چىقسە رەسمدەك ئولۇپ رەخشى تەۋەككۇلغە سەۋار.
ئاڭا پەيۋەستە ھەم ئاغۇش ئەرۇسى ئىقبال،
ھەمقىران ھاسىدى بەدبەخت ئىلە دىۋى ئىدار.
مەرھەبا، ساھىبى ئىقبالى ھۇمايۇنكىم ئانىڭ،
سايەسىن زىللى ھۇما تاپتى بۇفەرخۇندە دىيار.
لۇتفۇ رەھمەتدە ئىرۇر كەۋسەرى فىردەۋس ئاسا،
شانۇ شەۋكەتدە فەلەك پايە ۋۇخۇرشىد ئاسار.
مەكرۇمەت ئالەمىدۇر فەرد ۋۇجۇدى كىم ئاڭا،
ھىممەتۇجۇدى ئىرۇر قافۇ مۇھىتى زەخخار.
ئەقلۇ فەئئال فۇيۇزى ئۇرۇبان كۆڭلىدە مەۋج،
ئەھلى ئەشراقەئى جەنبىدە ئەياندۇر ئەنۋار.
ئانىڭ ئەنفاسىيۇ ئەخلاقى كەرىمىدىن سور،
ئىستەسەڭ ئەنبەرى سارا تىلەسەڭ مۇشكى تاتار.
ھۇكمرانلىقدا تەمۇرخان كەبى نافىز فەرمان،
تەرجۇمانلىقدا دەقايىق رەسۇ شىرىن گۇفتار.
فۇقەرا دەردىغە دەرمان، ئۇمەرا باشىغە تاج،
سۇلەھا قۇربىغە تالىب، ئۇلەما جەمئىغە يار.
خاتىرى يوقكىم ئانىڭ مىھرىدىن ئولغاي خالى،
يا زەبانىكىم ئانىڭ مەدھىنى قىلماس تەكرار.

① فەلەكى — ئەسلى تېكستتە «فللى» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② ئىرۇر — ئەسلى تېكستتە «ئۇرۇر» دەپ يېزىلىپ قالغان.
③ قار[غە]لىق — ئەسلى تېكستتە «قارلىق دەپ يېزىلىپ قالغان.»

نې فۇسۇن هۇردى ئانىڭ لۇتفۇ كەرەم ئەنفاسى،
كىم بۇ نەۋئ ئەيلەدى تەسخىرە سىغار ئىلە كىبار.
گەر فۇزۇن قىلسە تەجەللى ئاڭا مىدهەت تاڭ يوق،
كىم تەجەللىغە فۇزۇنراق كەرەمۇ رەئفەتى يار.
تا ئېرۇر قۇتبى جەنۇبىيۇ شىمالى سابىت،
تا فەلەك سەهندەدۇر يەتتە كەۋاكىب سەييار.
مەنسەبۇ زىكرى ئانىڭ سابىتۇ بىسيار بولۇپ،
تاپسۇن ئەقتاب ئىلە يەتتى بەدەلادىن ئەنزار.

## II يەشمە ئىپتىدا

قاغىلىقتا سائادەتنىڭ ئاجايىب بەلگىلىرى كۆرۈندى،
(قاغىلىق) باهاردا جەننەتى فىردەۋس گۈلشەنىدەك تۈشكە كىردى.
بازار كىشىنى سۆيۈندۇرۇدىغان ماللار بىلەن تولدى،
شۇڭا كۆتىن يۇلتۇزلار چۇشۇپ خېرىدار بولسا ئەجەب ئەمەس.
بىر خىزىر سۈپەتىنىڭ مۇبارەك قەدىمى قويۇلۇشى بىلەن،
بۇ جاي ئاجايىب زىننەت، ئابرۇي ۋە پەخىرگە ئىگە بولدى.
ئۇ كەلگەن كۈنى دەل نورۇز كۈنى ئىدى،
شادلىق مەيدىنى هەربىر ئەقىل ئىگىسى مەست بولدى.
ئۇ ئېسىللىك پەلەكىنىڭ يۇلتۇزى، بەگلىكتە تەۋرەنمەس بولۇپ،
كۈچار ئۇنىڭ گۆهەر زاتىنىڭ دېڭىزىدۇر.
چۈنكى ئامەتنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا مول سەرمايە بولدى،
ئەمدى قاغىلىق ئۇچۇن كۈچار (ئۆزىنى) پىدا قىلسا بولىدۇ.
ئەگەر (ئۇنىڭغا) پاياندازلىقا لازىم بولسا، ئۇ ئاسماننىڭ زەرباپنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ.
(ئۇنىڭ) خەيرلىك قەدىمى مەنسەب ئىستىقبالىغا ئۇلاشقان،
بىلگىنكى، بۇنداق بەخت هەركىمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.
(ئۇ) مەرد ئادىتى بويىچە تەۋەككۈل ئېتىغا مىنىپ (سەپەرگە) چىققاندا،
غۇربەتچىلىكتە قالسىمۇ، ۋەتىنىنىڭ ئىززىتىنى يوقاتمايدۇ.
هەسەتخور بەدبەتلەر بىلەن ئىبلىسلار (ئۇنىڭغا) بەختسىزلىك كەلتۈرگەن چاغدا، ئىقبالىنىڭ يېڭى كېلىنى ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ ئۇنى قوينىغا ئالىدۇ.
ئۆزىنىڭ ئالى هىممەتلىك بەخت ئىگىسى كەلگەندە،
بۇ قۇتلۇق دىيار بەخت قۇشىنىڭ سايىسىغا ئېرىشتى.
(ئۇ) لۇتى ۋەرەهمەتتە فىردەۋس جەننىتىنىڭ كەۋسىرىدەكتۇر،
شانۇ شەۋكەتتە ئاسماننى نۇر قىلغان قۇياشتەكتۇر.
ئۇنىڭ يەككە ۋۇجۇدى سېخىيلىك ئالەمدەكتۇر،

www.uyghurkitap.com

(ئۇنىڭ) ھىمەت ۋە ئىھسانى قاف[1]مۇھىتىدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ پاراسەت ۋە پائالىيىتىنىڭ لۇتپى ـ ئىھسانى كۆڭلىدە مەۋج ئۇرۇپ،
شەرق ئەھلى تەرەپتە نۇرلا چاچىدۇ.
ئەگەر سەن ساپ ئەنبەر ئىزدىمەكچى (ياكى) ئەڭ خۇشبۇي مۇشك تاپماقچى بولساڭ،
ئۇنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ئەخلاقىنىڭ ئىھسانىدىن سورىغىن.
ئۇ ھۆكۈمرانلىقتا تۆمۈرخاندەك ئۆتكۈر پەرمانلىقتۇر،
تەرجىمە ـ شەرھىدە ئىنچىكە، نازۇك مەنىلەرنى ئېيتقۇچى ھەم شىرىن سۆزلۈكتۇر.
ئۇ پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان، ئەمىرلەرنىڭ بېشىغا تاج بولغۇچى،
ھەققانىيەتچىلەرگە يېقىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى ۋە ئۆلىمالارغا يار بولغۇچىدۇر.
ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ مېھرىدىن خالى بولۇش ئويى يوق،
ياكى ئۇ ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغاندا سۆزلەرنى تەكرار قىلمايدۇ.
ئۇنىڭ لۇتپ ـ ئىھسانلىق نەپەسلىرى قانداق سېھىر چىقاردىكىن،
ئۇلۇغلار بىلەن كىچىكلەرنى (ئۆزىگە) رام قىلىۋالدى.
ئەگەر تەجەللى ئۇنىڭغا كۆپ مەدھىيە ئوقۇسا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق،
چۈنكى تەجەللىگە (ئۇنىڭ) كۆپلىگەن ئىھسان ـ غەمخورلۇقى يار بولغان.
پەلەك سەھنىسىدە يەتتە يۇلتۇز بولۇپ،
تاكى قۇتۇبنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە بەرقاراردۇر.
ئۇنىڭ مەنسىپى مۇقىم، زىكرى زىيادە بولۇپ،
قۇتۇبلار بىلەن يەتتە ئۆزگىرىش (ئالمىشىش) تىن نەزەرلەرگە ئېرىشسۇن.

[1] قاف — پۈتۈن يەر يۈزىنى ئوراپ تۇرىدۇ دەپ قىياس قىلىنىدىغان ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى. ئەپسانىۋى قۇش ئەنقا مۇشۇ تاغدا بولارمىش.

# ھېكايەتلەر

## مۇئىن جۇۋەينىي

## «نىگارىستان» دىن

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ھاكىم مۇسا**

**مۇھەررىردىن:** مۇئىن جۇۋەينىنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلار كەم. ئەسلى خۇراسانلىق (جۇۋەين دېگەن جايدىن)، XIV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان. مۇئىن جۇۋەينىي سەئدىينىڭ ئىزباسارى، ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ھەم ئۇنىڭ «گۈلىستان» دېگەن ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ «نىگارىستان» دېگەن ئەسىرىنى يازغان (1334 ـ يىل). ئەسەر ئەخلاقىي خاراكتېردىكى لەتىپىلەر ۋە ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بۇ پارچىلار ئالىم بۆرىباي ئەھمەدوف تەرىپىدىن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلىرى فوندىدىكى 2351 ـ نومۇرلۇق نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان. 1891 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەجدادلار ئۆگۈتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

### ئاجايىپ چاقچاق

بىركۈنى كېچىسى، ئەتىۋارلىق بىر كىشىنى يولدا بىر ئادەم ئارقىسىدىن كېلىپ سوقۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم چۆچۈپ كېتىپتۇ. يېنىدا ئاز ـ تولا پۇللىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرقىسمىنى بۆلۈپ باشقا يانچۇقلىرىغا يوشۇرۇپتۇ. ئاندىن خىزمەتكارىغا شامنى يېقىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىپ مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ. بىرچاغدا قارىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قاپتۇ. ئۇ: «مۇبادا مېنىمغا قەست قىلماقچى بولساڭ، مانا پۇللىرىم؛ دۈشمەندىن قورقۇپ ياردەمگە موھتاج بولغان بولساڭ، مانا شەمشىرىم ياخشى خادىمە (ئايال خىزمەتكار ـ ت) كېرەك بولۇپ قالغان بولسا، مۇنۇ چۆرەمنى ئېلىپ قال!»

دەپتۇ.

دوستى ئۇنىڭدىن ئەپۇس سوراپتۇ، مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ قىلىپ ھەزىللەشكىنىنى دەپتۇ.

## ھېكمەتلەر

1. قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ بېشىنى سىلىماسلىق — زالىملىق، ئىستېداتى يوقنى تەربىيىلەش — جاھىللىق.

2. جاھىلنىڭ بەش خىل خىسلىتى بار: دەرغەزەپلىك، بىھۇدە سۆزلەش؛ مەنپەئەت كۆزلىمەي تارتۇق بەرمەسلىك؛ ئۇششۇقچە ماختىنىش؛ دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق قىلماسلىق.

3. كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلەشنىلا تەلەپ قىلما، ئۇياتقا قالىسەن؛ تاماقنى ئوخشاپتۇ، دەپ يەۋەرمە، ئاخىر زەھەر تەمىنى تېتىيسەن.

4. تۆت ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى تۆت تائىپە بىلىدۇ: ياشلىق قەدرىنى بوۋايلار؛ سالامەتلىك قەدرىنى كېسەل بولغان كىشى؛ خاتىرجەملىك قەدرىنى بىچارە؛ تىرىكلىك قەدرىنى ئۆلۈك.

5. مەنسەپدار مال توپلايدۇ، ئاقىل پەزىلەت.

6. ئالتۇن - كۈمۈش توپلاش كويىغىلا چۈشۈش نەپسىنىڭ نۇقسانىدۇر.

7. يولۇققانلا ئادەملەرگە ئازار بېرىۋەرمە دۇنيا ھەممىگە تەڭدۇر.

8. قانائەت مېۋىسى — راھەت، كەمتەرلىك مېۋىسى — مۇھەببەت.

9. دىيانەتلىك دوستنىڭ نەپسى ئۆلۈك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ سەپەرداش ھەمراھى ھەققىدە قايغۇرىدۇ.

10. مۇۋاپىقلىق سەدىپى مۇناپىقنىڭ خەيرىخاھىدىن ياخشىراق.

11. دۈشمەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىنىڭدىمۇ ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇتما.

12. دوستۇڭدىن جېنىڭنىمۇ ئايىما، دۈشمىنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ئەدلۇ - ئىنساپ دائىرىسىدىن چىقما.

13. مۇتتەھەم بىلەن سۆھبەتلەشمە، چۈنكى ئۇ خورمىنى تاش دۆۋىلىرى ئارىسىغا تاشلايدۇ.

14. ئاقىلنىڭ قوپال - تومبالقا ئادەم بىلەن سۆھبەتتە بولۇشى جاھىلنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە دۇم چۈشكىنىگە ئوخشايدۇ.

15. ئۈچ خىل ئادەم بىلىمسىز ھېسابلىنىدۇ: ئۈچ ئورۇنغا يۆتكىلىپ بېرىپمۇ بىرەر ياۋاش - مۇلايىم ئادەمنى ئۇچرىتالمىغان؛ ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىگەن جېدەل - ماجىرادا دوست بىلەن دۈشمەننى ئاجرىتالمىغان؛ بىرسىنى ھاجىتىدىن چىقىرىش پەيتىدە دوستىغا ياردەم بەرمەي، دۈشمەنگە جېنىنىمۇ ئايىمىغان ئادەم.

16. ئېغىر كۈنلەردە يېنىڭدا تۇرغان ئادەملا ئىنئامغا ئىگىدۇر.

17. ئۆزىنى ئاداۋەت ساقلاشتىن ئېھتىيات قىلالىغان، شانۇ - شەۋكەتكە ئىگىمەن، دەپ رەقىبىنى كەمسىتمىگەن ئادەملا دانا ھېسابلىنىدۇ.

18. ئادەم ئۈچۈن ئاداۋەت نەپسانىيەتچىلىكتىن مىڭ ھەسسە ياماندۇر.

19. ئەخلاق ۋە ئەدەپتە ياخشى دوستلىرىڭدىن ئۈلگە ئال.

20. قولۇڭنى تىلەمچىلىكتىن تارت! باشقىلارنىڭ دۇنياسىغا كۆز تىكمە! بۇ تىنچلىقىڭغا كاپالەتتۇر.

21. ئاداۋەت خەۋپىنى سىزىپ قالساڭ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچ، مۇھەببەت پۇرىقىنى پۇراپ

قالساڭ، سېخىيلىق ئىشىكىڭنى ئاچ.

22. كىمكى ئەيىپسىز دوست ئىزدىسە، دوستى كېمىيىدۇ؛ كىمكى دوستىنى خاتالىقى ئۈچۈن ئىتاپقا (قىستاش ـ ت) ئالسا، دۈشمىنى كۆپىيىدۇ.

23. باغرى تاش (رەھىمسىز) دوستنى دۈشمەن ھېسابلاش لازىم.

24. نەسىھەتنى راۋا كۆرمىگەن دۈشمەن ئۆزىنى دوست كۆرسىتىپ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدۇ.

26. ئۆزۈڭ ھەقىقەتەن تائەت ـ ئىبادەت قىلمىساڭ، باشقىلاردىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نېمە قىلىسەن؟

27. سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولساڭمۇ، سۆھبىتىدىن ئۆزۈڭنى تارت.

28. ئىدراكلىق، سۆزىدە تۇرىدىغان، ئۆزىدىن كىچىك بىلەن خۇش مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملا دانا ئادەمدۇر.

29. كور (قارىغۇ) ناداندىن ياخشىراق.

30. سۆزنى ھاكىملاردىن ئاڭلا، مەشھۇر كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بول، بىلمىگىنىڭنى ئالىملاردىن سورا، چۈنكى مۇلايىم ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدە ساخاۋەت بار. مەشھۇر كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلىش زۆرۈردۇر.

31. كىمكى ئۆزىنى سۇلتانغا يېقىن تۇتۇشقا ئىنتىلسە، ئۇنىڭ مالۇمۈلكى تالان ـ تاراج بولۇش خەۋپى ئاستىدا بولىدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتسا، شەمشىرىنىڭ بىسىغا دۇچ كېلىدۇ.

32. ياماندىن يىراق يۈرۈش پەرز، بۇ قاباھەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياخشىغا ياندىشقان ئەقلى مۇددىئادۇر، بۇ پەزىلەتكە يول ئاچىدۇ.

33. زىننەت ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتىگە، پىكىر ئۇنىڭ ئەقلى ـ ئىدراكىغا مۇتاناسىپتۇر①.

34. رەسسام قولى ۋە خىلمۇخىل بوياقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنساننى گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

35. پاساھەتكە②ئېتىبار قىلىش زاماندىن ھوشيارلىق قىلىش ئالامىتى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىك ئالامىتىدۇر.

36. مۇنۇ ئۈچ نەرسىنى تاپقىلى بولماس: سۇلتاننىڭ ئالىي ھىممىتىنى، دەريانىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن پايدا كەلتۈرۈشىنى، دۈشمەننىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى.

37. مۈلكىگە شېرىك ئىزدىگەن، ئۆز ھەرىمىگە (ئائىلىسىگە ـ ت) قەست قىلغان، بارلىق ئىچكى سىرلارنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ئادەم پادىشاھتىن شەپقەت كۈتمىسۇن.

38. ئىستىبداتلىق ئادەمگە قوپاللىق، قابىلىيەتسىزگە مەنسەپ ياراشمايدۇ.

39. دۇنيانىڭ مۇقىملىقى ۋە پادىشاھنىڭ ئادىل بولۇشى تىنچلىقنىڭ كاپالىتىدۇر. زالىم پادىشاھنىڭ ئۆمرى قىسقىدۇر، چۈنكى ئۇ زىيانلىق ۋە يولغا توسقۇندۇر.

40. جاھاندا ھەممە نەرسە ئەقىلگە، ئەقىل بولسا تەجرىبىگە موھتاجدۇر.

41. ھەشەمەت پىكىر يۈرگۈزۈش ياكى تەكەببۇرلۇقتا ئەمەس، ھەيۋەت قوپاللىقتا ئەمەس، ئادىللىقتا.

42. ئاياللار بىلەن دۈشمەنلەشمە، چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانى ئېنىق مۆلچەرگە ئالىدىغان ئۆتكۈر نەيزىلىرى ۋە زەھەر سانچىغۇچى قاتىل تىللىرى بار.

---

① مۇتاناسىپ — ماس كېلىمەك، باباراۋەرلىك، تەڭلىك ـ ت.
② پاساھەت — چىرايلىق، يېقىملىق، ئېنىق سۆزلەش سەنئىتى ـ ت.

43. ئۇچ ھۇنەر ئۇچ نەرسە بىلەن قوشۇلمايدۇ: ھەقىقەت — قورۇق سۆز بىلەن؛ شەپقەت — غەزەپ بىلەن؛ لەززەتلىك تائام — ئاچ كۆزلۈك بىلەن.

44. دەرەخ ياشناپ ئۆسسە، مېۋە بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتسە بولىدۇ، ھالىدىن كېتىپ سولاشقىلى باشلىسا، ئوتۇندىن باشقا نەرسىگە يارىمايدۇ.

45. خۇشاللىق بارغا يارىشىدۇ. بىچارىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خۇشال بولىمەن، دەپ ئۆزىنى ئۇرۇشى نادانلىقتۇر.

46. كىمكى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن تانسا، ھېچقاچان ئۇمىدى ئۆزىگە يولداش بولمايدۇ.

47. پەسكەشنى تەربىيە قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما، تېخىمۇ پەسكەشلەشسە پەسكەشلىشىدىكىن، ئەمما تۈزەلمەيدۇ. سەن شۇنداق بىر ئادەمنى تەربىيىلىگىنىكىن، سېنى چېقىشقا كېلىۋاتقان چايانىڭ زەھەرلىك نەشترىگە ئۆزىنى تۇتۇپ، سېنى قوغدىيالايدىغان بولسۇن.

48. دۈشمەندىن ياخشىلىق كۈتمىگەندەك، پەسكەش دوستتىنمۇ يىراق يۈرگەن ياخشى.

49. ئۆز سۆھبەتدىشىگنى گەرچە ئۇ يۈز يېرىگە ياماق چۈشكەن چاپان كىيگەن بولسىمۇ، ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ كۆر.

50. ئالىي ھىممەتلىك ئادەم ھەرقانداق جانلىقىمۇ ئازار يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. تولىمۇ مەرد بولۇپ، ئەمما ھىممەتسىز بولسا، ئۇنداق ئادەم كۆتەكتىنمۇ پەستۇر.

51. ھىممەتلىك ئادەم ئاخىرى شەرەپ ۋە ئۇلۇغۋارلىق مەرتىۋىسىنى تاپىدۇ.

52. ئالىم جاھىلنى پەرق ئېتەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى بىركۈنى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. لېكىن جاھىل ئالىمنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئالىم ھەرگىز ئىستېداتىنى كۆز - كۆز قىلمايدۇ.

53. نوپۇزلۇق بىر ئادەمدىن تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقلىرى ھەققىدە سورىغاندا: «دوستۇڭنىڭ ئىچ سىرىنى ۋە رەقىبىڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

54. ھاكىمدىن «سەپەرنىڭ قاندىقى ياخشى؟» - دەپ سورىغاندا: «دىيانەتلىك دوست بىلەن قىلغان سەپەر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

55. ھاكىمدىن: «قانداق ئادەم خۇش مىجەز ھېسابلىنىدۇ؟» دەپ سورىغاندا: «يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم ياخشى خۇلق - مىجەز ئىگىسىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

56. ھاكىمدىن: «قانداق ئادەمنى دانىشمەن دېسە بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «گېپىنى بىلىپ سۆزلەيدىغان، تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، پەزىلەت ئارتتۇرۇش يولىدا ئېرىنمەيدىغان، مەرتىۋە ۋە مەنسەپ ئارتتۇرۇش كويىدا بولمايدىغان، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە بارلىق ھىممەت - ئىشەنچىنى كامالەت ۋە ئىدراك كەسىپ قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان ئادەمنى دانىشمەن دەپ ئاتىسا بولىدۇ.»

57. ھاكىم دەپتۇ: «پۇقراغا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەمەس، ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىل. ئۆز ئالدىغا تىنچ ئۆتۈۋاتقان ئادەمگە ھەسەد بىلەن ئەمەس، ياخشىلىق بىلەن باق! ئاپال كىشىگە يامان كۆز بىلەن ئەمەس، شەپقەت نەزەرىڭ بىلەن قارا!

58. ھاكىمدىن: «پادىشاھ سېنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ بىلەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «پادىشاھ سېنىڭدىن باشقا ھەممىسىنى دوست ھېسابلىمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاكىم.

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تىلى

ئىمىن تۇرسۇن

ئەلىشىر نەۋائى XV ئەسىردە، ئەدەبىيات بېغىدا يېتىشتۇرگەن پاساھەتلىك بەدىئىي ئەسەرلىرى ۋە مەرىپەت كانىدىن قازغان بىلىم گۆھەرلىرى بىلەن، تۈركى تىلدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنى جاھان سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن مۇمتاز ئەدىب ۋە يېتۈك تىلشۇناس.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) «بابۇرنامە» ئەسىرىدە، نەۋائىغا مۇنداق باھا بەرگەن: «ئەلىشىربەگ تېڭى يوق كىشى ئىدى. تۈركى تىل بىلەن تا شېئىر ئايتىپدۇرلار، ھېچكىم ئانچە كۆپ ۋە خۇب ئايتقان ئەمەس.» نەۋائىنىڭ ساۋاقدىشى پادىشاھ ھۇسەين بايقارامۇ «قابىلىيەتىنىڭ يىلتىزىنى ئىبتىدائى بىر دەرەجەدىن ئەۋجى بالايە قەدەر (ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگىچە) يۈكسەلدۈرگەن ۋە ھەققى مۇزەللەتىنى (ئەڭ تۆۋەن لىياقىتىنى) ئەفلاكنىڭ كەنارەسىگە كۆتۈرگەن» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. نەۋائى بىلەن زاماندا،ش، مەشھۇر تاجىك شائىرى ئەبدۇرەھمان جامى «بەھارىستان» ئەسىرىدە، ھەكىم شاھ سەمەرقەندىمۇ «مەجالىسۇن - نەفائىس» تەرجىمىسىنىڭ ئىلاۋىسىدە، نەۋائىنىڭ تۈركى تىلدىكى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى مەدھىيىلىگەن.

نەۋائى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ غەزەل شەكلىنى يېڭى پەللىگە كۆتىرىپ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئۆز زامانىسىدا داستان ئىجادىيىتىدە رەسىم بولۇپ قالغان «خەمسە» شەكلىنى بەدىئىي - غايىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە - مەنتىق جەھەتلىرىدە نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر يازغانلىقى ئۈچۈنلا مۇتەپەككۇر ئەدىب بولۇپ قالماستىن، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇكى، نەۋائى ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلغان، گۈزەل-پاساھەتلىك ۋە يېتۈك-بالاغەتلىك ئەسەرلەر يارىتىپ، ئۈلگە كۆرسەتكەن ئىجادكار بولغىنى ئۈچۈن، XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىياسىدا «تۈركى تىل» ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ سىماسىدۇر. رۇس تۈركولوگلىرىدىن ئا.ك.بوروۋكوف بۇ ھەقتە نەۋائىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە باھا بېرىپ يازغان مۇنۇ قىتئەسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن:

مەن ئۇل مەنكى تۇرك بىداددۇر،①
بۇ تىل بىرلە تا نەزم بۇنياددۇر.②
فەلەك كۆرمەدى مەن كەبى نادىرى،
نىزامى كەبى نەزم ئارا قادىرى.

ئەلىشىر نەۋائى مەنىلەر خەزىنىلىرىنى يورۇققا چىقىرىشتا مىڭ جاپالارنى چېكىپ ئىجاد ئەتكەن نەزم ـ نەسىرلىرىگە ئۇل بولغان تىل — «تۈركى تىل» ئىكەنلىكىنى مەزكۇر قىتئەسىدە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، بۇ تىلنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشى «چاغاتاي تىلى» دەپ «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر مىزانى») دېگەن ئەسىرىدە ئېنىق يازغان: «ئەجەم شۇئەراسى ۋە فۇرس فۇسەھاسى ھەر قايسى ئۇسلۇبىدەكىم، سۆز ئەرۇسىگە جىلۋە ۋە نەمايىش بېرىپ ئەردىلەر، تۈرك تىلى بىلە قەلەم سۈردۇم ۋە ھەرنېچۈك قائىدەدەكىم، مەئنى ئەبكارىغە زىينەت ۋە ئارايىش كىرگۈزۈپ ئەردىلەر، چاغاتاي لەفزى بىلە رەقەم ئۇردۇم».

«تۈرك تىلى» ياكى «چاغاتاي تىلى» دە سۆزلىشىدىغان تۈركى خەلقلەر توغرىسىدا نەۋائى «كى تۈرك قەۋملەرى جۇجىدۇر، ئېينەك ۋە چاغاتايى» دەپ «جۇجى ئۇلۇسى» بىلەن «چاغاتاي ئۇلۇسى» تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى كۆرسەتكەن. ئەلائۇددىن جۇۋەينى «تارىخى جەھانكۇشاي» ئەسىرىنىڭ «چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن VI بابىدا، چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىننى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلغاندا، «قايالىغ ۋە خارەزم ئۆلكىلىرىدىن ساقسىن ۋە بۇلغار چېگرىسىغىچە سوزۇلغان ياقتىكى تاتارنىڭ ئات تۇياقلىرى يەتكەن يەرلەرنى چوڭ ئوغلى جۇجىغا ئىنئام قىلدى. چاغاتايغا سويۇرغىغان زېمىنلەر ئۇيغۇرىيەدىن تارتىپ سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە بولۇپ، ئۇنىڭ تۇراقلىق يېرى ئالمالىق تەۋەسىدىكى قوياس ئىدى» دەپ قەيت قىلغان. قايالىغ (ھازىرقى قاپال) يەتتە سۇ ۋادىسىنىڭ شىمالىدا: ساقسىن — ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ ئاياق قىسمى.

موڭغۇل دەۋرىدە، تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە، تاكى سىر دەريا ۋادىسىدىن ۋە خارەزمدىن ئىدىل ۋادىسىغىچە ھەم قىرىمغىچە پۈتۈن «دەشتى قىفچاق» («قىپچاق سەھراسى») نىڭ كۆچمەنچى ئاھالىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «توغماق» دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە جۇجى ئۇلۇسىدا، شەرقتىن كەلگەن تۈركى ۋە موڭغۇل قەۋملىرى ئومۇمەن «تاتار» دەپ ئاتىلاتتى؛ قىپچاق دالىسىدا ئۇلارغا تەۋە بولغان كۆچمەنچى قەۋملەر «قىفچاق» دەپ ئاتىلاتتى. ئاندىن، بۇ ئىككىسىنى — «تاتار» بىلەن «قىفچاق» نى قوشۇپ «تۇغماق» دەپ ئاتىغان. ئالتىن (جىڭ) سۇلالىسىنىڭ شىڭدىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 1220 ـ يىلى) غەربىي شىمال دىيارلىرىغا ئەلچىلىككە بارغان سۈن جۇڭدۇەننىڭ

① بىداد — جاپاكەش.
② بۇنياد — ئۇل، ئاساس.

خاتىرىسىدە: يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان كەڭ دالىدا، مۇكسى - مۇقرى، قىرغىز، نايمان، قانقلى، ئۇيغۇر، تۇغماق، قارلۇق قەۋملىرى ياشايدىغانلىقى يېزىلغان.

قارا كىدانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۇرۇشلىرى ئارقىسىدا، بالدۇر سىردەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇغۇز - قىفچاقلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي جەنۇبىي تەرەپكە سۈرۈلگەن. ئەسلىدە قىفچاقلارنىڭ تولىسى تىن (دون)، ئىدىل (ۋولگا)، يايىق (ئورال) دەريالىرىنىڭ ئارىسىدا ماكانلاشقانىدى؛ قانقلىلار تۈركمەنلەر بىلەن بىللە تۇراتتى (يەتتە سۇنىڭ غەربىدە). بۇلارنىڭ ئورنىنى شەرقتىن كەلگەن قەۋملەر ئىگىلىدى، قىفچاق دالىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار 9 - ئەسىردىلا ئىرتىش بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى؛ يەنە بىر قىسمى بۆگۈخاننىڭ 8 - ئەسىردە غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرىدە سىر دەريا بويىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئىدى. مەسىلەن، يەتتەسۇ، بالقاش ۋە سىر دەريا بويلىرىدا داڭقى چىققان ئۆكتۇلمىش ۋە ئوغلى جانى بەگ «ئۇيغۇر قەۋمىدىن» ئىدى. جانى بەگنىڭ «سەرگۈزەشتىلىرى» دە مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئۆكتۇلمىش ئوغلى جانى بەگ دەيدۇركىم... 591 - (مىلادى 1194 -) بارس يىلىنىڭ خەيرلىك سەفەر ئايىنىڭ بەشىنچى — چارشەنبە كۈنى، ئون بەش يېشىمدا، بارچە موڭغۇللار قاغانى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكىرى بولدۇم... مەن كۆپ يىللار چىڭگىزخان ھەم ئوغۇللىرى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى ئەزگۈخان (باتۇخان) بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، سوقۇش قىلغانلىقىمدىن، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى يازماق بولدۇم».

موڭغۇل ئىستىلاسى زامانىدا، جۇڭغارىيە، ئىلى، تالاس، چۇ، يەتتە سۇ ھەم ئىسسىق كۆكل ۋە قەشقەرىيە رايونلىرىدىن يەنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۇيغۇر، باسمىل، چىگىل، قارلۇق، ئارغۇ، توقسى قەۋملىرىدىن بىر بۆلۈكى يەنە غەربىي قىسمىغا تاكى خارەزم رايونىغىچە كۆچتى. بۇ كۆچۈش ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىلار ۋە قارا كىدانلار زامانلىرىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ئىدى.

تۈركولوگ ھېرمان ۋامبېرىنىڭ دېيىشىچە: «ئوتتۇرا ئاسىيادا، موڭغۇللار ئىستىلاسى ئاقىۋىتىدە قەۋملەرنىڭ ھاياتى ئۆزگەردى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممە جايلىرىدا، تۈركى ئەللەر تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار بۇ يەرگە موڭغۇللارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولۇپ كەلدى. جەيھۇن ساھىلىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەمقەبىلىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئىلگىرىكى زامانلاردا كېلىپ ئورۇنلاشقان تۈركلەرنى تاپتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يەرلەرگە ئاسان جايلاشتى». بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جوجى ئۇلۇسىدا ياشايدىغان قەۋملەر قېتىش-قويۇش بولۇپ كەتتى. ھەتتا، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرى بولغان خارەزم ۋە ماۋەرائۇننەھردە بالدۇر ياشىغان ۋە ئىرانىيلارغا يېقىن قەۋملەردىن بىرمۇنچىسى تۈركلەشتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، بۇ جايلاردىكى بىرمۇنچە تۈركىي قەۋملەر تاجىكلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا، سەمەرقەند، بۇخارا ئاھالىسى «ئىككى تىللىق» بولۇپ قالغانىدى. ماۋەرائۇننەھر چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل

قىلغان بارلاس، دوغلات، جالايىر، ئارلات ۋە قاۋچىن قەبىلىلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بېرىلگەنىدى. بۇلار ئۇ يەردە تۈركلەشتى. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركى بولغان تاشكەنت، خوقەند، قەرشى (نەسەف)، كەش، جىززاق، مەرغىلان قاتارلىق شەھەرلەردە ئارىلاش ياشايدىغان تاجىكلار تامامەن تۈركلەشكەن. بۇنداق ئېتنىك ئۆزگىرىشلەر تەبىئىي يوسۇندا تىلغا تەسىر قىلاتتى. بۇ قەۋملەرنىڭ دىئالېكتلىرىدىن بىرەرسى بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەكچى دىئالېكت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

## 1. نەۋائىدىن ئىلگىركى تىل مۇھىتى

جۇجى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسلىرىدا ياشىغان قەۋملەر تىل جەھەتتىن تۇغقان قەۋملەر، يەنى تۈركى تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان قەۋملەر ئىدى. تىل جەھەتتىن بىر - بىرىگە تەسىرى ئۆتتۈشۈپ تۇراتتى.

ئەسلىدە، X — XI ئەسىرلەردە، شەرقتە قوچۇ قەشقەرىيىلەردە باشلانغان تۈركى تىلدىكى ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەت ھەرىكەتلىرى غەربكە يېيىلىشقا باشلىغان؛ XII ئەسىردە سەيھۇن بويلىرى ۋە خارەزم رايونىغىچە كېڭەيگەن ۋە بۇ رايونلاردىكى تۈركى قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى قايتا تىكلىشىگە تۈرتكە بولغان. تۈركى ئەدەبىي تىل بۇ رايونلاردا تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە سىڭىپ بېرىۋاتقان ئەرەبچە - پارسچىگە مۇقابىل سۈرەتتە مەدەنىيەت تىلى سۈپىتىدە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە، ئەسلى تۈپ - ئاساسى بىر بولغان «ئىدىقۇت تىلى» بىلەن «خاقانىيە تىلى» تېخىمۇ بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زونىسىدا «ئورتاق ئەدەبىي تىل» بولۇپ قالغان. تۈركولوگلارنىڭ تەھقىقلىشىچە، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسلىق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئايىغى يەتكەن يەرلەرگە ئۆز تىل - يېزىقىنى بىللە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇيغۇر يېزىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئېلىپبەسى ئومۇملاشقانغا قەدەر، تۈركى قەۋملەر ئارا ئورتاق يېزىقلىق رولىنى ئوينىدى؛ بۇ يېزىق موڭغۇل دەۋرىدە، ھەتتاكى ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدىمۇ سەلتەنەت ھۆججەتلىرى ۋە تۈركى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىقى ئىدى. ھېرمان ۋامبېرىنىڭ يېزىشىچە: «خارەزمشاھلار، سالجۇقىلار گەرچە مەنشەت جەھەتتىن تۈركى بولسىمۇ، ئۇلار غەربىي ئىسلام - ئىران مەدەنىيىتىگە مۇخلىس ئىدى. تۈركى خەلقنىڭ راۋاجى ئۇچۇن ناھايىتى ئاز ئىش قىلغانىــــدى. تۆمۈر دەۋرىدە، مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەر ۋاقىت تۈركچە بولدى. ھەتتا موڭغۇل - ئۇيغۇر يېزىقى — مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بەك يامان كۆرۈلگىنىگە قارىماي — مۇھاپىزەت قىلىنىدى». دېمەك، ۋامبېرى توغرا خۇلاسە چىقارغان. تۆمۈر دەۋرىدە بەگلەرگە ۋە قوشۇنغا

چىقىرىلىدىغان بۇيرۇقلار ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈركى تىلدا يېزىلاتتى. بارچە چوڭ ۋەقەلەر ۋە سەپەرلىرى توغرىسىدىكى لايىھەلەر ئاۋۋال ئۇيغۇر باخشىلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلەتتى؛ ئاندىن، موللاملار پارسچىگە تەرجىمە قىلاتتى. چاغاتاي خانلىرىنىڭمۇ موڭغۇلچە ئەمەس، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئەرەب سەييالىرىدىن ئىبنى بەتۇتە بايان قىلغان. مەسىلەن، چاغاتاي خانلىرىدىن تارماشىر ئۇنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا تۈركى تىلدا خىتاب قىلغان ۋە بامداددىن كۈن چىققىچە ئۇنىڭ بىلەن تۈركى تىلدا سۆزلەشكەن، كېيەك خانمۇ تۈركى تىلدا سۆزلىگەن.

تۈركولوگلارنىڭ ئەكسەرىيىتى XII — XIV ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت تىلى سۈپىتىدە قەۋملەر ئارا قوللىنىلغان ئەدەبىي تىلنى «خاقانىيە تىلىنىڭ داۋامى» ياكى «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتاشتى. بەزى تۈركولوگلار «ئورتاق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى» ياكى «چاغاتايچىنىڭ ئىلگىرىكىسى» دېگەن نامنىمۇ بېرىشتى. بۇ ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرمۇنچە ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئەنە شۇ تىلدا ۋۇجۇدقا كەلدى.

تەخمىنەن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغۇسى»)، مۇئەللىپى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى، بۇ ئەسەرنىڭ B نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق قۇرمۇقۇر پاراللېل كۆچۈرۈلگەن نۇسخا) نىڭ ئاخىرىدا، ئارسلان خوجا تارخاننىڭ «ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە» يازغان شېئىرى ئىلاۋە قىلىنغان:

«تەمامى ئېرۈر كاشغەرى تىل بىلە،
ئايىتمىش ئەدىب رىققەتى دىل بىلە.
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،
بىلۈر ئول ئەدىبنىڭ نەكىم ئايمىشى».

تەسەۋۋۇف ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى بولغان «دىۋانى ھېكمەت» — سەيھۇن (سىر دەريا) بويىدا يەسسە شەھرىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرى 562 - (مىلادى 1166 -) يىلى ۋاپات قىلغان خوجا ئەھمەد يەسسەۋى كىتابى. بۇ ئەسەردە، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تەسەۋۋۇف غايىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاممىۋى شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئاددى خەلق ئۇڭاي چۈشىنىدىغان ئاممىباب ۋە يەڭگىل تىل بىلەن بايان قىلىنغان. تۈركولوگ م.فوئاد كۆپرۈلۈ: «ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ لەھجىسى «قۇتادغۇبىلىك» لەھجىسىدىن ھېچ قانداق پەرقلەنمەيدىغان، يەنى ئەدەبىي «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ سانىلىدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇلقاسىم مەھمۇد بىننى ئۇمەر زەمەھشەرى (1074 — 1134 —) تىلىغا ئالىنىت يازغان «مۇقەددىمەتۇل - ئەدەب» دېگەن كىتابىنى تۈركولوگلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ

«دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» كىتابىدىن كېيىن، تۈركى تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇھىم كىتاب، دەپ يۇقىرى باھالىغان؛ بۇ كىتابنىڭ ئەڭ كونا نۇسخىسى (روسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان نۇسخا) ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما، بۇ كىتابتا، تۈركى تىلىنىڭ خارەزم ۋە جەنۇبىي شىۋىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئۇچىنچى خەلىپىسى ۋە «باقىرغانى» دەپ تونۇلغان سۇلايمان ئاتانىڭ «باقىرغانى كىتابى»، «ئاخىر زامان كىتابى» ۋە «مەريەم كىتابى» ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىگە ئەينەن تەقلىد قىلىنغان.

شەمسىددىن مۇھەممەد بىننى قەيس تۈزگەن ۋە جەلالىددىن خارەزمشاھ نامىغا بېغىشلانغان «تىبيانۇل ـ لۇغاتىت ـ تۈركى ئەلا لىسانىل قاڭلى» («قاڭلى شىۋىسى بويىچە تۈركى تىللار نىگىزى») — بۇ لۇغەت كىتابى خارەزم ئاھالىسىدىن بولغان قاڭلى شىۋىسىنى ئاساس قىلغان «خارەزم تۈركچىسى» نىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇرھانىددىن ئوغلى ناسىرىددىن رابغۇزى ئەسىرى — «قىسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى»)، تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان بۇ كىتاب ھىجرى 710 ـ (مىلادى 1310 ـ) يىلى يېزىلغان. تۈركولوگلارنىڭ پىكرىچە، بۇ كىتاب «خاقانىيە تىلى» بىلەن «چاغاتاي تىلى» نى باغلايدىغان مۇكەممەل زەنجىرلىك رولىنى ئۆتىگەن.

رابغۇزى ئەسىرىنىڭ تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان تىلدا، تەخمىنەن XII - XIII ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن ۋە مۇئەللىپلىرى ياكى تەرجىمانلىرى نامەلۇم بولغان تەفسىر، فىقھە ۋە قۇرئان تەرجىمىلىرى ئومۇمەن تىل ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان رۇس تۈركولوگلىرىدىن ئا.ك.بورووكوف «XII - XIII ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تەفسىرى لېكسىكىسى» نى تۈزگەن.

«خارەزم تۈركچىسى» توغرىسىدا سۆز قىستۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. تۈركولوگلارنىڭ پىكرىچە، بالدۇر تالاس ۋە ئىسسىق كۆل ئارىسىدىكى رايوندا ياشىغان ۋە كېيىن خارەزمغا كۆچكەن قانقلى (قاڭلى) قەبىلىسى بىر مەزگىل خارەزمدە خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى؛ «قەشقەر ئەدەبىي تىلى» نىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە، ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىفچاق ۋە قانقلى شېۋىلىرىدىن تەركىب تاپقان «خارەزم تىلى» شەكىللەندى. بەزى تۈركولوگلار بۇ تىلنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى» نىڭ «خارەزم شىۋىسى» دەپ ئاتىدى؛ ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە «خارەزمچە تۈرك تىلى» دەپ ئاتىدى. بىرقانچە قەۋم-قەبىلە جايلاشقان خارەزمدە يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى شۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ ئانا تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئۇ مۇئەللىپلەر تەتقىق قىلغان تىلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىپادىلىگەن.

ئەلى ئوغلى مەھمۇد ھىجرى VIII (مىلادى XIV) ئەسىردە يازغان «نەھجۇل - فەرادىس» («جەننەتنىڭ يولى») رابغۇزىنىڭ «قىسەسۇل ئەنبىيا» سىغا نەزىرە سۈپىتىدىكى دىنىي ئەسەر - شەيخ شەرىف خوجا ھىجرى 713 - (مىلادى 1313 -) يىلى يازغان «مۇئىنۇل - مۇرىد» («تەلەبكارلارغا ياردەم») ئاساسەن «كاشغەر تىلى» بويىچە، خارەزم شېۋىسى ئىملاسىدا ھەرەكەلەنگەن دىنىي - شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتىن يۈتۈنلەي «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قا ئوخشايدۇ.

خارەزمدە يېزىلغان ئەڭ مۇھىم تىل يادىكارلىقلىرىدىن يەنە بىرى — «مۇھەببەتنامە» بولۇپ، تەخەللۇسى «خارەزمى» دېيىلگەن شائىرنىڭ نامىغا تەئەللۇقدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا:

مۇھەببەتنامە سۆزىن مۇندا يىتتىم،
قامۇغىن سىر ياقاسىندا بىتتىم.
بۇ دەفتەركىم بولۇپتۇر مىسر كەندى،
يەتى يۈز ئەللى دۆرت ئىچرە تۈگەندى.

دەپ يېزىلغان بېيىتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر بۇ ئەسەرنى سىر دەريا بويىدىكى مىسر كەنتىدە، ھىجرى 754 - (مىلادى 1352 -) يىلى مۇھەممەد خوجا بەگكە بېغىشلاپ يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى بارتولد، ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى ئوسمان سىرتقايا نەشر قىلدۇرغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، «غەربىي تۈرك تىلى» نىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىل» دا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئەلى يازغان «قىسسەئى يۈسۈف» ياكى «يۈسۈف - زىلەيخا»، قۇتب ئىجادىي تەرجىمە قىلغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، شەرىف يازغان (رەۋنەقۇل - ئىسلام) ۋە باشقىلار.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا تۈركولوگلار نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاساسەن بىر پىكىرگە كېلىشكەن.

فونېتىكا جەھەتتە: «خاقانىيە تىلى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى» دا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار: ئا(a)، ئە (ɛ)، ئې (e)، ئى (i)، ئو (o)، ئۇ (u)، ئۆ (ø)، ئۈ (γ). بۇ سوزۇق تاۋۇشلاردىن «ئى» (i) نىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋارىيانتى بولغان؛ گايىدا، «ئې» (e) بىلەن ئالمىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىلىرىمۇ بولغان. «ئە» (ɛ) تاۋۇشى «خاقانىيە تىلى» غا خاس تاۋۇش بولۇپ، ئومۇمەن تىل ئالدى - ئىنچىكە سوزۇقلىرى ۋە «ك» (k)، «گ» (g) تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە، ئاندىن ۋە بەزى تەركىبدە «ق» (q)، «غ» (b) ھەم باشقا بوغۇز تاۋۇشلىرى بولغان

www.uyghurkitap.com



ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەردە قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلاپ قېلىپلاشقان ۋە شۇ دەۋردە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىملا قائىدىسىگە مۇۋاپىق، تۈركى سۆزلەردە كەلگەن «ئە» (ɛ) تاۋۇشى «ا» (ئەلىف) بىلەن يېزىلىپ، «ئە» (ɛ) سۆز تەركىۋىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بېقىپ پەلەپپۇز قىلىنغان. مەسىلەن:

ايركاك — ئەركەك امكاك — ئەمگەك

ارسا — ئەرسە الاييىن — ئەيلەيىن

تيكان — تىكەن تيلاكيم — تىلەكىم

بزكا — بىزگە كيما — كېمە

كوجيكا — كۆجىگە كوركاى — كۆرگەي

زوقىغە — زەۋقىغە شيخغە — شەيخغە

تۈركى سۆزلەردە (يېپىق بوغۇملاردا) «ئە» ئورنىدا «اي» ياكى «ي» بىلەن يېزىلغان. مەسىلەن:

ايردى — ئەردى ايل‌ايچى — ئەل ئىچى

پيركاچالدى - يەرگە چالدى خيال اتتى - خەيال ئەتتى (گايىدا «ايتتى» قىلىپمۇ يېزىلغان).

ئۈزۈك تاۋۇشلار ئومۇمەن ئوخشاش. پەقەت ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرگە خاس ھەرپلەردىن «حا» خارەزم شىۋىسىدە «ا» (a) نىڭ سوزۇلما قاتتىق ۋارىئانتى بىلەن كېلىشىغان سۆزلەردە «ت» (t) ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى» دا قوللىنىلغان «ق» تاۋۇشى «ۋ» (w) دىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، «ف» (f) ياكى «و» (v) بىلەن ئىپادىلەنگەن. «د» (d) تاۋۇشى گايىدا «د» (d) بىلەن، بەزى ئەسەرلەردە «ي» (j) بىلەن ئالماشقان. «ق» (q) تاۋۇشى بىلەن «خ» (x) تاۋۇشى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇلماي ئەينەن ساقلانغان. سۆز بېشىدا كەلگەن «ي» (j) تاۋۇشى شىمالىي ۋە غەربىي شىۋىلەردىكىدەك «ج» (dʒ) لاشتۇرۇلماي، ئەينەن ساقلانغان.

«ئوتتۇرا ئەدەبىي تىل» دىكى «ڭ» (ŋ) تاۋۇشى «نك» (ng) شەكلىدە يېزىلىپ، ئىككى بوغۇمغا تەۋە قىلىنماي، بىر تاۋۇش قىلىپ ئوقۇلغان.

يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىنغان.

ئەمما، جۇجى ئۇلۇسىغا تەۋە بولغان ئۆزبېك، قازاق، نوغاي — ماڭغىت قەۋملىرىنىڭ تىللىرىدا بولسا، «ɛ» (ئە) تاۋۇشى ئورنىدا ئاساسەن «e» «ئې» تاۋۇشى قوللىنىلغان ياكى تىل ئورنى ئارقىغا مايىل تەلەپپۇز قىلىنغان «i» (ئى) تاۋۇشى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ

قىسقا ـ قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «i» ۋارىئانتى كۆپرەك قوللىنىلغان. «ئورتاق ئەدەبىي تىل دىكى «چ» (t) تاۋۇشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەۋملەر تىللىرىدا «ش» ( )، ئەكسىنچە «ش» ( ) بولسا «س» (S) بىلەن ئالماشقان. «ل» (L) ۋە «ن» (n) بىلەن باشلانغان باغلىنىغۇچىلار باش ھەرپى ئۇچۇق يەنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، «د» (d) بىلەن ئالماشقان. سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىسىدىكى «غ» (b)، «گ» (g) تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى ئۇزۇك تاۋۇشتىن كېيىن كەلسە، «ۋ» (w) ياكى «ي» (j) لاشقان. مەسىلەن،

يازغۇچى — يازۇۋچى، ئوقۇتقۇچى — ئوقۇتۇۋچى،

كەلگۈچى — كېلۈۋچى، باغلاش — باينۇۋ

مورفولوگىيە جەھەتتە: XII — XIV ئەسىرلەردە قوللىنىلغان «ئورتاق ئەدەبىي تىل» دا، ئىسىملارنىڭ كېلىشلىرى، سان، سۈپەت، ئالماش، پېئىللار (پېئىل زامانلىرى، پېئىل سىغىملىرى، پېئىل دەرىجىلىرى) ئومۇمەن «خاقانىيە تىلى» دىكى بىلەن ئوخشاش. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ تىلغا ئوغۇز-قىپچاق تىلىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىمۇ سىڭگەنىدى. مەسىلەن: چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى «ni» بىلەن بىللە «in/n» شەكلىمۇ قوللىنىلغان. خلق + ين — خلقين (خەلقنى)، قايغۇسى + ن — قايغۇسىين (قايغۇسىنى)؛ بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى «gɛ/ba» (غا/گە) نىڭ ئىخچاملاشقان شەكلى «ɛ/a» (ئا/ئە). كونكلومە — كۆڭلۈمگە، اغزيمە — ئاغزىمغا.

دەرۋەقە، قىپچاق تىلى قەدىمكى تۈركى تىللارنىڭ بىرىدۇر. قىپچاقلار «كۆپكىنە تۈركى خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىشتىراك ئەتكەن»؛ «تارىخچىلار دەشتى قىپچاقنى تارىخىي ئەسەرلەردە ئۆزبېكلەر دىيارى دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى يازماقتا»؛ «تۈركى تىللار، شۇ جۈملىدىن ئۆزبېك تىلى تارىخىدا قىپچاقلارنىڭ تۇتقان ئورنى كاتتا»، دەپ توغرا ئېيتقان ئۆزبېك تىلشۇناسلىرىدىن س.م.مۇتەللىپوف.

## 2. نەۋائى زامانىدىكى تىل مۇھىتى

چاغاتاي خانلىرىنىڭ مەركەزلىرى كۆپىنچە ئالمالىقتا ۋە بەزىدە تاشكەنت، بۇخارا، قەرشى تەۋەسىدە بولۇپ تۇرغان. بۇ جايلار مەركىزىي شەھەر بولۇش ئىمتىيازى سەۋەبىدىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. چاغاتاي خانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تىلى «تۈركى تىل» بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا بۇ جايلاردا «تۈركى تىل» ئىمتىيازلىق ئىدى. شۇڭا، بەزى تۈركولوگلار «چاغاتاي ئەدەبىياتى نامى بىلەن تونۇلغان ئەدەبىيات ئومۇمەن ئەمىر تۆمۈر تايانغان قەۋملەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان چاغاتاي ئۇلۇسىغا مەنسۇپ ئىدى» دەيدۇ.

140 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا،

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا پارىسى تىل مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدىلا ئەمەس، ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئالاقىلىرىدىمۇ ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە ۋە ئوقۇمۇشلۇق قاتلام ئىچىدە «ئەرەب تىلى — جەننەت تىلى، پارس تىلى — سەلتەنەت تىلى، تۈرك تىلى — جامائەت تىلى» دەيدىغان قاراش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. جاھال قارشىنىڭ ئېيتىقىنىدەك، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرىچە، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار بالاغەتلىك، پارسچە يېزىلغانلار نۇكتە پەرداز (گۈزەل مەنىلىك)، تۈركچە يېزىلغانلار ساپ ۋە ئۆز سانىلاتتى. ھەتتا تۈركى تىلدا گۈزەل غەزەللەرنى يازغان ۋە چارەك ئەسىر شىمالىي ئىران، ئافغانىستان ۋە سىيىستاندا ھىراتنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۈسەين بايقارا ئوردىسىدىمۇ پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى.

ئەنە شۇنداق — ئىران مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئىران شېئىرىيىتى ۋە پارس تىلىنىڭ چوڭ ئىمتىيازى ۋە قىزىقتۇرۇشى ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا، ئەلىشىر نەۋائى باشلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئۆز ئەجدادلىرىدىن قالغان ئەنئەنىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى. ئۇ زامانلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلۈكىدە (يەنى بۇخارا، سەمەرقەند ۋە ھىراتلاردا) شەھەر ھاياتى پارسلار ئىلكىدە، يېزا - قىشلاق ھاياتى تۈركلەر قولىدا ئىدى. نەۋائى ئومۇمەن شەھەردە ياشىغۇچى ئىرانلارنى «سارت» دەپ ئاتىغان. تۈركى تىل - ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق مەركەزلىرىدىن بولغان سەمەرقەند - ھىراتلاردىمۇ پارس تىلىنىڭ ئۈستۈنلۈك قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن نەۋائى مۇنداق يازغان:

«ئەمما تۈركنىڭ ئۇلۇغىدىن كىچىكىگە دېگىنىچە ۋە نەۋكەرىدىن بېگىگە دېگىنىچە، سارت تىلىدىن بەھرىمەندۇرلار، ھەتتا تۈرك شۇئەراسى (شائىرلىرى) كىم، فارسى تىل بىلە رەڭگىن ئەشئار ۋە شىرىن گۇفتلار (رەڭدار شېئىرلار ۋە شېرىن سۆزلەر) زاھىر قىلۇرلار .... ئاندىن سوڭرەكىم، تۈرك تىلىنىڭ جەمئىيىتى مۇنچە دەلايىل بىلەسابىت بولدى (شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاندى). كىبرەك ئەردىكىم، بۇ خەلق ئاراسىدىن پەيدا بولغان تاب ئەھلى (زىيالىلار) سالاھىيەت ۋەتابلارىن ئۆز تىللىرى تۇرغاچ، ئۆزگە تىل بىلە زاھىر قىلماسا ئەردى ۋە ئىشكە بۇيۇرماسالەر ئەردى».

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلۈكىدىكى ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىدىن XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سەمەرقەند، كېيىنكى يېرىمىدا ھىرات، ئەنئەنىۋىي تۈركى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، پائالىيەت مەركىزى بولغانىدى. بۇ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا، «تۈركى ئەدەبىيات» بويىچە يېڭى ئەدەبىي مەكتەپ شەكىللەندى ۋە قارار تاپتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يارىتىلغان شېئىرىيەت كلاسسىك شېئىرىيەت دەپ ئاتالدى. سەمەرقەند — مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ياراتقۇچىسى سەككاكى ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى ھىراتتا تەسىرى چوڭقۇر ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان لۇتفىغا قانداق يۇقىرى باھا بەرگەن بولسا، سەككاكىغىمۇ شۇنداق يۈكسەك باھا بەردى. سەمەرقەندتە، سەككاكىغا ئوخشاش

ئۆز ئانا تىلى ۋە «تۈركى ئەدەبىيات» ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان يەنە بىر شائىر ئاتايى ئىدى. بۇ ئەدەبىيات مۇھىتىدا مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى، گەدائى قاتارلىق شائىرلار بار ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى بولغان ھىراتتا، تۈركى تىل - ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى ۋە ئۇلۇغ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن پىكرى - زىكرىنى ۋە سالاھىيەت - قۇدرىتىنى بىغەشلاپ راۋاجلاندۇرماقچى بولغان ئانا تىلى توغرىسىدا ئۆز ئىدىيىسىنى «ھەيرەتۇل - ئەبرار» داستانىدا ئۇچۇق ئىپادە قىلغان ۋە ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن كۈرەش شوئارى قىلغانىدى:

ساقيا ئانچە ھەق لۇتفى ۋاقىئدۇرۇر،
كى تا تۈرك ئەلفازى شايىئدۇرۇر.
بۇ تىل بىرلە نەزم ئىبرۇر خەلق ئىشى،
يەقىن قىلمامىش خەلق سەندەك كىشى.

(تۈرك تىلى قانچىكى كەڭ يېيىلسا، ھەقنىڭ لۇتفى - مەرھەمىتى شۇنچە يۇزلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ ئىشى مۇشۇ تىل بىلەن نەزم - شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىنسا، خەلق ساقيا ئوخشاش كىشىنى يېقىن دوست بىلىدۇ).

نەۋائى ئۆز ئانا تىلىنى ئەرەبچە - پارسچىگە مۇقابىل سۈرەتتە «تۈركى تىل» دەپ ئاتىغان بولسا، ئوغۇز -قىپچاق تىلىغا مۇقابىل ھالدا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىغان. «چاغاتاي تىلى» ئەسلىدە «چاغاتاي ئۇلۇسى تىلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان تىلدۇر. «ئىدىقۇت - خاقانىيە تىلى» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىنى ئۆتكۈزۈپ، XV ئەسىردە رەسمىي شەكىللەنگەن يېزىق ئەدەبىي تىلدۇر.

كۆپچىلىك تۈركولوگلار، مەسىلەن، ئوتتو - ۋلاۋ، كورش، رادلوف قاتارلىق ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن «تۈرك ئەدەبىي تىلى» نى «چاغاتاي تىلى» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن. بۇ خۇلاسىنى ئابېل رېمۇسات، جائۇبېرت، داۋىد، شۇنىڭدەك نەۋائىنى دەسلەپ تەتقىق قىلغۇچىلاردىن نىكىتسكىي قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن.

«ئەدەبىي تىل»نىڭ بىر شەرتى يېزىق بولۇشى، يەنە بىر شەرتى كۆپچىلىك خەلق ئۈچۈن ئۆلچەم (نورما) تىل بولۇشى، ئۈچىنچى بىر شەرتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسى بولغان دىئالېكتىنىڭ يېتەكچى بولۇشى كېرەك. يېزىق بولىدىكەن، ئاندىن يېزىق تىل - ئەدەبىياتى شەكىللىنىدۇ، ھەممە ئۇ تىلنىڭ مەلۇم قائىدىگە سېلىنغان يەنى قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىملاسى بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش قىسمىدىلا «قەدىمدىن

بىرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى يېزىلىپ كەلگەن» يېزىقنى كۆرسەتكەن. ئىككىنچىدىن، «قوچۇ - قەشقەر تىلى» دا، IX — XII ئەسىرلەردە ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ۋە دىنىي ساھەلەرگە ئائىت ئاجايىپ قىممەتلىك ئەسەرلەر يارىتىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلى ئىشلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم ئۆلچەمگە سېلىنغانلىقى. ئۈچىنچىدىن، «خاقانىيە تىلى» تۈركى تىللاردا، بولۇپمۇ «شەرق تۈركچىسى» دە يېتەكچى تىل بولۇپ قالغانلىقى. دېمەك، بۇ ئەدەبىي تىل XII ئەسىردىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈركى مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىۋەردى. XIV ئەسىر ئاخىرىدىن باشلاپ، «چاغاتاي ئۇلۇسى تىلى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. بۇ تىلدا يارىتىلغان ئەدەبىيات «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى.

### 3. نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

تىلشۇناسلار «ئىپتىنىڭ تەسىر ھەممىدىن ئاۋۋال، تىل ئىگىلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك - ئاناتومىيىلىك شەكىللىنىشىگە باغلىق بولىدۇ. ئەكسەرىيەتتە، بۇ تەسىر ئۆزىنى تەبىئىي ھالدا تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئىچكى قۇرۇلمىسىدا كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. ئىپتىكىلىق جەھەتتە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئانا تىلىمۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە فونېتىكىلىق - گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق جەھەتلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتكەن. نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن بىرىنى مىسال قىلىپ، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىلغا قىلايلى (ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرقى يېزىقىمىزدا ترانسكرىپسىيە قىلىندى):

نازەنىنلىق باغىدا قەددىڭ نىھال، ئەي سەرۋى ناز،
پەرۋەرىش تاپىپ نىياز ئەھلى تۆكەردە ئەھلى راز.
ئىشق سوزىدىن نىگە كۆيدۈك دەبان ئەيب ئەيلەمەڭ،
زۇلم ئېرۇر نېۋچۈن چاقىندىن قىلمادىڭ دەپ ئىھتىراز.
سەرۋى نازىم نېچەكىم ھەرلەھزە يۈز مىڭ ناز ئېتەر،
نېتكەمەن كۆرگۈزمەيىن ھەر نازىغە يۈزمىڭ نىياز.
بۇيلەكىم ھەق نۇرى زاھىردۇر يۈزۈڭدە بولماغاي،
فىلھەقىقەت سىررى ئىشقىغە خەيال ئەتمەك مەجاز.
شەمئ ئۆرتەر دېمەگىل پەۋانەنىكىم، بىلدىكىم،
شەمئغە پەرۋانە كۆڭلى ئوتىدا ئەرمەس گۇداز.
خەم بولۇپ يەر ئۆپمەكىم كويىدا ھەريانىدىن نې ئەيب،
كەئبەغە جايىزدۇرۇر ھەرسارىدىن قىلسا نەماز.

راستلارنىڭ چۈن خۇراسان ئىچرە يوقتۇر ھۈرمەتى،
ۋەقت ئېرۇر قىلساڭ نەۋائى ئەمدى ئاھەڭگى ھىجاز.
(ف ـ ك)

تىلشۇناسلار ئېيتقاندەك، نەۋائى ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىلىدا مەۋجۇد بولغان تاۋۇش تەركىبىنى. ۋە بۇ تاۋۇشلارنىڭ ھازىرقى «مىللى تىلدىكى پاراللېللىرىنى بەلگىلەش زۆرۈر».

**فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت**

ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، خالىسانە پىكىر قىلغۇچى تۈركولوگلار نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بار دەيدۇ. نەۋائىنىڭ يۇقىرىدىكى غەزىلىدىن تېرىپ چىقايلى:

باغىدا — a (ئا) تۆكەر — ε (ئە)
ئېرۇر — e (ئې) بىلدى — i (ئى)
ئۇتىدا — o (ئو) كۆيدۈك — (ئۆ)
يوقتۇر — u (ئۇ) يۈزۈك — y (ئۈ)

بۇ قەدىمكى تۈركى تىل يازما مەنبەلىرىدىكى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات داۋامى بولغان «ئىدىقۇت ـ خاقانىيە تىلى» ھەم بۇ تىلنىڭ رىۋاجى ھېسابلانغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى» دىكى ۋوكالىزم سىستېمىسىنىڭ نەۋائى دەۋرىدە ئىزچىل مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. نەۋائىنىڭ يۇقىرىدىكى غەزىلىدىن كەلتۈرۈلگەن 8 سۆزدىكى 8 سوزۇق تاۋۇش بۇ پىكىرنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

نەۋائى ئەدەبىي تىلدىكى ۋوكاللىق خۇسۇسىيەتلەردىن مۇھىم بىرى ε (ئە) تاۋۇشىنىڭ e ۋە i لاردىن مۇستەقىل ھالدا ئايرىم قوللىنىلىشىدۇر. ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنى مۇستەسنا قىلغاندا، تۈركى تىلدىكى ئومۇمەن تىل ئالدى تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت مەھمۇد قەشقەرى يەكۈنلەپ ئىشلەپ چىققان قائىدە بويىچە، نەۋائى تىلىدىمۇ ئىزچىل ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، يۈرەك، سۆڭەك، ئېتەك، ئەگرى، ئەتمەك، ئەيلەمە، يەتمەك، كۆرگەن، يەتكۈر، تىلەگەي، تۆشكەچ، ئىستەر...

نەۋائى ئۆز ئانا تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ 4 ئىكەنلىكىنى «مۇھاكىمە ـ تۇل لۇغەتەين» دە مىسال كەلتۈرۈپ ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇ زاماننىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە بىر خىل يېزىلىپ، ئورنىغا ۋە مەنىسىگە قاراپ پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەردىن: اوت (ئوت ـ يانغىن)، اوت — اوتماق (ئۇت ـئۇتماق)، اوت — اوتماك ـ اوتكالى (ئۆت — ئۆتمەك ـ ئۆتكەلى)، اوت — اوتمك (ئۈت — ئۈتمەك ـ

يۈتمەك)؛ تور (تور - ئۇۋقۇرالى)، تور (تۇر — تۇرماق — تۇرغۇزماق)، تور (تۆر - ئۆيىنىڭ تۆرى)، تور (تۇر — تۇرمەك - تۇرمەل).

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە، ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئىزچىل رىئايە قىلغان. ئەدەبىي تىلغا خاس سىنگارمونىزم قانۇنىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۆزلەردە تاڭلاي گارمونىيىسىگە تولۇق ئەمەل قىلغان. ھەتتا سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان گرامماتىكىلىق ئالامەتلەردىمۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېما ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىدىن، بارچە مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنى ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق قوللانغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. قوشۇمچىلارنى ئىشلىتىشتىمۇ سۆزلەرنىڭ تاڭلاي گارمونىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلغان. (نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بەزى كۆچۈرمە ۋە چاپ نۇسخىلىرىدا، كاتىبلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك لەھجىلىرىگە بېرىلىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەي، ئىملانى ھەر خىل يېزىپ تاشلىغان).

نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق سىستېمىسىغا ئىزچىل رىئايە قىلىپ، سۆزلەرنىڭ ئالدى ياكى ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن ۋە جاراڭلىق - جاراڭسىز ھەم قېلىن - ئىنچىكە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تەركىپ تاپقانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە (ئورۇن ئاھاڭداشلىقى ۋە لەۋ ئاھاڭداشلىقىغا) قاراپ، ئۇيغۇن قوشۇمچىلارنى ئۇلىغان. مەسىلەن:

جنون — جنونوم (جۇنۇنۇم)، بيخودلوغوم (بىخۇدلۇغۇم)، كونكلوم — كونكلونك (كۆڭلۈم — كۆڭلۈك)، قوللوق (قۇللۇق)، خدمتكارليق (خىزمەتكارلىق)، عاشقليغى (ئاشىقلىغى)، اوزونلوغى (ئۇزۇنلۇغى)، قايغولوغ (قايغۇلۇغ)، ياروغلوق (يورۇغلۇق)، توشتوم (تۈشتۈم)، يتتيم (يەتتىم)، منك ييلچيليق (مىڭ يىلچىلىق)، تيريلماكليك (تىرىلمەگلىك)، وجودوم (ۋۇجۇدۇم)، اوروپتور (ئۇرۇپتۇر)، توزوپتور (تۈزۈپتۈر)، اغزيم قوروب دميم توتولوب سيكراسام (ئاغزىم قۇرۇپ دەمىم تۇتۇلۇپ سەكرەسەم) ۋە باشقىلار يەنە نەۋائى غەزەللىرىدىن مىسال:

ئەي كۆڭۈلگە شەھدى لەئلىڭ ھەسرەتىدىن يۈز تۆشۈك،
ھەر تۆشۈكدۈر شەھدى زەنبۇرى ئۆيى ياڭلىغ چۆچۈك.
گەر تېرى بىرلە سۆڭەكمەن تۇئمە ھەم قىلماس ئىتىڭ،
كىم تېرى ئەسرۇ قاتىق بىلمىش سۆڭەك ئەسرۇ چۈرۈك.
نە لەبىڭدىن كام تاپتىم، نە كۆزۈڭدىن جەۋر ئوقى،
بۇ سىفەت مەھرۇملۇقتىن نە تىرىكمەن، نە ئۆلۈك.
ئۇيلە زەنجىرى جۇنۇن رەسۋاسىمەنكىم ھەر زەمان،
تەگرەمە فەرھادۇ مەجنۇندەك يىغىلمىش بىر سۈرۈك.

ئىشق ئوتىدىن قۇللۇغۇڭ داغىنى قويدۇم كۆكسۈمە،
ئۆزنى بىر نەۋۇ ئەيلەدىم ئىشق ئەھلى ئىچرە بىلگۈلۈك.
فەقر ۋادىسىدە ئۆزلۈك نىچە كەمرەك ياخشىراق،
يولنى ئاسان قەتئ ئېتەرسالىك يەڭلىرەك بولسە يۈك.
ئەلگە ئوت سالدىڭ ۋەلې كۆيدى نەۋائى غۇسسبەدىن،
ئوخشاماس ئوت بىرلە كۆيدۈرگەنگە بۇ ياڭلىغ كۆيۈك.
(غ — س)

ئاندىن، نەۋائى ئەسەرلىرىدە، سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق - جاراڭسىز ۋە تىل ئورنى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاشتا پەرقلەندۈرگەن. مەسىلەن:

كوكتين (كۆكتىن)، ايزدين (ئىزدىن)، باققان، سىنغان، تويدۇرغان، كۆيدۈرگەن، تاغديك (تاغدەك)، ايتتك (ئىتتەك)، يك جهت ليك (يەكجەھەتلىك)، تيلاكاى (تىلەگەي)، بارغاى (بارغاي)، قيلغوم (قىلغۇم)، ايچماكيم (ئىچمەكىم)، بولغالى (بولغالى)، كيركالى (كىرگەلى)، اوقوغوچى (ئوقۇغۇچى)، بيلكوچى (بىلگۈچى)، قيلغيل (قىلغىل)، كوركيل (كۆرگىل)، سالغۇچە (سالغۇچە)، توتقونچە (تۇتقۇنچە)، اولماكونچە (ئۆلمەگۈنچە)، توشكونچە (تۈشكۈنچە) ۋە باشقىلار.

يەنە ھەممىگە مەلۇم، ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بىر خۇسۇسىيەت باركى، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن a، ɛ (ئا، ئە) سوزۇقلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇملۇق ھالەتتە ئاجىزلىشىش ياكى ئالمىشىش ھادىسىسى X ئەسىردىن باشلاپ كۆرۈلگەن. بۇھال نەۋائى ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خاقانىيە تىلىدا «اقدى» (ئۆيدى - ئالدىرىدى)، «ايقك» (ئېيۋەك - ئالدىراڭغۇ)، «سوق كمينى اكردى» (سۈۋ كەمىنى ئەگىردى)؛ «كما - نى - كمينى» (كېمە - نى - كېمىنى)، «برون قندى» (بۇرۇن قانادى)، «قندى ~ قنيدى» (قانادى - قاندى) دەپمۇ يېزىلغان. نەۋائى ئەسەرلىرىدە «توشوك ~ تيشوك (تۆشۈك - تېشۈك) بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «تەش - تەشمەك»، «دە - ديدى» (دە - دېدى)، «ايكين - اگين» «(ئىگىن - ئەگىن) — ايكنيم» (ئەگىنىم - ئەڭنىم).

نەۋائى ئەسەرلىرىدىمۇ خۇددى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شىۋىسىدىكىگە ئوخشاش كىچىك تىل تاۋۇشلىرىدىن b (غ) ياكى q (ق) بىر سۆزدە تەڭلا - قاتار كەلمەيدۇ؛ تەبئىي يوسۇندا بىرىنچى بوغۇمىدا q (ق) ياكى جاراڭسىز باشقا تاۋۇش كەلسە، كېيىنكى بوغۇمىدا ئاساسەن (غ) كېلىدۇ. مەسىلەن، اقساغ، چيراغ، قورساغ، شيرداغ، چاغليق، اغيرليق.

نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا، ئۆزبېك

تىلشۇناسلىرىمۇ تىل پاكىتلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ توغرا يەكۈن چىقارغان. «نەۋائىي ئەسەرلىرى تىلىنىڭ تاۋۇش تەركىبى، سوزۇقلار تەركىبى جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شىۋەلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ تاۋۇش تەركىبى جەھەتىدىن ئەنجان ۋە قوقان تىپىدىكى فەرغانە شىۋىلىرىگە يېقىن. چۈنكى بۇ شىۋىلەردە، o ۋە u فونېمىلىرى قاتتىق ۋە يۇمشاقلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە» (ۋ.ۋ.رېشېتوف، ش. شائەبدۇراخمانوف) «نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە لەب گارمونىيىسى ساقلانغان، ü, ɵ, u, o سوزۇقلىرى پەرقلىنىدىغان شىۋىلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن» (ئا. رۇستەموف).

دېمەك، ھازىرقى بۇ تىلشۇناسلارمۇ بۇنىڭدىن تۆت يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ھەقلىق سۇرەتتە، نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىنى ھىراتتا پۈتۈنلەي ئەنجان تىلىدا يېزىپ داڭق چىقارغان دېگەن پىكرىنى تەكىتلىگەن. «فەرغانە شىۋىسى» (جۈملىدىن ئەنجان شىۋىسى) X ئەسىردىن ئېتىبارەن «خاقانىيە تىلى» نىڭ شىۋىسى بولۇپ كەلگەنىدى. بىرەر ئەدىبنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنىڭ بىرەر جايغا (مەسىلەن ئەنجانغا) بارغان - بارمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىگىلى بولماس.

### گراماتىكا جەھەتتە

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا «شەرق تۈركچىسى» يەنى «قەشقەر تۈركچىسى» گە خاس بولغان گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان بىرقانچە مەسىلىنىلا بايان قىلىمىز.

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «غەربىي تۈركچە» دىكىدەك den/dan (دان/دەن) بولماستىن «شەرقىي تۈركچە» دىكىدەك din (دىن ھەم جاراڭسىز شەكلى)، يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى qa/ba (غا/قا) ھەم تىل ئالدى جۈپلۈك شەكلى kɛ/gɛ (گە/كە)؛ بۇ قوشۇمچىلار شەخس - كۆرسەتكۈچ ئالماشلار (a/u, sɛn, mɛn) بىلەن قوشۇلغاندا، تاۋۇش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، η (ڭ) لىشىپ كەتكەن. «خاقانىيە تىلى» دىكى بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» تىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

باده ھەجرىدىن ئاقارمىش كۆزلەرىم، ئەي پىرى دەير،
ئەيلەگىل مەي شىشەسىدىن سىندۇرۇپ ئەينەك ماڭا.
(غ - س)

ھەرنىچە دېدىمكى كۈن - كۈندىن ئۇزەي سەندىن كۆڭۇل،
ۋەھكى كۈن - كۈندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.
(غ - س)

ئەي نەۋائىي يىغلاماق ئاھىمغە تەسكىن بەرمەدى،

ۋەھ بۇ نە ئۇتدۇركى، يوق تەئسرى تۇفاندىن ئاگا.
(غ - س)

ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەردە (سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالدى - ئارقىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىماي) بىردەكلا qɛ/bɛ (غە/قە) قوللىنىلغان. مۇنداق قىلىش خۇددى a نى يۇمشاق (ئالدى سوزۇقتا مايىل) تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاش، ۋەزن ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلغان.

ئىسىملار ۋە ھەركەتناملارنىڭ ئېنىق ۋە ئېنىقسىزلىق - بېقىندىلىق (ئىگىلىك) كاتىگورىيىسىدە، شۇنىڭدەك ئىسىملاردىن بىرەر ئىش - ھەرىكەت خاسلىقىــــــنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياساشتا، نەۋائى ئەدەبىي تىلىدا خۇددى «قەشقەر تۈركچىسى» دىكىگە ئوخشاش، lig/lib (لىغ/لىگ ھەم جاراڭسىز ۋە لەۋلەشكەن تۈرلىرى) قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەن.

نە ئەيب ئەتسە نەۋائى كەبى دىۋانەلىغ ئەتسە،
ھەر ئادەمكىم بولسا ئانىڭ يارى پەرىزاد.
(غ - س)

نەۋائى، ئەنجۇمەنى شەۋق جان ئارا تۈزسەڭ،
ئانىڭ باشاغلىق ئوقىن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل.
(غ - س)

بۇخارى ئاھىم ئېرۇر لايىق، ئاگلاغىل، ئەي ئەشك،
بەھارى ھۆسنىغە ناگاھ كېرەكلىك ئولسا بۇلۇت.
(غ - س)

شەيخ بىرلە خانىقاھدىن چۇن ياروغلۇق تاپمادىم،
دەير پىرى خىزمەتىغە كويى خەممار ئىستەدىم.
(ن - ش)

ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر بۇ ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.
(غ - س)

غەمدە تۈرلۈكۈ تۈرلۈك بەلاغە ئۇچرايمەن،
كى ھەر بىرىسى مېنى كۆيدۈرۈر نىچە تۈرلۈك.
(ب - ۋ)

بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل ئىپادىلىنىــــــپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوشاقلاردىن مىسال:

دىلىمنىڭ ئاقلىغى ياخشى، تەلپىكىمنىڭ تۆپىلىكىنى،
بېشىمنىڭ ساقلىغى ياخشى. چىپەرقۇتتا تاشلايمەن.
سېنىڭدەك بۇۋاپا ياردىن، يارىم كەلسە كەچلىككە،
ئۆزۈمنىڭ تاقلىغى ياخشى. گۈل تۇۋىگە باشلايمەن.

مەھمۇد قەشقەرى «خاقانىيە تىلى» بويىچە قائىدىلەشتۈرۈپ بەرگەن بىر خۇسۇسىيەت بار. يەنى، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ ئىشلەشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداشنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا hylyk/buluq (غۇلۇق/گۈلۈك) قوشۇلىدىغان خۇسۇسىيەت نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىزچىل كۆپ ئىپادىلەنگەن. بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شىۋىسىدە كۆپ ئىپادىلىنىدۇ. نەۋائىي:

سەبر ۇ قەرار ۇ ھۇشنى ئالماغلىغىڭ نەدۇر،
ئەي جانلار ئافەتى ساڭا جانىمدۇر ئالغۇلۇق.
مۇغ كويى ئەزمىدىن مىنى مەنئ ئەتمە، ئەي رەفىق،
بۇ يول ئىبرۇر چۇ ئەھلى مەلامەتقە بارغۇلۇق.
(ب - ۋ)

دىدى: ئۇليان جەنبەت سۇرگۈلۈكدۇر،
بۇ ئىش گەر ۋاقىئ ئۇلسا كۆرگۈلۈكدۇر.
(ف - ش)

ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن:

چامغۇرلۇقۇ چامغۇرلۇق، يارنىڭ مەيلى بولمىسا،
چامغۇرلۇقچە ماڭغۇلۇق. بىر قاراپلا يانغۇلۇق.

پېئىللاردىن بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىماق — ئۇستىگە ئالماق بولغان شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياساشتا، سۈپەتداش قوشۇمچىسى نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلىدا، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك، gyt i/but i (غۇچى/گۈچى) ھەم بۇنىڭ جاراڭسىز تۈرلىرى قوللىنىلغان. ھالبۇكى «غەربىي تۈركچە» دە بولسا، uwt i (ئۇۋچى) دۇر.

ئوقۇ — ئوقۇغۇچى ئوقۇۋچى
بىل — بىلگۈچى بىلۇۋچى
سات — ساتقۇچى ساتۇۋچى

سۆزلەش — سۆزلەشكۈچى سۆزلەشۈۋچى

شۇنىڭدەك، پېئىلنىڭ شەخسىز - ئېنىقسىز كاتېگورىيىسىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك نەۋائىي ئەدەبىي تىلىدا. (ش) ياكى q (ق) قوللىنىلغان، ئەمما «غەربىي تۈركچە» دە بولسا w (ۋ) كېلىدۇ.

ئۇقۇ — ئۇقۇش ئۇقۇۋ

قاتنا — قاتناش قاتناۋ

ياز — يېزىق يازۇۋ

سۆپەتداشنىڭ ئىمكانىيەت رايىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، ئاۋۋال gy/bu (غۇ/گۇ ھەم جاراڭسىز تۈرلىرى) قوشۇلغاندىن كېيىن، ئېھتىماللىق - ئوخشىتىش قوشۇمچىسى dɛk (دەك) ئۇلىنىش بىلەن ياسالغان.

يار بولمىش ئورتاغە ھىجران تەرىقىن سالغۇدەك،
ئەقلۇ ھۇشۇ جانۇ كۆڭلۈم خەيلى ھەم قوزغالغۇدەك.
ساقىيا مەي تۇت مۇغەننى نەۋھە ئاھەڭگىنى چال،
كىم سىپاھى ئۇمرۇم ئولمىش كۇسى رىھلەت(غچالغۇدەك.

نەۋائىي تىلىدا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان شەكلى ئومۇمەن yr/ur (ۇر/ۈر) بىلەن ئىپادىلەنگەن:

«تىلەمسىڭىز ھەم يەتكۈرۈر، يىمەسەڭىز ھەم يېدۈرۈر»

(م - ق)

نەۋائىي ئەدەبىي تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرىمۇ تامامەن «شەرق تۈركچىسى» دىكىگە ئوخشاش. پەقەت مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسىنى مىسالغا ئالساق كۇپايە قىلىدۇ. بۇيرۇق پېئىلى ئاخىرىغا tur/dur (دۇر/تۇر) دىن باشقا، gyz/buz (غۇز/گۇز) قوشۇلۇش بىلەنمۇ ياسىلىدۇ.

«...ئىشق سىپاھى چاپقۇنىدىن نىشانە كۆرگۈزۈر ئەردى». (م - ق)

چىقماسام تەئنۇ جەفا تاشىن باشىمغە ياغدۇرۇڭ،
ئىشق مۇلكى تۈرت بازارىدا سۆدرەپ كەزدۇرۇڭ.

(ف - ك)

گايىدا، b (غ) ياكى q (ق) بىلەن ئاخىرلاشقان بۇيرۇق پېئىلىغا buz (غۇز) ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە، b (غ) قىسقارتىلىپ، iz (ىز) ئۇلانغان.

كۆزلەرىم شورابەسىن، ۋەھكىم ئاقىزدىك يۈزسارى...

www.uyghurkitap.com



نەۋائى تىلىدا خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك، ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ھەرقانداق شەخس قوشۇمچىلىرى، سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە قوللىنىلغان:

dyk/duq; di, (dyn)dun/din, (dym)dum/dim;

پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايىنى كەلگۈسى زامان ئېھتىماللىق شەكلى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، gysi/busi قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان كەسكىن - بۇيرۇق شەكلىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك sun قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

سۈپەتنىڭ قىياسلىق - ئاشۇرما دەرىجىسى سۆز تەۋكىۋىدىكى تاۋۇشلارنىــــڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، rɛk/raq (راق/رەك) قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن:

«تۇرفەراق (قىزىقراقى) بۇكىم، ھەر بىرىنىڭ سۆزىدە مەنا ئازراق، ئۆزىدە دەئۋا كۆپرەك» (م - ق)

نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا، پوئېتىك ئېھتىياج سەۋەبىدىن، «غەربىي تۈركچە» دىن قوبۇل قىلىنغان بەزى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كەلگۈسى زامان بولۇشسىز پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن m — ، n — ئۆتكەن زامان ھەم كەلگۈسى پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئۈچۈن am —/bɛm — لەرمۇ قوللىنىلغان.

كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن نىش ئۇرسا ھىجران، ئەيلەمان نالە،
ۋىسالىڭ نوشىدىن ئول زەخملەر بىر كۈن ئوڭالغاي دەپ.
(غ - س)

ماڭاكىم غەمزەسىدىن ئۆلمىشەم، ھەياتى ئەبەد
خەيالىغە لەبى جان پەرۋەرى ئېرۇر ،بائىس.
(غ - س)

بىر ئاي فىراقىدا بىخۇدلۇغ ئىستەرەم، تولاتۇت،
ئەگەر قىلىپ ئىسەڭ ئەفلاك جىرمىدىن ئەقداھ.
(غ - س)

## لېكسىكا جەھەتتە

لېكسىكا — تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇنىڭ لۇغەت فوندى خېلى تۇراقلىق بولىدۇ. لۇغەت تەركىبى بولسا، تەرەققىي قىلىپ بېيىپ بارىدۇ. 12 - ئەسىردىن تارتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا، ئىسلام ئەرەب - ئىران مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن؛ ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر كۆپرەك كىرىشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئالدى بىلەن دىنىي ئىلىمگە ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەردە كۆپرەك ئەكس ئەتتى. شۇداقىتىمۇ،

نەۋائى كەبى ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىدىكى قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان لۇغەت بايلىقىدىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلاندى. «غەربىي تۈركچە» دە ئارخائىزم ھېسابلانغان ياكى ئىستېمال قىلىنمايدىغان سۆزلەر نەۋائى ئەدەبىي تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئاھالە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان شىۋىلىرىدە ھېلىمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. نەۋائى ئەسەرلىرىدىن ۋە نەۋائى ئەسەرلىرى ئاساسىدا XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تالىڭ ئىيمانى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدايىئەل - لۇغات» دىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

### تۇرغۇن سۆزلەر (ئىسىملار، سۈپەت، رەۋىشلەر)

ابوشقه — ئوبۇشقا، اداش — ئاداش، اريق — ئېرىق، اماج — ئاماچ، ايبانك — ئايپاڭ، اريغ — ئېرىغ، امراغ — ئامراق، اشليق — ئاشلىق، اينك (اينكليك) — ئەڭ (ئەڭلىك)، ايگرى — ئەگرى، ايرتەكون — ئەتىگەن، ايليك — ئىلىك (قول)، ايكاچه — ئىگىچە، ايمدى — ئەمدى، ايلدام — ئىلدام، ايكاولان — ئىككۆيلەن، ايتيك — ئىتتىك، ايكن — ئىگىن (ايكنيم - ئەگنىم)، اوتاغه — ئوتىغات، اوزاغون كۈن — ئوزاقى كۈن، اوسال — ئوسال، اوی — ئۆي، اوچور — ئۇچۇر، اوشاق — ئۇششاق، اوقار — ئۇقار، اوكسوك — ئۆكسۈك (اوكسوماك — ئۆكسۈمەك)، اونك — ئۆڭ، اوت — ئۆت، باغر - باغىر — بېغىر، بات — پات (باتراق — پاتراق)، بوساغه — بوسۇغا، بوغوز — بوغۇز، بيلتىك — مىلتەك ~ مۇلتەك، بيچك — پىچەك، بيرك — بەك، پاقلان — پاقلان، پوشكال — پوشكال، بورنا — بۇرنا (-كۈن)، تانكلا — تاڭلا (-ئەتە)، تاوشقان — توشقان، تيغ — تىغ، توسن — توسۇن، تونكرا — توڭۇر، توز — توز (توزغاق)، توش — تۇش (تۇشمۇتۇش)، توشلۇق — تۇشلۇق، توتروق — تۇترۇق، توز — تۈز (توزراك - تۈزرەك)، چاپقون — چاپقۇن، چين — چىن، چينك — چىڭ، چونك — چوڭ، چنوك — چۈنۈك ~ چۈلۈك، خندق — خەندەك، دالباى — دالۋاي، دالدا — دالدا، داپقور — داپقۇر، قابان — قاۋان، قات — قات، قاقشال — قاقشال، قينكراق — قىڭراق، قوتان — قوتان، قولان — قۇلان، قولداش — قولداش، قورساغ — قوساق، قور — قۇر، قيا — قىيا، قياش — قاياش، كەركه — كەكە، كينت — كەنت، كونكلك — كۆڭلەك، سپاغ — ساپاق، سوكسوك — سۆكسۆك، شوك — شۈك، مينك — مەڭ، مونكوز — مۆڭگۈز ~ مۆڭگۈز، يارماق ~ يارماغ — ياماق (پۇل)، يارغاغ — ياغاق، يارغوچاق — ياغۇنچاق، ياوز — ياۋۇز، يايپانك — يايپاڭ، يل — يەل، يوقسول — يوقسۇل، يورون — يۇرۇن، يونك — يۇڭ.

### پېئىللار

ازيقماق — ئېزىقماق، الداراماق — ئالدىرىماق، ارغاديماق — ئاغدىرىماق، ايكيشماك — ئېكىشمەك، اونكالماق — ئوڭلانماق، اوپراماق — ئۇپرىماق، اورلاماك — ئۆرلىمەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايوروشماك — ئۆرۈشمەك، اوركوداماك — ئۇگۇدىمەك، باقتورماق — باقتۇرماق (پال)، بورداماق — بودىماق، بوتراماك — پىترىمەك، بوتماك — پۈتمەك، بوكونماك — پۈكۈلمەك، مانكماق — ماڭماق، توتماق — تۇتماق (تەقدىم)، ياداماق — يادىماق، يارماشماق — يارماشماق، ياراشماق — ياراشماق، يومرولماق — يۇمۇرۇلماق، پوكوندورماك — پۈكۈندۈرمەك، دىپساماك — دەپسىمەك ~ دەسسىمەك.

لېكسىكا جەھەتتە يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى، ئىدىقۇت - ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كېيىن ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق «چاغاتاي تىلى» - دا قوللىنىلغان سۆزلەر نەۋائى ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

منكيز — مەڭز (mianzi 面子)

اينجو — پىنجو — ئۈنچە (zhenzhu 珍珠)

جنك — جەڭ (zhan 战)

رنك — رەڭ (ran 染)

پى — پەي (pai 排)

شور — شور (xiao 肖)

تونك — تۇڭ (tong 桶)

تونك — توڭ (توڭ+لا dong 冻)

ينكليغ — ياڭلىغ (كەبى، ئوخشا yang 样)

تينك — تىڭ (تىڭلا — تىڭشا ting 听)

دەرۋەقە، لېكسىكىلىق تەركىبلەر بىر يەر تىلىنىڭ خاسلىقىنى تەھقىقلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدۇ، لېكىن تىللارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

## نەۋائىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى بەزى سىنتاكتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر

شەكلەن قارىماققا، نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى جۈملە تۈزۈلۈشى گويا جانلىق تىلدىن ئايرىلغان «سۈنئىي يېزىق تىلى» دەك سېزىلىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى نەۋائى ئۆز خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىكى جۈملە شەكىللىرىنى مەلۇم سىنتاكتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ يۇكسەلدۈرگەن. جانلىق تىلدا، بەزەن ھەرىكەتنىڭ خەۋىرى ئالدىن ئېيتىلىپ، مەقسەد كېيىن ئېيتىلىدىغان ياكى ئارىلىقتا قىستۇرما — كىرىشمە ئىبارىلەر كېلىدىغان جۈملە شەكىللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «سوراپ بارغان ئىدۇق، رازىلىق بېرەرمىكىن دەپ»، «كېيىنچە بىر گەپ بولا، نېمە ئانچە ئالدىرىغۇلۇق»، «ئېنىق كۆردۈم دەرىزىدىن، قارىسام ئىككىيلەنكەن»، «بەزى ئادەملەر

بار، شۇنداق جاھىلكى، دېگىنىنى قىلمەن دەيدۇ».

نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى جۈملىلەر بەزى پارچە جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئەسىرىنى كۆپ قوبۇل قىلغان ئەدەبىلەرنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشلىرىدىن مۇتلەق پەرقلىنىدۇ. نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدە، مۇرەككەپ ھەتتا ئاددىي گەپلەردە، قىستۇرما ـ كىرىشمە جۈملە ـ ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. مۇنداق قىستۇرما ـ كىرىشمە تەركىبلەر كۆپىنچە ئىزاھلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەت نەۋائى ئەسەرلىرىدە، يەككە ـ يەككە سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى، ئاددىي گەپ، قوشما گەپ ۋە كۆچۈرمە گەپ شەكىللىرىدە كەلگەن. بۇنداق شەكىللەردە «ئۈمىد ئۇلكىم»، «دۇرلار كىم»، «كى ـ كىم»، خەۋەر ئۈچۈن «ئەردى ـ ئىدى»، «بولغاي» (بۇنداق «غاي/گەي» بىلەن ئاياغلاشقان ياردەمچى پېئىللارغا سىپايىلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى «لەر» قوشۇلغان)، «دۇر/تۇر» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ياكى ياردەمچىلەر ئىشلىتىلگەن.

«ئۈمىد ئۇلكىم، چۈن ئوقۇغۇچىلار دىققەت ۋە ئېتىبار كۆزى بىلە نەزەر سالغايلار ۋە ھەرقايىسى ئۆز فەھم ۋە ئىدراكلارىغە كۆرە بەھر ئالغايلار»

(م ـ ق)

«يەنە ئەدنا تەبەقەسى جەمائەتىدۇرلاركىم، نەزم فەقەت بىلە كۆڭۈللەرى خۇشنۇد ۋە خۇرسەند ۋە رازى ۋە بەھرەمەندۇرلار ۋە يۈز مۇشەققەت بىلە بىر بەيتكىم باغلاشتۇرغايلار، دەئۋا ئاۋازەسىن يەتتى فەلەكدىن ئاشۇرغايلار»

(م ـ ق)

نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدە، بىۋاستە خەۋەرگە باغلىنىپ، خەۋەرنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىگە كۆپىنچە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى p — (پ)، pi ـ (ىپ) نى ئۇلاپ، «دۇرلار» ياكى «ئەردى ـ ئىدى» قاتارلىق ياردەمچىلەر ئىشلىتىلگەن گەپلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

«ئا ـ لار مەكرى تەئرىفىدە كۆپ ئۇلۇملۇق دەنا ۋە كۆپ دىققەتلىغ ھۆكۈما كىتابلار تەسنىق ئېتىپدۇرلار ۋە مۇجەللەد بىتىپدۇرلار».

(م ـ ق)

«ئۇتتۇزيىل ئەردىكىم، جەمىئ زاھىر تەئەللۇماتىدىن بىبەھرە ئەردى... بىرمەسجىد مەنزىلى ئەردىكىم، غەيرى نەجدىد ۋەزۇئ ئۈچۈن مەزكۇر مۇددەتدە ئاندىن چىقمايدۇر ئەردى. بۇ ئوتتۇز يىلنى يانى ئاستىدا بىر بورىيا ۋە باشى ئاستىدا بىر خىشت بىلە ئۆتكەرىپ ئەردى»

(م ـ ق)

بۇنداق جۈملە شەكىللىرىدە، بەزەن خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلنى بولۇشسىز ـ ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدىغان mɛs/mas (ماس/مەس) قوشۇمچىسى بىلەن ئاياقلاشتۇرغان.

«قەنائەت چەشمەئىدۇركىم، سۇيى ئالماق بىلە قۇرۇماس ۋە مەخزەنىدۇركىم، نەقدىنى

uyghurkitap.com



سىپاماق بىلە ئۆكسۇمەس».

نەۋائى جۇملە تۈزۈشتە، سىپايى - سۇلكەت ۋە تەۋسىيە - تىلەك شەكىللىرىنى كۆپرەك قوللانغان. خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان پېئىللارنى، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغانىدەك، gεj/baj (غاي/گەي) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىشلەتكەندىن باشقا، كۆپىنچە، شەرت، بۇيرۇق - ئىستەك رايلىرىنى بىلدۈرىدىغان sε/sa (سا/سە) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن.

«مۇدەررىسنىڭ، كىرەككى، غەرەزى مەنسەب بولماسا ۋە بىلمەس ئىلمىنى ئايتۇرغە مۇرتەكىب بولماسا».

(م - ق)

«يەنە ئۇلكىم، مەجلىس تۈزۈپ، چاغىر ئىچەرگە كۆپ ھىرىس كۆرسەتىلمەسە»

(م - ق)

مۇنداق جۇملە شەكىللىرى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئەدەب - تەكەللۇپ ۋە سۇلكەت يۈزىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. «بولسىلا، كەلسىلە، قىلمىسىلىرا، كەتمىسىلىــــرى...» دېگەنىدەك. ئۇيغىرۇ تىلىدا، خۇددى نەۋائى جۇملىلىرىدە ئىشلىتىلگەنىدەك، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلغا قوشۇلغان lεr/lar (لار/لەر) بۇنداق ھاللاردا كۆپلۈكنى بىلدۈرمەي، ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىنىڭ جۇملە شەكىللىرىنى تۈزۈشتە جانلىق تىلغا ئوخشاش ياكى يېقىن بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. ئەمما، بەزى پەلسەپىي - غايىۋى پىكىرلىرىنى ئاڭلىتىشتا، ھەشەمەتلىك - دەبدەبىلىك شەكىللەرنىمۇ قوللانغان. بۇ ھاللاردا، جۇملە تۈزۈلۈشى جەھەتتە، ئەرەبچە - پارسچە ئىبارىلەرگە ياندىشىش بىلەن بىللە، سۆزلەردىمۇ ئەرەبچە - پارسچىنى كۆپرەك ئىشلەتكەن. بۇنىڭدا، شۇ زاماندا ئەدەبىيات ئەھلى ۋە سەلتەنەت جامائەسىگە مودا بولغان تىل ئادىتىنىڭ تەقەززاسىغا باققان.

ئۆز ئانا تىلىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلە سۆيگەن ئەلىشىر نەۋائى بىر ئۆمۈرلۈك ئەمەلىيىتىدىن چىقارغان خۇلاسىسىگە ئاساسەن، ۋاپاتىدىن بىر يىل ئىلگىرى يازغان «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەيىن» ئەسىرىدە، ئىپتىخارلىق بىلەن «ئارىغ تۈركى تىلگە نەزم ئايتىپتىمەن» دېگەن ئىدى. نەۋائى بەدىئىي ۋاستىلەر ۋە تىل جەھەتتە تارىخىي ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ ھەم يېڭى ئامىللارنى يارىتىپ، قېرىنداش قەۋملەردىن ۋە پارسچىدىن پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئانا تىلىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

شۇ زامانىنىڭ ئاتالغۇسى بىلەن «تۈركى شائىر» دەپ ئاتالغان مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ئۇيغۇر ئەسللىك» ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تىل پاكىتلىرىمۇ دەلىللەيدۇ.

دەرۋەقە، نەۋائى يىرىم ئەسىردىن بۇيان «ئۆزبېك شائىرى» دەپ تونۇشتۇرۇپ كېلىندى. چۈنكى، ئۆزبېك خەلقى قىپچاق ئەسللىك قەدىمكى تۈركى قەۋملەردىن بىرى.

ئۆزبېك كۆچمەنچىلىرى سەيھۇن بويىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى نەۋائىي ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر ۋە فەرغانە دىيارىغا كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقاندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ مەئىشەت ۋە مەدەنىيەت، جۈملىدىن تىل جەھەتلىرىدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ جايلاردا قەدىمدىن ياشاپ ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. بولۇپمۇ فەرغانە دىيارىدىكى «شەرق تۈركچىسى» ئۆزبېكلەرنىڭ تىلىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. شۇ سەۋەبتىن، نەۋائىينى شەرتلىك ھالدا «ئۆزبېك شائىرى» دېيىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ ماقالىمىز پەقەت دەسلەپكى كىرىش، خالاس. نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تىلىنى تارىخىي سېلىشتۇرماشۇناسلىق يولى بىلەن ئۆگىنىشتە، بارلىق ئەسەرلىرىنى ئىزچىل ۋە پەيدىن پەي تەتقىق قىلىش خىزمىتى تىلشۇناس ـ ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇسى.

1998 ـ يىلى، ئاپرىل. ئۈرۈمچى.

### پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ز.م. بابۇر «بابۇرنامە»، «يۇلتۇزچە» نەشرى، تاشكەنت، 1989.
2. ھۇسەين بايقارانىڭ ناۋائىي توغرىسىدىكى باھاسى ئەخمەت جەفەر ئوغلۇنىڭ «تۈرك تىلى تارىخى» دىكى نەقلى بويىچە ئېلىندى.
3. ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ «تۈرك تىلى تارىخى» ئېنىدېرۇن كىتابئەۋى نەشرى، ئىستانبول 1984.
4. ئەلىشىر نەۋائىي «مىزانۇل ـ ئەۋزان» (ئىلمىي تەنقىدىي تېكىست)، تاشكەنت، 1949.
5. ئەلائۇددىن ئەتامەلىك بىننى مۇھەممەد جۇۋەينى «تارىخى جەھانكۇشاي»، ھوللاند، لەيدىن، 1911.
6. سۇن جۇڭدۇەن «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» (لىۇ يىتاڭنىڭ «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات» كىتابىدىكى نەقىل بويىچە، تەيبى، جۇڭجېك نەشرى).
7. «ئۆكتۇلمىش ئوغلى جانى بەكنىڭ بېشغا كېلىپ ئوزغانلار» ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ (بېرلىن كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان) فرانسوزچە تەرجىمىسىدىن «ئاي» نىڭ قازان تىلىغا تەرجىمىسى («شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1910 ـ يىل 11 ـ سانىدا).
8. ھېرمان ۋامبېرى «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» تاشكەنت، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.
9. م.فۇئادكۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» ئۆتۈكېن نەشرى، ئىستانبول، 1981.
10. ئا.زەكى ۋەلىدى توغان «بۈگۈنكى تۈركىلى ۋەياقىن تارىخى» جىلد I ، ئەكسى

سەدا مەتبەئەسى، ئىستانبول، 1981.

11. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980.

12. ئا.ك.بوروۋكوف «XII — XIII ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تەفسىرى لېكسىكىسى» موسكۋا، 1963.

13. س.ي.مالوف «رابغۇزى، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى مۇسۇلمانچە قىسسە»، موسكۋا. 3KB. B

14. J. Eckmann, Eastern Turkhc Translations af the Koran, Studia Turchca, Budapest, 1971

بۇ ماقالىنى ئەكرەم ئۇرال ئانا تولى تۈركچىسىگە «قۇرئاننىن دوغۇ تۈركچەسىنە تەرجۇمەلىرى» دەپ تەرجىمە قىلغان. تۈركىيات مەجمۇئەسى، XVIII جىلد.

15. ۋ.ۋ.باتولد «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخى»، لېنىنگراد، 1927.

16. زەكى ۋەلىدى توغان «ئورتا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە دەرسلەر»، ئىستانبول.

17. в. в. Ъартол, новая уигурском шрифтом в Ъританском муже, дан-ъ, 1924

18. Н. Н. Поппе, Монголскии словар мукадднмат ал- АдЕЪ, Ленинградю, 1938

19. П. Мелиорансии, Араъ филолог о Тюркском языке, Петръург 1900

20. ئوسمان ف.سىرتقايا، خارەزمىينىڭ مۇھەببەتنامەسىنىڭ ئىككى يېڭى يازما نۇسخەسى توغرىسىدا، تۈركىيات مەجمۇئەسى، XVII

21. Никитскпи Емир низамддин Алишир в годарственном и литературном Его зна цени СПб1856

22. «قىسسەسى رابغۇزى» I، «يازغۇچى» نەشرى، تاشكەنت، 1990.

23. ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» نەشرگە تەييارلىغۇچى ئا.ن.كونونوف، پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، موسكۋا، 1948.

24. ئۇلۇغ تۇرسۇنوۋ، بازارباي ئورىنبايېۋ «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى تارىخى»، «ئوقىتقۇچى» نەشرى، تاشكەنت، 1982.

25. قازاقباي مەھمۇدوف «X III — XIV ئەسىر يازما ئابىدەلەر تىلىنىڭ فونېتىك سىستېمىسى»، «فەن» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1990.

26. م.مەللايېۋ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، دۆلەت ئوقۇۋ - پېد نەشرىياتى، تاشكەنت، 1953.

27. ئەلىشىر نەۋائى «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1982.

28. «ئەتتۇھفەتۇز - زەكىيە فىل لۇغاتىت - تۈركىيە» نەشرگە تەييارلىغۇچى. س. م.مۇتەللىپوف «بىرىنچىچە سۆز»، «فەن» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1968.

29. ۋ.ۋ.رېشېتوف، ش.شائەبدۇرەخمانوف «ئۆزبېك دىئالېكتولوگىيىسى»، تاشكەنت، 1962.

30. ئا.رۇستەموف «ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ فونېتىك - مورفولوگىك خۇسۇسىيەتلىرى» (دوكتورلۇق ياقلاش ماقالىسى، رۇسچە، 1966).
31. تالىب ئىمانى «بەدايىئەل - لۇغەت» نەشرگە تەييارلىغۇچى ئا.ك.بوروۋكوف، شەرق ئەدەبىياتى نەشرى، موسكۋا، 1961.
32. سەمىخان ئەشرباييېۋ «نەۋائىنىڭ نەسرى ئەسەرلىرىدىكى ئىزاھ ۋە كىرىتمە گەپلەرنىڭ سىنتاكتىك خۇسۇسىيەتلىرى»، «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» نىڭ 1990 - يىل 6 - سانىدا.

قىسقارتىلغان بەلگىلەر:
غ - س — غەرايىبۇس - سىغەر؛ ن - ش — نەۋادىرۇش - شەباب؛ ب — ۋ — بەدايىئۇل - ۋەسەت؛ ف - ك — فەۋائىدۇل - كىبەر؛ م - ق — مەھبۇبۇل - قۇلۇب. ف - ش — فەرھادۋە شىرىن.

---

(بېشى 147 - بەتتە)

چۈشىنىڭ كەينىدىن ماڭغانمىش. ئاغىنىسىنىڭ بۇرنىدىن چىققان چۈشىنىمۇ ئاستا ئۇچۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىكى گۈمبەزگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قاتۇرۇلغان قەبرىنىڭ دەز كەتكەن يېرىگە كىرىپ كېتىپ، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، يەنە ئۇخلاۋاتقان ئاغىنىسى تەرەپكە قاراپ قايتقانمىش. بۇ ئاغىنىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي يېتىپ كېلىپ قارىسا، ئاغىنىسىنىڭ بۇرنىغا كىرىپ كەتكەنمىش. بۇ ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرگەن ئاغىنە، ئۇخلاۋاتقان ئاغىنىسىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭدىن قانداق چۈش كۆرگەنلىكىنى سورىغانمىش. ئۇخلاپ قوپقان ئاغىنىسى راسا بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: (چۈشۈمدە بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتىمەن، مېڭىپتىمەن. بىر جايغا بېرىپ قارىسام بىر گۈمبەز تۇرغۇدەك، گۈمبەز ئىچىگە كىرسەم بىر قەبرە قاتۇرۇلغانىكەن. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسام، ئۇ قەبرىنىڭ ئىچى ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىراتلارغا لىق تولغانىكەن) دەپ بېرىپتىمىش. ئۇخلىمىغان ھېلىقى ئاغىنە گەرچە قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بولسىمۇ، قالغان ئەھۋاللار ئۇخلاپ قوپقان ئاغىنىسىنىڭ بۇرنىدىن ئۇچۇپ چىققان چۈشىنىگە ئەگىشىپ مېڭىپ كۆرگەن ئەھۋاللار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇخلىمىغان ئاغىنە، ئۇخلاپ قوپقان ئاغىنىسىگە كۆرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر دەپ بەرگەنمىش ھەمدە ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ھېلىقى گۈمبەزگە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەبرىنى ئاچقانمىش. قارىسا ئۇخلاپ قوپقان ئاغىنىسى چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ چىققانمىش. ئۇلار ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى ئوخشاش بۆلۈشۈپ ئالغانمىش.»

بۇ رىۋايەتلەرنى دۇگامەت زوردۇن ئاكا، ئابلەت توختى، غېنى مەينەم، ئابلەت ئەخمەتلەر ئېيتىپ بەرگەن.

# بەش تالىپ

(داستان)

چوڭ چىنە سۇنۇپ كەتتى،
سىنچاي چىنىگە دەز يەتتى.
تۆت بۇلاكچى قولدا،
بەش تالىپ ئۆلۈپ كەتتى.

قارا تۇتتى ئۇزۇن چۆل،
قارا تۇتتى مازار تاغ.
بەش تالىپنىڭ قازاسى،
يۈرەكلەرگە سالدى داغ.

بەش تالىپنى ياد ئەتسەم،
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش.
قاتىللارنىڭ بېشىغا،
خەلقى ئالەم ئاتتى تاش!...

* *

كېلىڭ دوستلار، كېلىڭلار،
بىلمىگەنلەر بىلىڭلار.
سۆزلەپ بېرەي بىر باشتىن،
ئۇبدان قۇلاق سېلىڭلار:

ئاقسۇ شە[ھەر]لىك بەش تالىپ،
بەشىلىسى ياش تالىپ.
ئوقۇپ قەشقەر ئەزىمدە،
ئوقۇشنى تامام قىلىپ.

تەييارلاندى جابدۇنۇپ،
قايتىشقىمۇ ۋاخ كەلدى.
بەش تالىپقا ئاقسۇدىن،
بەش توقۇلغان ئات كەلدى.

جايلاپ يوللۇق بىساتىنى،
خورجۇن، ساندۇق، كىتابىنى.
سەپەر قىلدى بەش تالىپ،
مىنىپ قاتار بەش ئاتىنى.

* *

ئاقسۇ يولى يامان يول،
كارۋان قالماس ئامان يول.
بىزنى كۈتەر ئانىلار،
بولغىن ئىتتىك تامام يول...

* *

مۇڭدىشىدۇ بەش تالىپ،
گۇدۇڭلىشىپ باش قا[ي]رىپ.
بىرسى كەتمەس ئالدىدا،
ئات ئوينىتىپ بەش قا[ي]رىپ.

ماڭغانسېرى تاراقلاپ،
يول كەتكەندەك يىراقلاپ،
ھاردى، ئاچتى بەش تالىپ،
قورساقلىرى شاراقلاپ.

قويىۋەتتى بەش تالىپ،
ئاتلىرىنى يانتاققا.
ئۆتۈش قىلدى غىزاغا،
ئولتۇرۇپ قوم ئوتاققا.

قويۇلغاندا قاپاقتىن،
شىرنە، قىتىق ھىجرىغا.
تاغ كەينىدىن تۆت كىشى،
چىقتى ماراپ ئىدىرغا!...

يېقىنلاشتى تۆت كىشى،
بەتبەشىرە تەلەتى.
بىلىڭ دوستلار كەلگەنلەر،
بۇلاكچىلىق جەمەتى.

بىرىنىڭ ئېتى باينەزەر،
بىرىنىڭ ئېتى نۇرنەزەر.
كىچىك قاسىم، چوڭ قاسىم،
ئەل بۇ ئاتتىن ئەلھەزەر!

قولدا شەمشەر، ئايپالتا،
كەلدى قورشاپ، ئېتىلىپ.
تالىپلارنىڭ كىچىكى،
پەس قىلدى ئۈز گەپ قىلىپ:

«جېنىمغىنا ئاكىلار،
سەنمۇ ئادەم، بىز ئادەم.
ئۆلتۈرمەسەڭ بىزلەرنى،
چۆركۈلمەمدۇ بۇ ئالەم؟

جېنىمغىنا ئاكىلار،
ئالتۇننى ئال جاننى قوي.
مىنىپ كەتكىن بەش ئاتنى،
كىتابنى قوي، ناننى قوي.

بىزمۇ ئادەم ئاكىلار،
سەنمۇ ئادەم ئاكىلار.
رەھىم ئەيلىسەڭ بىزلەرگە،
دۇئا قىلغاي ئاتىلار!...»

باينەزەرلەر بۇ گەپكە،
رەھىم قىلماي قىلچىمۇ،
چىقتى باشقا چۆرگۈلۈپ،
ئايىپالتا ھەم قىلچىمۇ.

«ئاھ ئانام!» دەپ ياش كەلدى،
«ئاھ ئاتام!» دەپ ياش كەلدى.
بەش تالىپنىڭ يادىغا،
يۇرت قەۋمى ئاداش كەلدى...

كۆزدىن ئاققان يېشىگىنى،
ئوخشىتايمۇ مارجانغا،
بۇ قىسمەتكە چارە يوق،
قازا يەتتى بۇ جانغا.

بەش تالىپنىڭ ئەڭ چوڭى،
شەرت قويدى باينەزەرگە.
«ناماز ئۆچۈن ئىجازەت
بەرگىن» دېدى «بىزلەرگە...!»

ئېلىپ كامىل تاھارەت،
ئوقۇپ ناماز - ئىبادەت،
رىزا ئەيلەپ قازاغا،
قىلدى شۇنداق دالالەت:

«ئەي باينەزەر، سال نەزەر،
بولساڭ ئەگەر باش كېسەر،
شاخ كېسەلمەس پالتاڭدا،
جان قىينىما باينەزەر!...

ئەي ھاينەزەر، قۇلاق سال،
شەمشىرىڭنى بىلەپ سال.
ئېزىز جاننى قىينىماي،
ئالار بولساڭ ئىتتىك ئال!

بۇ سۆزۈمنى بىلىپ قوي،
بىزنى دۆڭگە قېزىپ قوي.
دىل چىراغى كىتابنى،
بېشىمىزغا تىزىپ قوي!...

گۈلدۈر چاقماق چېقىلدى،
كۆزگە زۇلمەت تىقىلدى.
تۆت بۇلاڭچى قولىدا،
بەش تالىپمۇ چېپىلدى.

تەييار قىلىپ بىر ئاتنى،
ئارتتى دۇنيا - بىساتنى.
پەرغەپ دېبان تۆت قاتىل،
مىنىپ قاچتى تۆت ئاتنى.

* *

ئۇزۇن ئۆتمەي شۇم خەۋەر،
شەمۇ - شەگە ئاڭلاندى.
ئاتا - ئانا جەمەتىنىڭ،
يۈرەك - باغرى داغلاندى.

ئاقسۇدىكى مادارىن،
ئاچچىقلاپ قەدەم تاشلاپ.
ھەر تەرەپكە چاپتۇردى،
بىرلەن ئەسكەرنى باشلاپ.

بەش توغرا دېگەن يەردىن،
باينەزەرلەر تۇتۇلدى.

تۆت قاتىلغا تۆت ياغزا،
ئۆلۈم خېتى پۈتۈلدى.

باينەزەرگە يەتتە خىل،
ئۆلۈم ئىجرا كېسىلدى.
ئاقسۇ يامۇل ئىشىكىگە،
كاللىسى ھەم ئېسىلدى.

نۇر نەزەرگە تۆت جازا،
ئۆلۈم ئىجرا قىلىندى.
قەشقەر دەرۋازىسىغا،
باش قارماققا ئېلىندى.

چوڭ ھەم كىچىك قاسىمنى،
بىر ئۆلۈمدە باستۇردى.
ئىككى قاتىل بېشىنى،
ئاقسۇ يولىغا ئاستۇردى.

ئەل دۈشمىنى تۆت قاتىل،
يولدىن تۈگەل يوق بولدى.
سەپەرچىنىڭ كارۋىنىنىڭ،
كۆڭلى ئىمىن، توق بولدى.

باينەزەرلەر باي بولدى،
قانغا پېتىپ لاي بولدى.
بەش ئۆلۈما تالىپنىڭ،
بېشى چىراغ، ئاي بولدى...

* *

بەش تالىپنىڭ بېشىدا،
ئەل - جامائەت تاۋاپتا.
شېھىتلەرنى ياد ئېتىپ،
قوشاق قاتتۇق راۋاپتا.

ئېيتىپ بەرگۈچى خوتەن قارىقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىسىدىن: ئابلىمىت قارىم
توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار رەھمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چۆچەكلەر

## كەنجى باتۇر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ يۇرتىنىڭ تىنچ، خەلقىنىڭ پاراۋان ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن، پادىشاھ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مېۋە دەرەخلىرىنىڭ كۆچەتلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئاجايىپ باغ قىلدۇرغان بولۇپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن ئالما كۆچىتىنى تىكتۈرگەنىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالما دەرىخى مېۋىگە كىرىپتۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئالمىسى ھېچقانداق ئالمىغا ئوخشىمايدىكەن. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ. كېلەر يىلى ئالما تازا پىشقان چاغدا، مېۋىسى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئاشۇ ئالما دەرىخىگە مەخسۇس كۆزەتچى قويۇپتۇ. كۆزەتچى ھەر كۈنى ئالمىلارنى ساناپ تۇرىدىكەن. ھەركۈنى بىرنەچچە ئالما كەم چىقىدىكەن. ئاخىر پادىشاھ بىر ۋەزىر بىلەن ئىككى ئەسكەرنى كۆزەتكە قويۇپتۇ. ئۇلارمۇ ھېچقانداق ئەھۋالنى سەزمەپتۇ. ئەمما ئالمىلارنى سانىسا، يەنە كەم چىقىپتۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئالما كېمىيىۋېرىپتۇ، ئاخىر پادىشاھ ئۆزى كۆزەتچىلىك قىلماقچى بوپتۇ. كېچىسى پادىشاھنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇگدەپ قاپتۇ. ئەتىسى يەنىلا ئالمىلار كەم چىقىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئانىسى دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئانىسى كەمبەغەل ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، كەنجى ئوغلىنى ئاكىلىرى ياراتمايدىكەن. كەنجى ئوغۇل بولسا ھوشيار، ئەقىللىق ۋە بەك شوخ بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ. باشقىلار باغدىكى ئالتۇن ئالمىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەنجى ئوغۇلدىن كۆرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ئاتىسىدىن:

— شاھ ئاتا، خاپا كۆرۈنىسىز، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ بولغان ئەھۋالنى ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا؟ بۈگۈن مېنى ئەۋەتىڭ، ئوغرىنى مەن تۇتۇپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپتۇ. تۇنجى ئوغۇل قولىغا بىر چوڭ كالتەكنى ئېلىپ، باغدىكى ئالتۇن ئالمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېچە قاراڭغۇ بولۇپ، ھەممە تەرەپ جىمجىت ئىمىش. پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ئوغرى مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈۋالمىسۇن، دەپ ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئاي چىقىپ ھەممە تەرەپنى يورۇتۇپتۇ. ئەمما ھېچ نەرسىدىن دېرەك يوقمىش. شۇ ئارىدا شاھزادىنى ئۇيقۇ بېسىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا چۆچۈپ ئويغانسا، تاڭ يورۇپ قاپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە پادىشاھ كېلىپ قاپتۇ. ئوغلىدىن گەپمۇ سورىماستىن ئالمىلارنى ساناشقا باشلاپتۇ. ئالمىلار يەنە كەم چىقىپتۇ. ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆردىغا قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ غەمكىنلىكىنى كۆرگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ:

— ئاتا ئوغرىنى ئاكام تۇتالماپتۇ. ئەمدى بۈگۈن مەن كۆزەتچىلىك قىلاي، — دەپتۇ. پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ:

— خېلى ئىشەنچلىك ئادەملىرىم ۋە ئاكاڭ تۇتالمىغان يەردە، سەن نېمە قىلالارسەن؟ — دەپتۇ. ئوغلى چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئامالسىز ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بوپتۇ. ئەتىۋارلىق ئوغلىنىڭ يېنىغا ئىككى ۋەزىرىنى قوشۇپتۇ ۋە «ئەمدى ئوغرى جەزمەن قولغا چۈشىدۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ پادىشاھ.

باغ يەنىلا جىمجىتلىق ئىدىش. ئىككى ۋەزىر ۋە ئوتتۇرانچى ئوغۇل ھەرقانچە ئۇيقۇ باسسىمۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ھوشيار ئولتۇرۇشۇپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— مەن ئەمدى چىدىيالمىدىم، بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، — دەپ يۇمشاق مايسىنىڭ ئۈستىگە يانپاشلاپتۇ. يەنە بىر ۋەزىر بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. ئاي ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى تاڭ قاراڭغۇلۇقى بېسىپتۇ. بۇ چاغدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئاللىقاچان تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئىككى ۋەزىرنى ئويغىتىپ تۇرۇشىغا پادىشاھ باغقا كىرىپ كەپتۇ.

ئالتۇن ئالما دەرىخىگە قاراپ بېقىپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ.

ئەتىسى كەنجى ئوغۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— شاھ ئاتا، بۈگۈن مەن باغقا بېرىپ ئالتۇن ئالما ئوغرىسىنى پايلاي، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئوغلىغا كايىپ:

— سەندىن چوڭ ئادەملەر ۋە ئىككى ئاكاڭ ئامال قىلالمىغان يەردە، سەن نېمە قىلالايتتىڭ؟! — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇلغا ئاتىسىنىڭ سۆزى بەك ھار كېلىپ، بىلەكلىرى كۆچكە تولۇپتۇ، يۈرىكىدە ئوت يېنىپتۇ. ئاتىسىنىڭ رۇخسەت قىلمىغانلىقىغا قارىماي، كەچقۇرۇن نان، پىچاق ۋە بىرئاز تۇز ئېلىۋېلىپ باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ قانداق بولمىسۇن، ئالمىلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش سىرىنى بىلىشكە بەل باغلاپتۇ.

كېچە زۇلمەت قاراڭغۇ ئىكەن. كەنجى ئوغۇل بىرتۇرۇپ ئاسمانغا، بىر تۇرۇپ ئەتراپىغا، بىرتۇرۇپ ئالمىنىڭ ئۈستىگە قارايدىكەن. شۇ ئىسكەتتە يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا تۈن پەردىسىنى يېرىپ ئاي چىقىپتۇ. ئاي كەنجى ئوغۇلغا: «بەلكىم سەن زېرىكىپ قالغاندۇرسەن، مەن ساڭا ھەمراھ بولغىلى كېلىۋاتىمەن» دېگەندەك تۇيۇلۇپتۇ. يىگىت ئالمىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىكى شېخىغا چىقىۋېلىپ ئايغا قاراپتۇ ۋە ئەتراپنى ئوبدان كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئاخىر كەنجىۋاينىڭ ھوشيار كۆزلىرىگىمۇ ئۇيقۇ ئولىشىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى پىچىقىنى ئېلىپ تاپىنىنى تىلىپتۇ. لېكىن يەنىلا ئۇيقۇ غالىب كېلىشكە باشلىغانىكەن، كەنجى ئوغۇل تىلىنغان تاپانغا تۇز سېپىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئۇچار ئات پەيدا بولۇپ، ئالما تەرەپكە يېقىنلىشىپتۇ. ئۇنىڭ قاناتلىرى ئۇزۇن، يايلىسى پارقىراپ تۇرارمىش.

ئات ئۇچۇپ كېلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە بىر تال ئالمىنى يەپتۇ. ئەمدى ئىككىنچىسىنى يەۋاتقاندا، كەنجى ئوغۇل ئۆزىنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ، يايلىدىن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ. ئات ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



كەنجى ئوغۇل ئاتنىڭ قانتىدىن تۇتۇۋالغانلىقتىن، ئات ئاستىلاپ يەرگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىردىنلا ئات زۇۋانغا كېلىپ:

— مەن سېنى ياخشى بىلىمەن، سەن پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىسەن، ئاتاڭ سېنى يامان كۆردۇ. مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭ، سۆيۈملۈك ئوغۇللىرى بەجا كەلتۈرەلمىگەن ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن سەن چىققانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، مېنى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ! ئەڭ ياخشىسى مېنى قويۇۋەت، ئەگەر بەختىڭنى سىناش ئۈچۈن بۇ يەردىن باش ئېلىپ كېتەي دېسەڭ، ئۆزۈڭ خالىغان جايغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئاتنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بوپتۇ. ئاكىلىرى ئالدىدا خارلانغانلىقلىرىنى ئەسلەپ، يۇرتىدىن كەتمەكچى بوپتۇ ۋە ئاتقا:

— مېنى شۇنداق بىر شەھەرگە ئېلىپ بارغىنكى، ئۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن كۈن كەچۈرەي، — دەپتۇ. ئات:

— مېنىڭ سۆزۈمگە سەن خاپا بولۇپ كەتمە، چۈنكى شاھزادىلەر مۇناپىق، قارا كۆڭۈل كېلىدۇ. ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش ئۈچۈن راستچىل، ساپ دىل بولۇش كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلىش راستىنلا قولۇڭدىن كەلسە، ئۈستۈمگە مىن، — دەپتۇ.

ئات كەنجى ئوغۇلنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قارلىق تاغلاردىن، دەريالاردىن بورانتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. نۇرغۇنلىغان ئېدىر - جىلغىلار، باغ - ئورمانلاردىن ئۆتۈپ بىر مەملىكەتكە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە شەھەردىن خېلى يىراق بىر يەرگە قونۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، يايلىمدىن ئازراق يۇلۇۋال، ھاجىتىڭ چۈشكەندە يايلىمنى كۆيدۈرسەڭ، مەن شۇ زامان ئالدىڭغا يېتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئات خوشلىشىپ، كەنجى ئوغۇل ئاتنىڭ يايلىدىن بىر تۇتام قىرقىۋاپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئۈچ قەدەم مېڭىشىغا يەردە ياتقان چىرايلىق ئالتۇن پەيگە كۆزى چۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۇ پەينى ئالاي، دەپ ئېڭىشىشىگە ئات ئۇنىڭغا:

— ئۇنى ئالمىغىن، بۇ ئالتۇن پەي بېشىڭغا مۈشكۈل ئىشلارنى كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ. ئەمما كەنجى ئوغۇل پەينى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇنى قوينىغا سېلىپ، شەھەرگە قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ.

ئۇ ماڭا - ماڭا شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ سارىيىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ساراي پاسبانى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھقا پادىچى بولۇش ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بالىنى ھوجۇرىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل پادىشاھقا ئىككى پۈكۈلۈپ سالام قىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پادىچىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، پادىشاھقا خىزمەت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەنجى ئوغۇل قولىغا قامچا ئېلىپ، پادىچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ يىلى يۇرتتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ، يايلاقلاردا ئوت - چۆپلەر ئۈنمەپتۇ. قويلارنىڭ تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئوتلۇق جايلارنى ئىزدەپ، قوي پادىسىنى تاغ تەرەپكە ھەيدەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل شوخ قوزىلارنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىدىكەن. بىركۈنى كەنجى ئوغۇل چىرايلىق بىر قوزىنى قۇچاقلاپ، خورجىنىدىكى نېنىدىن ئېلىپ يېگۈزۈپتۇ. قوزىنىڭ قوڭغۇراقسىمان يۇڭلىرىنى سىلاپتۇ. شۇ چاغدا ئالتۇن پەي يادىغا كەپتۇ ۋە قوينىدىن پەينى ئېلىپ، شۇ پەي بىلەن قوزىچاقنىڭ قۇيرۇقىنى سىلاپتۇ. قوزىچاق بىر - ئىككى سىلكىنىپلا، دەرھال سەمرىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل ھەيران قاپتۇ. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، قوزىچاقنىڭ يوغىناپ كېتىۋاتقان قۇيرۇقىنى تۇتۇپ

بېقىپتۇ. ئۇنى قويۇۋېتىپ، باشقا بىر قوينى ئالتۇن پەي بىلەن سىلاپ بېقىپتۇ. ئۇ بىرقانچە قوزىنى تۇتۇۋېلىپ پەي بىلەن سىلىسا، ھەممىسلا سىلكىنىپ - سىلكىنىپ قويۇپ سەمرىشكە باشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي، چوڭ ساغلىقلارنىمۇ ھېلىقى خاسىيەتلىك پەي بىلەن سىلاپتىكەن، ئۇلارمۇ سەمرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ھەيرانلىقتا تۆت ئەتراپقا قارىسا كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىكەن. دەرھال قوي - قوزىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇردا تەرەپكە قاراپ ھەيدەپتۇ.

قويلارنى قوتانغا سولاپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە بېرىپ، ئالتۇن پەيگە بىرھازا قارىغاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ھەپتىلەر كەينىدىن ھەپتىلەر، ئايلار كەينىدىن ئايلار قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. قويلارنى كۆڭۈل قويۇپ باققانلىقى ئۈچۈن پادىچىدىن خۇرسەن بولغان پادىشاھ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل - مال ئىنئام قىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، بۇ مەملىكەتكە قوشنا مەملىكەتنىڭ پادىشاھى مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يۇرتتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغانلىقتىن، چارۋا ماللارنىڭ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. ساھىبخانا شاھ بولسا مېھماننىڭ ئالدىغا سېمىز، ياغلىق گۆشلەرنى قويۇپتۇ. مېھمان ھەيران بولۇپ:

— سىلىنىڭ يۇرتتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈزبەرگەن بولسىمۇ قويلار تولىمۇ سېمىز ئىكەن. بۇنىڭ سىرى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ بۇ سىرنى ئۆزىمۇ بىلمىگەچكە پادىچىنى چاقىرتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ سىرىنى ئۇلارغا دەپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ. لېكىن ئۇچار ئاتنىڭ «راستچىل بول!» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ، ئالتۇن پەي توغرىسىدىكى ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەر ئىككى پادىشاھ ۋەزىرلەر بىلەن بىللە ئالتۇن پەينى تاماشا قىلىشىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ كەنجى ئوغۇلغا:

— سەن مۇشۇ پەينى تاشلىغان قۇشنى تېپىپ كېلىسەن، — دەپتۇ، — ئەگەر قۇشنى تاپالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن دەپتۇ. پادىچى قانداق قىلىشنى بىلمەي دەشت - باياۋانغا چىقىپتۇ. ئۇچار ئاتنى ئەسلەپ، يېنىدىن ئۇچار ئاتنىڭ يايلىدىن بىر تالنى تۇتاشتۇرغانىكەن، ئات دەرھال ئۇچۇپ كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاتنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپتۇ.

— خەپ، نادان بالا، پەينى ئالما دېسەم گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭ، بېشىڭغا ئازاب - ئوقۇبەت، مۇشكۈلچىلىكلەر چۈشىدۇ، دېسەم قۇلاق سالمىدىڭ، بولار، ئىش بولدى. ئەمدى سەن پادىشاھتىن يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت ئال. پادىشاھ چوڭ قۇش پاتىدىغان قىرىق خانىلىق قەپەستىن بىرنى ياساتسۇن بەرسۇن، قەپەسنىڭ ھەربىر خانىسىغا ئىدىش قويۇلسۇن، ئوتتۇز توققۇز ئىدىشقا شېرىن، سۈزۈك ئىچىملىك، قىرىقىنچىسىغا بىھوش قىلىدىغان ئىچىملىك قويۇلسۇن. مۇشۇلارنى تەييارلاپ بەرسىڭىز ئاندىن قۇشنى ئىزدىگىلى بارىمەن، دەپ تەلەپ قىلغىن. ئاندىن ئۇزۇق - تۈلۈكنى يەتكۈدەك تەييارلىغىن، — دەپ تەلىم بېرىپتۇ ئات. كەنجى ئوغۇل بېشىنى ساڭگىلىتىپ، سارايغا بېرىپ، پادىشاھقا يۇقىرىقى شەرتلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت ئاپتۇ. ھەممە نەرسە تەييار بولغاندىن كېيىن قەپەسنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. باياۋانغا يېتىپ بېرىپ، ئاتنىڭ يايلىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

يېرىم كېچە، ھەممە تەرەپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ئاسماندا ئايمۇ يوق ئىكەن. لېكىن بەلگىلەنگەن يەردە ئۇچار ئات پەيدا بولۇپتۇ.

— بېلىڭنى چىڭ باغلاپ، ماڭا مەھكەم يېپىشقىن، — دەپتۇ ئات.

كەنجى ئوغۇل بىلەن ئات دەريالارنى، چۆل - باياۋانلارنى، تاغۇتاشلارنى، نۇرغۇنلىغان ئەل -

www.uyghurkitap.com



يۇرتلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ گۈزەل، مەنزىرىلىك، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىر ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپتۇ. چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تېگىگە چۈشۈپ دەم ئاپتۇ.

ئات كەنجى ئوغۇلغا:

— ئالتۇن پەيلىك قۇش مۇشۇ بىپايان ئورمانلىقتىكى بىردىنبىر سۈزۈك ۋە تاتلىق بۇلاقتىن سۇ ئىچىدۇ. ئۇ ھەركۈنى چۈشتە سۇ ئىچكىلى بۇ يەرگە كېلىدۇ. قەپەسنى بۇلاقنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپ، يىراقتىن قۇشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىشىڭ ھامان بۇلاقنى لېيىتىپ، ئىچىگە لاۋا ـ لاتقىلارنى تاشلاپ قويغىن ۋە ئۆزۈڭ بىر جايغا يوشۇرۇنۇۋالغىن. ئۇسساپ كەتكەن قۇش بۇلاقتىكى لاي سۇنى ئىچمەي قەپەستىكى سۈزۈك سۇدىن ئىچىدۇ ۋە ئاخىرقى ئىدىشتىكى سۇنى ئىچكەندىن كېيىن بىھوش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇش قولىغا چۈشىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ. پادىچى ئاتنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ بولۇپ ئەمدىلا مۈكۈنۈپ يېتىشىغا، يىراقتىن ئورماننى ئەللەيلىگەندەك يېقىملىق بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پادىچىنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى ھۇزۇرلىنىپ، ئوتلاقنىڭ ئارىسىدا ئېرىپ كېتەي دەپتۇ.

قۇش كېلىپ دەرەختە قونۇپتۇ. ئۇنىڭ پەيلىرى قۇياش نۇرىدا رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. ئۇ بۇلاق بويىغا چۈشۈپتۇ ۋە بۇلاقتىكى لاي سۇنى كۆرۈپ، سايراشتىن توختاپتۇ. گېلى قۇرۇپ كەتكەن قۇش تۆت ئەتراپقا كۆز سېلىپ سۇ ئىزدەپتۇ. قەپەس ئىچىدىكى سۇنى كۆرۈپ ئاستا بېرىپ، كىچىك ئىدىشتىكى سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىسىغا كۆزى چۈشۈپتۇ...

كەنجى ئوغۇل قۇشنىڭ سايرىشىغا مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىكەن. بىر چاغدا قارىسا، قۇش قەپەسنىڭ ئاخىرقى خانىسىدا مەست بولۇپ ياتقانمىش! ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن قوپۇپلا، قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۇچار ئاتقا مىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ساق ـ سالامەت يېنىپ كېلىپتۇ. بۇ دەل مۆھلەت توشقان كۈنى ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قەپەسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ قۇشنى دەرھال ئالتۇن قەپەسكە سالدۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ئەمما قۇش يا دان يېمەپتۇ، يا سايرىماپتۇ.

— ئەي جانىۋار، نېمە ئۈچۈن دان يېمەيسەن، نېمشقا سايرىمايسەن؟ سايرا، ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ خۇشال قىل! — دەپتۇ پادىشاھ. شۇ چاغدا قۇش بېشىنى كۆتۈرۈپ، پادىشاھقا بىر قاراپ، زۇۋانغا كەپتۇ:

— دېگىنىڭ توغرا، مەن دۇنياغا خۇشاللىق يارىتىش ئۈچۈن كەلگەنمەن، لېكىن سىلەرگە بىر سوئالىم بار. شۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ، ئاندىن سايرايمەن، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق سوئال ئىكەن؟

— بارلىق مەۋجۇداتقا ھايات بەخش ئەتكۈچى قۇياش ئەتىگەندە كۆتۈرۈلۈپ، دەل چۈش ۋاقتىغا كەلگەندە تىك تۇرۇپ قالىدۇ. پۈتۈن ئورمانزارلىقتىكى، باغلاردىكى گۈل ـ گىياھلارغا تىغدەك نۇرىنى سانجىپ سولاشتۇرىدۇ. ھەممىسىنى ھالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا يەنە ئۆز يولىغا چۈشىدۇ. قۇياشنىڭ تىك كېلىپ بىرمۇنچە ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپتۇ قۇش.

پادىشاھ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ئاندىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى چاقىرتىپتۇ. ھېچكىم بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالماپتۇ. ئاندىن پادىچىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىچى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئۇچار ئاتنىڭ يايلىدىن بىرتالنى كۆيدۈرۈپتىكەن، ئۇچار ئات شۇ زامان يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ئاتقا قۇشنىڭ سوئالىنى، پادىشاھ شۇ سوئالغا جاۋاب تېپىپ

كېلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى، ئەگەر جاۋاب تېپىپ كەلمىسە كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ.

— يىگىت بولسالا، غەيرەتلىك بولغىن، شۇ چاغدىلا ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيسەن. بوپتۇ، بۇنىمۇ بەجا كەلتۈرىمىز. لېكىن بۇ ئىش بەك خەتەرلىك، پادىشاھتىن ئىككى ئايلىق مۆھلەت ئال، ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ تەييارلا، ئۈچ كۈندىن كېيىن تىنچ دەريانىڭ قىرغىقىدا، ئېگىز يار تاشنىڭ يېنىدا سېنى كۈتىمەن، — دەپتۇ - دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ ئات.

كەنجى ئوغۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ. ئاندىن بارلىق يول تەييارلىقىنى راسلاپ كەچقۇرۇن يولغا چىقىپ، يېرىم كېچىدە ئېگىز يار تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتقا مىنىپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۇچۇپ، بىر جايغا قونۇپتۇ. قارىسا، بۇ يەردە شاۋقۇن - سۈرەن بولۇۋاتقان، ئادەملەر داد - پەرياد قىلىۋاتقان ۋە يەر لەرزىگە كېلىپ سىلكىنىۋاتقانىمىش. بۇ يەردە بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغان ئىككى تاغ بولۇپ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىسى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانىمىش. سۈرەن - چۇقان ۋە زىلزىلىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇنىڭدىن ئىكەن. كەنجى ئوغۇل ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە زادى يول تاپالماپتۇ. كەنجى ئوغۇل تاغقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تاغ بىر پەس توختاپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئىككى ئۇرۇشقاق تاغ:

— ئەگەر سەن قۇياشتىن بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇۋاتقان جەڭنى قانداق قىلىپ توختىتىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلسەڭ بۇ يەردىن ئۆتكۈزىمىز، — دېيىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل رازى بوپتۇ ۋە تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىرمۇنچە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەرنىڭ ئىچى يىغا - زارە، نالە - پەرياد بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئادەملەر ئېگىز دۆڭلۈككە، دەرەخلەرگە ۋە تاملارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، كەلكۈن ئاپىتىدىن قۇتۇلۇشقا جان تالىشىۋاتقانىكەن.

كەنجى ئوغۇل ئادەملەردىن:

— نېمە سەۋەبتىن شەھەرنى سۇ باسىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھەرنىڭ چېتىدىن چوڭ دەريا ئۆتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىر ئادەم، — چوڭلۇقى سەككىز ئۆيگە تەڭ كېلىدىغان بىر چوڭ بېلىق دەرياغا كېلىپ توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، سۇنى توسۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ دەريادىن تېشىپ چىقىپ، شەھەرنى، ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارنى بېسىپ كەتتى.

كەنجى ئوغۇل ئۇچار ئات بىلەن دەرياغا بارسا، لەھەڭنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ مىدىرلىيالماي قىينىلىپ ياتقانىمىش. ھەرقانچە ئۆرۈنۈپ باقسىمۇ بۇ دەريادىن ئۆزۈپ كېتەلمەسمىش. كەنجى ئوغۇل بېلىقتىن نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ياتقانلىقىنى سوراپتۇ.

بېلىق زۇۋانغا كېلىپ:

— مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى مىدىرلىيالماي قالدىم، ياردەم قىلىڭلار، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ھەيۋەتلىك لەھەڭنىڭ ئالدىدا چۈشەندەك ئىكەن. بىچارە قانداقمۇ ياردەم بېرەلىسۇن. قايتىشىدا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئات بىلەن كەنجى باتۇر توختىماي ئۇچۇپتۇ. ئاخىر يەرنىڭ ئاخىرقى چېتىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە يا قۇياش، يا ئاي، ياكى يۇلتۇز يوق بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىمىش.

www.uyghurkitap.com



ئات ئېگىز بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ ۋە كەنجى باتۇرغا يەرنىڭ چېتىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى يايلىمدىن مەھكەم تۇتۇپ، شۇنداق بىر قامچا ئۇرغۇنكى، تېرەمدىن ئۆتۈپ سۆڭىكىمگە يەتسۇن، ئەمدى بىز يەرنىڭ تېگىگە — زۇلمەتكە چۈشىمىز، دەپ يەر تېگىگە قاراپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىپتۇ.

كەنجى باتۇر ئاتنىڭ بويىنىغا مەھكەم يېپىشىپ ئاتقا قاتتىق بىر قامچا ئۇرۇپتۇ. ئات يەر تېگىگە قاراپ ئۇقتەك ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، يەرنىڭ تېگىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە ھەممە تەرەپ سۇس نۇر بىلەن يورۇپ تۇرغانمىش. مانا بۇ قۇياشنىڭ ئانىسى تارقىتىۋاتقان نۇر ئىكەن.

ئۇ كەنجى باتۇر بىلەن ئاتنى كۆرۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن:

— خوش كېلىپسىلەر، ئەزىز مېھمانلار، بېشىڭلارغا قانداق بەختسىزلىك كەلدى؟ نېمە تەلىپىڭلار بار! — دەپتۇ.

كەنجى باتۇر ئېگىلىپ سالام قىلىپ، قۇياش ئانا ئالدىدا تىز چۆكۈپتۇ ھەمدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دەريانى توسۇپ ياتقان لەھەڭ بىلىق، يەنە بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئىككى تاغنىڭ سىرىنى، ئاندىن قۇياشنىڭ تىك كەلگەندە توختاپ قېلىش سىرىنى سوراپتۇ. ئانا ئۆز ئوغلى قۇياشنىڭ يولدا توختاپ قېلىشى بىلەن، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ قىينىلىشى، قۇشلارنىڭ تەشنا بولۇشى، ئوت - چۆپلەرنىڭ سولىشىپ قېلىشى، ئىنساننىڭ سالقىن جاي ئىزدىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. قۇياش قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىكەن. قۇياش ئانا ئۇلار ئوغلىنىڭ ھارارىتى يەتمەيدىغان، ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. كەچ بولۇپ قۇياش يەر ئاستىغا قايتىپ كەپتۇ. ئانا قۇياشنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئوغلۇم، كۈن بويى ئادەملەرنىڭ نالىسى قۇلىقىمغا كىرىۋاتىدۇ. كېچە - كۈندۈز گۇمبۇرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. زادى يەر يۈزىدە نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئانىجان، ئىنسانلارنىڭ داد - پەرياد قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، دېڭىزدا ئويناپ يۈرگەن چوڭ بىر شوخ بېلىق دەرياغا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋەردى. دەريانىڭ ئۈستىدە بولسا ئىنچىكە، بەك قاتتىق بىر دەرەخ ئېگىلىپ ياتاتتى. شۇ دەرەختىن بىر ئېيىق مېڭىپ كېلىپ، ئەمدى سۇغا چۈشەي دەۋاتقاندا، ئاچ قالغان بېلىق ئېيىقنى كۆرۈپ، دەرەخ بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتى. ئاندىن كەينىگە يانماقچى بولغانىدى، لېكىن دەرياغا توغرىسىغا بولۇپ قاپلىشىپ قالدى. ئۇ ھازىر قاتتىق ياغاچنى ھەزىم قىلالماي قىينىلىۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇنىڭغا بىر مەرد - باتۇر چىقىپ، بېلىقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ شۇ دەرەخنى ئېتتىك ئاپپالتا بىلەن ئىككى يەردىن چېپىپ پارچىلىۋەتسە، خەلق بۇ تەشۋىشتىن خالاس بولاتتى، — دەپتۇ قۇياش. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گۇمبۇرلەۋاتقان نەرسە بولسا، ئىككى تاغ ئۆزئارا جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇ تاغلار چوڭ ئورماندىكى ئانا شىرنىڭ قېنىنى يالاپ تىنچىمىسا، باشقا ئىلاج يوق، — دەپتۇ.

— ئەمدى ئاخىرقى سوئالىم شۇكى، — دەپتۇ ئانا قۇياش، — سەھەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىسەن، ئۆز نۇرۇڭنى پۈتۈن ئالەمگە چاچىسەن، دەل چۈش پەيتىدە يەرگە تىك بېقىپ، جىم بولۇپ قالىسەن، ھەممە تەرەپنى ھارارىتىڭ بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئاز قالىسەن، نېمە بولدى ساڭا ئوغلۇم؟

— سىز يەر يۈزىگە چىقمايسىز، بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ قۇياش.

— ئانىنىڭ كۆڭلى بارلىق ئىشنى سېزىدۇ، بالام!

— ھەركۈنى چۈش پەيتىدە پالانى دەريا يۈزىگە بىر قىز چىقىپ چېچىنى تارايدۇ، ئۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، مېنمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. چاچلىرىنى ئۆرۈپ، بىرئاز ئولتۇرۇپ، ئاندىن سۇ تېگىگە چۆكۈپ

كېتىدۇ. مەن شۇ قىزنىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالىمەن، شۇ قىزنى بىرەر يىگىت سۇنىڭ تېگىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتسە، شۇ چاغدىلا مەن خاتىرجەم بولاتتىم، — دەپتۇ. سۆھبەت شۇ يەرگە كەلگەندە تاڭ يورۇپ قۇياش ئاسمانغا سەيلىگە چىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. قۇياشنىڭ ئانىسى بالىسىنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، ئات بىلەن كەنجى باتۇرغا ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىنى يەنە بىرقېتىم چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ، خوشلىشىپ قاپتۇ.

ئات كەنجى باتۇرغا:

— مېنى شۇنداق ئۇرغىنكى، گۆشۈمدىن ئۆتۈپ، ئۇستىخىنىمغا يەتسۇن، — دەپتۇ. كەنجى باتۇر ئاتقا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئات قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىپتۇ. بىرمۇنچە ۋاقىت ئۇچقاندىن كېيىن، ئۇلار قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتۈپ، يەر يۈزىگە چىقىپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بېلىق توغرىسىغا قاپلىشىپ ياتقان دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. بېلىق قاپلىشىپ قالغان يەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۇياققا - بۇياققا ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكەنىكەن.

ئەتراپتىكى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئاھالىسى كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، ئايرىم كىشلەر ھېلىمۇ تاملارنىڭ ئۇستىدە جېنىنى ساقلاۋاتقانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كەنجى باتۇر غەيرەتكە كېلىپ، بېلىدىكى ئايپالتىنى قولىغا ئېلىپ، بېلىققا:

— ئاغزىڭنى چوڭ ئاچ، مەن قورسىقىڭغا كىرىپ، دەردىڭگە دەرمان بولىمەن، يەنە مېنى چىشلىرىڭ بىلەن مىجىپ تاشلىما، — دەپتۇ.

كەنجى باتۇر بېلىقنىڭ قورسىقىغا كىرىپ، توغرىسىغا تاقىشىپ قالغان ياغاچقا دۈچ كەپتۇ. ئۇنى ئايپالتا بىلەن تۆت پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى پارچىسىنى مۆرىسىگە ئېلىپ، تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلاپتۇ.

بېلىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز يولىغا ئۈزۈپ كېتىپتۇ. دەريا سۈيى ئۆز ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

ئىككى تاغقا يېقىنلاشقاندا ئورمانزارلىققا ئۇچراپتۇ. كەنجى باتۇر: «قۇياش ئېيتقان شىر مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ، ئورمانزارلىققا قاراپ يول ئاپتۇ.

شىر ئادەمنى كۆرۈپ، شۇنداق قاتتىق ھۆركىرەپتۇكى، ئورمانلىق لەرزىگە كەپتۇ. ئاندىن يەرگە ئېگىشىپ ئۆزىنى راسلاپ، يىگىتكە ئېتىلماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئات كىشنەۋېتىپتۇ. كەنجى باتۇر يېنىغا قارىماقچى بولغانىكەن، شىر ئۇنىڭغا قاراپ مۈشۈكتەك ئېتىلىپتۇ. باتۇر ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. شىر ئىككىنچى قېتىم ئېتىلماقچى بولغانىكەن، كەنجى باتۇر قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ دەل مېڭىسىگە ئۇرۇپتۇ. شىر ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تېگىگە كېلىپ يىقىلىپتۇ. يىگىت شىرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپتۇ. ئۇرۇشقاق تاغلار ئىككى تەرەپتىن شىرغا زەربە بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇنى يانجىپ تاشلاپتۇ ۋە ئاستىلاپ ئىككى تەرەپكە چېكىنىپ، ئۆز جايلىرىدا توختاپتۇ. قۇلاقلارنى گاس قىلىۋەتكۈدەك گۈمبۈر - گۇپپاڭ تىنچىپتۇ. يىراقتىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپتۇ. كەنجى باتۇر ئېتىغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كەنجى باتۇر ساق - سالامەت قايتىپ كېلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ قۇشقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇش سارايىنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايراشقا باشلاپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى تۈن زۇلمىتىدىنمۇ قاراڭغۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دەردى قۇياش مەپتۇن بولغان قىزدا ئىمىش.

بىركۈنى پادىشاھ پادىچىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ساڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىمەن، سۇ قىزنى ئېلىپ كېلىسەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. كەنجى باتۇر «ئەمدى ماڭا كەلمىگەن بۇ جاپا قالدىمۇ» دەپ خاپا بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا تەييارلىقنى تەييارلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەردىن چىقىپ بىرمۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن، قوينىدىكى ئات يايلىسىدىن ئېلىپ كۆيدۈرگەنىكەن، ئات دەرھال يېتىپ كەپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ۋاپادار ئېتىغا دەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇچار ئاتقا مىنىپ تاغلارنى، ئېدىر - جىلغىلارنى، تۈرلۈك گۈزەل باغلارنى، چوڭ - چوڭ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر سۈيى سۈزۈك، تىنچ ئاقىدىغان بىر دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىت ئىكەن، ئات كەنجى باتۇرغا:

— گۈزەل قىز مۇشۇ دەريانىڭ تېگىدە ياشايدۇ، ئۇنى ھازىر ئېلىپ چىقىمىز. ئەمما سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۇنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈپ، ھوشۇڭدىن كېتىپ يىقىلما، — دەپتۇ ۋە دەرياغا شۇڭغۇپتۇ. ئات دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ، ئېگىز مۇنارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. يىگىت شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان گۈزەل قىزنى ئۈستىگە يېپىنغان نېپىز يېپىنچىسى بىلەن يۆگەپ، ئاتقا ئارتىپتۇ ۋە سۇ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ جامالى قاپقاراڭغۇ تۈننى يورۇتۇۋېتىپتۇ. كەنجى باتۇر قىزنى كۆرۈپ، ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ. لېكىن ئاتنىڭ دېگەن گەپلىرى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى ئۇچار ئات گۈزەل قىز بىلەن كەنجى باتۇرنى پادىشاھنىڭ سارىيىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كېنىزەكلىرى گۈزەل قىزنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ جامالىنىڭ داڭقى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كېتىپتۇ. بارلىق كىشىلەر قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئوردا ئالدىغا يىغىلىپتۇ. يەتتە قەۋەت يىپەك پەردە كەينىدىكى قىزنى كۆرگەندىن كېيىن، نى - نى يىگىتلەر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

پادىشاھ قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بوپتۇ. ئەمما قىز ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ.

— كىمكى شەرتىمنى بەجا كەلتۈرىدىكەن شۇنىڭغا تېگىمەن، — دەپتۇ قىز. — مەيدانغا قىرىق قولاقلىق داش قازان ئېسىلسۇن ۋە قازانغا سۈت تولدۇرۇپ قاينىتىلسۇن. ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان سۈتكە ئۆزۈكۈمنى تاشلايمەن، كىمكى ئۆزۈكنى قازاندىن ئالالىسا شۇ مەردكە تېگىمەن، — دەپتۇ.

قىزنىڭ دېگەنلىرى بويىچە مەيدانغا داش قازان ئېسىلىپ، قازانغا سۈت قۇيۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئوت يېقىپتۇ. شۇ چاغدا قازاننىڭ بېشىغا يۈزىگە يەتتە قەۋەت چۈمبەل تارتقان قىز كەپتۇ. ئۇ قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۆزۈكىنى قازانغا تاشلاپتۇ ۋە يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋە سارايى ئەمەلدارلىرى قىزنىڭ ھۆسنىگە ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىئىختىيار قىز تەرەپكە قاراپ ماڭغان پېتى ھەممىسى بىھوش بولۇپ قازانغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. پەقەت كەنجى باتۇرلا ئۆزىنى يوقاتماپتۇ.

گۈزەل قىز پاراسەتلىك يىگىت — كەنجى باتۇرغا تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپ. ئېلان قىپتۇ. بۇ چاغدا خەلق ئارىسىدىن بىر دانىشمەن چىقىپ:

— مەملىكەت پادىشاھسىز قالدى، كەنجى باتۇر پادىشاھ بولۇپ ئادىللىق بىلەن يۇرت سورىسۇن، — دەپتۇ. كەنجى باتۇر خەلقنىڭ ئارزۇسىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. گۈزەل سۇ پەرىسى بىلەن كەنجى باتۇر مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئەل تىنچ، يۇرت ئاۋات بولۇپتۇ.

رەتلىگۈچى: نادىر رەھمى

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## سالجىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت

سالجا — جاڭگالدا بولىدىغان، قوي، ئۆچكە، توشقان قاتارلىق ھايۋانلارغا چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان بىر خىل پارازىت ھاشارات. بەزىدە ئادەملەرگىمۇ چاپلىشىۋېلىپ قېنىنى شورايدۇ. ئۇنىڭ سەككىز پۇتى بولۇپ، دۈمبىسى خۇددى چەمگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدا «سەككىز پۇتلۇق قىردىم دۈمبە» شەكلىدە ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ قان شوراپ تويۇنغان ۋاقىتتىكى ھالىتى دادۇر چوڭلۇقىدا بولىدۇ، شۇ چاغدا «ساقاتقا» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «بەلگىلىك ۋاقىتتا ئاسماندىن يەرگە ئۆپكە چۈشەرمىش. ئۇنىڭ سۇغا چۈشكىنى بىر خىل لەششىمان جانلىققا ئايلىنىپ، سۇدىكى بېلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەرمىش. مۇبادا ئادەملەر ئۇ بار يەرگە چۈشۈپ قالسا، ئۇ، ئادەملەرنىڭ قېنىنى شورىۋالارمىش. ئۇنىڭ جاڭگالغا چۈشكىنى پارچىلىنىپ، سالجىغا ئايلىنارمىش ۋە بىرەر جانلىقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتارمىش. ئادەم ياكى ھايۋانلار ئۇ بار يەرگە كېلىپ قالسىلا، پۇرسەت تېپىپ ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە چىقىپ قېنىنى شورارمىش».

## ياغاچچى ھەرىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، ياغاچچى ئىشلەتمەكچى بولغان ياغاچ ماتېرىيالىنى تەكشىلەپ، ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، ئېھتىياجغا قاراپ ئالدى بىلەن قارا تارتىۋالىدۇ، ئاندىن شۇ قارا بويىچە ھەرىدەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمدە ياغاچچى ياغاچ ماتېرىيالىنى تەكشىلەپ، ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن قارا تارتقان ھامان، قارا تارتىلغان يەردىن ئايرىلاتتىكەن. بىر يۇرتتا ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر ياغاچچى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ باش تەمرەتكىسى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغاچچىنىڭ قارىلىقىدا نەملىك تۈگەپ، قارا تارتىش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. شۇڭا ياغاچچىنىڭ ئۆزى باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، شاگىرتنى قارىلىققا سۇ قۇيۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېھتىمال ئۆيدە سۇ تۈگەپ كەتكەن، سۇنى يىراقتىكى ئۆستەڭدىن ئېلىپ كەلمىسە بولمايدىغان ئەھۋال بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com



شاگىرتقا ئۇستەڭدىن سۇ ئېلىپ كېلىش ئېغىر كېلىپ، ئانچە يىراققا بارمايلا قارىلىققا سىيىپ، قارىلىقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇستام تەكشىلەپ، ئۆلچەپ قويغان ياغاچ ماتېرىيالىغا قارا تارتىپتۇ. لېكىن ياغاچ قارا تارتىلغان جايىدىن ئاجرىماپتۇ. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئۇستا شاگىرتىنى قوغلىۋەتكەنمىش. ئۆزى بولسا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى تارتىلغان قارا بويلاپ ياغاچنى كېسىش ئەسۋابى ھەرىنى كەشىپ قىلغانىمىش.

## گالىنىڭ يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ياراتقاندا گالنى ياراتمىغان (يەنى قورساق ئاچمايدىغان قىلىپ ياراتقانمىش). ئىنسانلار قورساق ئاچمىغاندىن كېيىن ئىنتايىن بىغەم بولۇپ، ھېچقانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولماي، ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى يېتىپ ئارام ئېلىش، ئۇخلاش بىلەنلا ئۆتكۈزگەنمىش. شۇنداق بولغاچقا، دۇنيانىڭمۇ ھېچقانداق قىزىقى بولمىغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاتائالا ئىنسانلارغا گالنى ياراتقانمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۇنيادا باشقىچە ئەھۋال يۈز بەرگەنمىش. ئىنسانلاردا گال بولغان كۈنىدىن باشلاپ، گال ئۈچۈن (قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن)، بەزىسى يوقنى تېپىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپتۇ. يەنى بەزىلىرى يەر تېرىش، بەزىلىرى چارۋا بېقىش، سودىگەرلىك، يەنە بەزىلىرى ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. بەزىلىرى پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ يېتىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنمىش. گال ئەنە شۇنداق يارىتىلغانمىش.

## ئىنسانلارغا ئۆلۈم يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ياشايدىغان قىلىپ يارىتىپ، ئۆلۈمنى بولسا كالىغا ياراتقانمىش. ئىنسانلار ئۆلمەيدىغان بولۇپ يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھېچقانداق ھەرىكەتنىڭ كېرىكى بولمىغانمىش. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بىر ئورۇندا يېتىۋالسا، ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي يېتىۋېرگەچكە، ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەدىنىدىن گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ كەتكەنمىش. كالىلار بولسا ئۆلۈم يارىتىلغاندىن باشلاپ ھېچنېمە يېمەي ۋە ئىچمەي ھۆركىرەپ تۇرۇۋالغانمىش. ئاللاتائالا ئاخىر ئۆلۈمنى ئىنسانلارغا بۇيرۇغانمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر يەردە بىرەرسى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازا ئېچىلىپ يىغلاشسا، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈشۈپ قايغۇلىرىنى بىلدۈرۈشسە، يەنە بىر يەردە توي ئۆتكۈزۈپ، نەغمە - ناۋا قىلىشىپ، ئويۇن - چاقچاق، كۈلكە - تاماشا بىلەن مەشغۇل بولۇشۇپتۇ. بىر - بىرىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن زادى كارى بولۇشماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈم ئىنسانلارغا خاس قىلىپ يارىتىلغانمىش.

## پىل ھەققىدىكى رىۋايەت

پىل قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ زور ھايۋان. خەلقىمىز ئىچىدە پىل ھەققىدە خېلى بۇرۇنلا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «پىل دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنى مىنىدىكەن، يۈك

توشۇيدىكەن. تاماق ۋاقتى بولغاندا، ئېھتىياجغا قاراپ ئۇنىڭ تېقىمىدىن كېسىپ ئېلىپ ئاش - تاماققا توغرامچە قىلىدىكەن ياكى پىشۇرۇپ يەيدىكەن. پىلنىڭ تېقىمىدىن كېسىۋېلىنغان جاي يۇلتۇز كۆرگەندىن (يەنى كۈن ئولتۇرۇپ يۇلتۇز چىققاندىن) كېيىن دەرھال ساقىيىپ كېتىدىكەن. ھېچقانداق ئىز قالمايدىكەن.»

## تاماكا چېكىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

تاماكا چېكىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «بىر ئوتۇنچى بولۇپ، ئۇ دائىم جاڭگالغا ياكى ئورمانلىققا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئوتۇن ئالغىلى بارغاندا بەزىدە ئورمانلىقتا ياكى جاڭگالدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا سۇ قايىنىتىپ ئىچىش، ئىسسىنىش ۋە زىيانداشلاردىن قوغدىنىش ۋەجىدىن ئوت قالايدىكەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك دالا تۇرمۇشى داۋامىدا قايسى خىل ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقال قانداق كۆيىدۇ، قايسى خىل ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقالنىڭ ئوت يالقۇنى قانداق بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقاللارنى ئوتقا تاشلاپ بىر تەرەپتىن ئىسسىنىپ، بىرتەرەپتىن سۇ قايىنىتىپ ئىچكەچ ئوتقا تاشلانغان ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقاللارنىڭ كۆيۈشىنى كۆزىتىدىكەن. بەزى چاغلاردا شامالنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن ئوتتىن چىققان ئىس ئوتۇنچىنىڭ ئېغىز - بۇرۇن، كۆزلىرىگىمۇ كىرىپ كېتىدىكەن. قىزىق ئىش، بەزىدە ئوتتىن چىققان ئىس ئوتۇنچىنىڭ ئېغىز - بۇرۇن، كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتسە، بەزىدە بىر خىل خۇشبۇي پۇرىغاندەك بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قايسى خىل ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقالدىن چىققان ئىسنىڭ ئاچچىق، قايسى خىل ئوتۇن ۋە پىچان - چاتقالدىن چىققان ئىسنىڭ ئاچچىق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاماكا دېيىلىدىغان ئۆسۈملۈكنى ئوتقا تاشلىغاندا چىققان ئىسنىڭ ئاچچىق ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوتۇنچى تاماكىنىڭ ئىسىنى پۇرىمىسا تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىرقېتىم ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، يەنە ئوتۇن ئالغىلى پارغۇچە بىر - ئىككى كۈن ياكى بىرنەچچە كۈن ۋاقىت ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئوتۇنچى ئوتۇنلۇققا بېرىپ ئوت قالاپ تاماكا ئىسىنى پۇرىغۇچە تاقىتى تاق بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئوت قالاپ تاماكىنى ئوتقا تاشلاپ ئىسىنى پۇراپ ئولتۇرماي، كېتىۋېتىپمۇ تاماكا ئىسىنى پۇراش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئامالالارنى قىلىپ بېقىپتۇ. ئاخىر چاتقال - ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىچى كاۋاك غوللىرىغا تاماكىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىرىنى سېلىپ، بىر تەرىپىگە ئوت يېقىپ يەنە بىر تەرىپىدىن شوراپتۇ. بۇ ھەر ھالدا بىر يەرگە مەخسۇس ئوت قالاپ، ئوتقا تاماكا تاشلاپ ئىسىنى پۇرىغانغا قارىغاندا كۆپ قولايلىق ئېلىپ كەپتۇ. كېيىنچە، سېغىزلايدىن ئۇستى ئاغزىنى چوڭراق، يان تۆشۈكىنى چاتقال - ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىچى كاۋاك غوللىرى پاتقۇدەك قىلىپ، ئاغزى بىلەن يان تۆشۈكى تۇتىشىدىغان تاماكا چېكىش ئەسۋابى — ئىپتىدائىي غاڭزىنى ياساپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتۇنچى خالىغان ۋاقىتتا تاماكا چېكىپ خۇمارىنى بېسىش مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ غاڭزا بىلەن تاماكا چەككەنلىكىگە قىزىقىپ قالغان بۇرادەرلىرىمۇ زور قىزىقىش بىلەن ئۇ كېلىپ بىر شوراپ كۆرسە، بۇ كېلىپ بىر شوراپ كۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارمۇ بارا - بارا تاماكىغا خۇمار بولۇپ قېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تاماكا چېكىش كېلىپ چىققانمىش.

www.uyghurkitap.com

## يىلان ۋە يىلاننىڭ پۇتى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، يىلاننىڭ پۇتى بولمىغاچقا سۆرۈلۈپ ماڭىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلاننىڭ تۆت پۇتى بولغانمىش. يىلان ئەسلىدە جەننەتنىڭ ئىشىكباقارى ئىكەنمىش. شەيتان لەئىن جەننەتتە ياشاۋاتقان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يىلاننى ئالداپ جەننەت ئىشىكىدىن كىرىۋالغانمىش ھەمدە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يېيىش مەنئى قىلىنغان بۇغداينى يېگۈزۈۋەتكەنمىش. شۇ سەۋەبلىك ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن قوغلانغانمىش. ئاللاتائالا يىلاننىڭ بىخەستەلىك قىلىپ، شەيتاننى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىغا دەرغەزەپ بولۇپ، يىلاننىڭ تېرىسىنى ئاغزىدىن باشلاپ بىر تارتقاندا، يىلاننىڭ تېرىسى سويۇلۇپ تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغانمىش. شۇنىڭ بىلەن يىلاننىڭ پۇتى ئىچى تەرەپتە قالغانمىش.

## بۇغداي ھەققىدىكى رىۋايەت

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن بايقىلىشىچە، ئەجدادلارنىڭ خېلى ئىلگىرىلا بۇغداي ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەلۇم. خەلقىمىز ئارىسىدا بۇغداي ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە شەيتان لەئىننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مەنئى قىلىنغان بۇغداينى يەپ قويۇپ، جەننەتتىن قوغلىنىپ، زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندە ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئۆزۈڭ خالاپ يېگەن نەرسەڭنى، ئۆزۈڭ ئۆستۈرۈپ يېگىن!› دەپ بۇغداينىمۇ بىللە چۈشۈرگەنمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەننەتتە يېيىلىدىغان بۇغداي بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چۈشۈرۈلگەن بۇغداينىڭ روشەن پەرقى بار ئىمىش، يەنى جەننەتتە يېيىلىدىغان بۇغداي بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چۈشۈرۈلگەن بۇغداينىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاپ كېتەرمىش. بىراق ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چۈشۈرۈلگەن بۇغداينىڭ بىرتەرىپىدە ئويمان سىزىقچە بار بولۇپ، جەننەتتە يېيىلىدىغان بۇغداي سىپسىلىق ئىمىش. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇغداينى تېرىپ ئۆستۈرۈپتۇ. بۇغداي ئەسلىدە قانچىلىك ئېگىز ئۆسۈشىدىن قەتئىينەزەر يەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان قىسمىدىن تارتىپ، ئۇچىغا قەدەر دان تۇتاتتىكەنمىش. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بالىسىنىڭ چوڭ تەرىتىنى پوشكال بىلەن سۈرتكەنمىش. ئاللاتائالا بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇغداينى تېگىدىن ئۈستىگە قاراپ سىيرىگەنمىش. شۇ ئەسنادا ئىت يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاللاتائالاغا: ‹بەندىلىرىڭگە خاپا بولۇپ بۇغداينىڭ ھەممىسىنى سىيرىۋەتسەڭ مەن نىمە يەرمەن؟!› دەپ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرغانمىش. ئاللاتائالامۇ ئىتنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن بۇغداينى سىيرىپ كەلگەن جايىدا توختىتىپ، ئىتقا: ‹ئۇنداق بولسا بۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ بولسۇن!› دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇغداي ساقلىنىپ قالغانمىش. ھازىر ئىنسانلار تېرىپ ئۆستۈرۈۋاتقان بۇغداي ئەسلىدە ئىتنىڭ نېسىۋىسى ئىكەنمىش.»

## يەر تەۋرەشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

يەر تەۋرەش — يەر شارى ئىچكى قىسمىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ يەر پوستىغا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل ئاپەت خاراكتېرلىك تەبىئىي ھادىسە. ئىلىم - پەن تەرەققىي

قىلمىغان دەۋرلەردە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەرنىڭ ئاستىدا بىر بۇقا بولۇپ، ئۇ يەرنى بىر مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرارمىش. مۇبادا يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۈڭگۈزى تېلىپ كەتسە، يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەرمىش. بۇقا يەرنى بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەش ئارىلىقىدا يەر تەۋرەش كېلىپ چىقارمىش.»

## سېغىزخان بىلەن يىلان ھەققىدىكى رىۋايەت

سېغىزخان بىلەن يىلان ئوتتۇرىسىدا قانداق ئورتاقلىق بارلىقى بىزگە نامەلۇم. ئەمما خەلقىمىز ئارىسىدا سېغىزخان بىلەن يىلان ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىققا ياتىدىغان مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلاننى ئۆلتۈرگەندە، ئۇنى چوقۇم يەتتە پارچە قىلىپ ھەربىر پارچىسىنى باشقا - باشقا ياقلارغا تاشلىۋېتىش كېرەكمىش. بولمىسا سېغىزخان پارچىلانغان يىلاننى تېرىپ كېلىپ ئۇلارمىش، ھەمدە مېھرىگىيانى تېپىپ كېلىپ ئۇلانغان يىلاننىڭ ئۈستىگە قويارمىش. شۇئان ئۆلگەن يىلان تىرىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى تېپىپ چاقارمىش. مۇبادا يىلان يەتتە پارچە قىلىپ تاشلانسا، سېغىزخان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ بولالماسمىش، ياكى ئۇلارنى تېپىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ جاي - جايىغا قويۇپ بولالماسمىش. ئەگەر يەتتىگە پارچىلانغان يىلاننىڭ بىرەر پارچىسى كېمىپ قالسا ياكى يەتتە پارچىسىنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ پارچىلىرى ئۆز جايىغا چۈشمەي قالسا، ئۈستىگە مېھرىگىيا قويۇلسىمۇ يىلان تىرىلەلمەسمىش.»

## ئادەملەرنىڭ كۆرگەن چۈشى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئادەملەر دائىم دېگۈدەك چۈش كۆرۈپ تۇرىدۇ. كۆرگەن چۈشلىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىدە ئىنتايىن ياخشى چۈشلەرنى كۆرسە، بەزىدە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ئىزدەنگەن ۋە تەبىر بېرىشكەندى. بۇنىڭغا ئا. ستەيىن تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان نۇسخا بىلەن ئا. لىكوك تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن تېپىلغان نۇسخىلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇسخىلار ئورقۇن - يېنسەي يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار①. بۇلاردىن باشقا يەنە خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «بىر يۇرتتا ئىككى دوست بولۇپ، ئۇلار سەيلە قىلىش ياكى تۇرمۇش تىرىكچىلىكى بىلەن ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايغا مېڭىشىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر جايغا كېلىپتۇ ھەم قورساقلىرىغا بىرەر نەرسە يەۋېلىپ، ئازراق ئاراملىرىنى ئېلىۋېلىپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ. ئازراق بىرنەرسە يېيىشكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى يېتىپ بىر ئازدىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئۇنى - بۇنى ئويلىغاچ، ئۇيقۇغا كەتكەن بۇرادىرىگە قاراپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇخلاۋاتقان بۇرادىرىنىڭ بۇرنىدىن يوغان بىر تال چىۋىننىڭ ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ روھى چىۋىن سىياقىغا كىرىپ، ئادەملەر ئۇخلاپ ئويغانغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇچۇپ ئايلىنىدىكەن. ئۇ ئۇچۇپ بارغان جايلار ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ چۈشىدە ئايان بولىدىكەن، دەپ ئاڭلىغانىمىش. شۇڭا ئاغىنىسىنى ئويغاتقۇەتمەي، ئاغىنىسىنىڭ بۇرنىدىن ئۇچۇپ چىققان

(داۋامى 131 - بەتتە)

① بۇنىڭ ئۈچۈن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىنىڭ 174 - بېتىگە قارالسۇن.

# بېيىت-قوشاقلار

رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال

## ئاسمانىڭدا ئاي بارمۇ؟

قورسىقىمنى ئاغرىتتى،
ئۇششۇك تەككەن ئامۇتا
بىزنىڭ ياردەك چىرايلىق،
بۇ ئالەمدە بامۇتا؟

مەن سېنى پانا تارتىپ،
ئايۋانىڭدا ياتايمۇ؟
ئونبەش كۈنلۈك ئالەمگە
سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ؟

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
تومۇچۇقنى سايراتتى.
يار ئۆتتى يامان ئىكەن،
يولغا نەچچە قاراتتى.

ئايۋانىڭدا مەن ياتىپ،
سارايىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

بۈگۈن ئايغا ئونبەش بولدى،
قۇياش پېتىپ كەچ بولدى.
يارىم كېتىپ يىراقلارغا،
كۆرۈشمەككە تەس بولدى.

ئاتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
لازا بارمىكىن كۆلدە؟
يارىم ئۆيدىن چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە؟

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتاردىم سۇ ئىچكىلى.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
قاناتىم يوقكەن ئۇچقىلى.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لە لمۇپلىپ چۆكمەيدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلارى،
لاۋىلدايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

قولۇڭدىكى ئالماڭنى
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
قاچانقىچە كەلمەيسەن،
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ؟

تومۇچۇقۇم سايرايدۇ،
نىگارىم ئوينىغان باغدا.
ئەزىز جانىم كۆيەدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

قىلۇۋدىن شامال كەلسە،
مەن يارىمنى سورايمەن.
كەلمەي قالدى، يوق دېسە،
تاڭ ئاتقۇچە يىغلايمەن.

ئاق ياغاچتا ئايۋانىڭ،
قارا ياغاچتا سارايىڭ.
نىمانچىزا كەلمەيسەن،
ئۆتتۈپ كەتتى قارايىڭ.

ئۆستەڭ ياقلاپ بېرىپ،
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتتىم.
سەن چۈشۈمگە كىرگەندە،
چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتىم.

گۈللۈك ئەتتىم گۈل باغقا،
ئۆستىگە گۈللەر تېرىپ.
سەن يارىمدىن ئايرىلغاچ،
ھەركۈنى كۆڭلۈم غېرىپ.

ئۇزۇلمەي ئاقسا سۇلار،
كۆلكە سۇ پاتماي قالار.
سەن ئۇچۇن ئاققان يېشىمدا،
قۇرۇغان دەريا تۇلار.

ئىشىك ئالدى ئېرىقچە،
پىلتىڭلايدۇ بېلىقچە.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
جېنىم قالدى تېرىقچە.

ئۆزۈمنى ئاتاي كۆلگە،
باش ئېلىپ كېتەي چۆلگە،
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

بۇگۇن ئايغا ئون يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

ئاخشمى قاراڭغۇدا
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ.
ناخشا ئېيتسام ئۇنۇم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى سېپىلگە سايىسى.
خوشمىغىنە يىراق ئىكەن،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

تال ئۈچى تالغا يېتەمدۇ،
تال ئۈچى تالدىن يىراق.
كۆڭلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.

تال ئۈچى تاللارغا يەتسە،
تال بۇدۇشقاقتىن يىراق.
بولسىمۇ ئۆيلەر يىراق،
ئۆچمىگەي ئەسلا يىراق.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

بىر چېكىم تاماكا سالدىم،
كۆز يېشىم بىلەن نەملەپ.
ئوتتۇر[...]غا چوغ سالدىم،
ئىككى قولۇم بىلەن پەملەپ.

ئالسىلا پات ئالسىلا،
خوش ئېيتىپ تالدى بىلەك.
كەلسىلە پات كەلسىلە،
چىدىماي قالدى يۈرەك.

تاماكىنى چەكسىلە،
ناۋات قوشۇپ چەكسىلە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟

ئۆگزەمگە قونىاق يايدىم،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
ئەمدى بىزدىن قاچمىسىلا.

ئاران تىزغان مارجاننى
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
ھەر ئىش قىلساق تەڭ قىلدۇق،
بىزدىن ئۇنچە قاچمىسىلا.

تاڭ سەھەردە باغىڭدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
سېنىڭ كەلگەن يولۇڭغا
كۈندە نەچچە قارايمەن.

ئۆتەر يولۇڭدا مەن تۇردۇم،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.
قارا كۆزۈم سېزىپ كەتتى،
سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ.

مەن تونۇرغا ئوتۇن سالسام،
ئىس چىقىدۇ، كۆيمەيدۇ.
مېنىڭ يارىم قارا كۆز،
سېغىنماپتۇ، كەلمەيدۇ.

باغ ئىچىگە ئۆي سالدىم،
شىپاڭلىرى كارامەت.
يىراقتىكى شۇ يارىم
خۇدايىمغا ئامانەت.

ئاش يايىمەن تاختىدا،
يوتقان ئەتتىم پاختىدا.
يار يولۇڭغا قارايمەن،
كېلىپ كەتكىن ۋاختىدا.

تالى مەجنۇن تال ئىگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ كۆڭلۈمنى ئالسۇن،
يا كۆڭۈل بەرسۇن ماڭا.

قىزىلگۈل تۈۋ[...]دە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمار[...] بولدۇم م[...]
قەلەندەر ئەگ[...]ى كەيمەي
ساراڭ دىۋانە بولدۇممەن.

گۈل ئۈزەي دەپ كەلگەنتىم
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كېلەر دەپ،
مەن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم.

ئاتچان يولى ئۇزۇن ساي،
ماڭسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
تاشلىۋەتكەن يارىمگە
ئەمدى ئىچىم ئاغرىيدۇ.

گۈل ئېچىلغان گۈل باغدا،
نادانكەنمىز ئۇ چاغدا.
چۈشەنمەي يار قەدرىنى،
بىز قالدۇق بۈگۈن داغدا.

ئەتىياز بولدى يەنە،
ئېچىلدى باغنىڭ گۈللىرى.
مەن بېرىپ شاخىغا قونسام،
سايرىشۇر بۇلبۇللىرى.

ئىشىك ئالدىڭ قۇم بولسا،
سەگۇ تېرەك ئۆسمەسمۇ؟
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
تاۋىڭ شۇنچە ئۆسمەمدۇ؟

قاغىلىقنىڭ بازارى
ئالما بىلەن ئانارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

تاڭ سەھەردە تاللىغان
دەستە گۈلۈم قولۇمدا.
كەلدىم ئېيتقان جايىڭغا،
ئىككى كۆزۈم يولۇڭدا.

قولۇڭدىكى ياغلىقتا
قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ كەل.
ناخشام بىلەن چالغىلى
دۇتارىڭنى تۈزۈپ كەل.

دۇتارىمنىڭ ئىشىكى
يار يىلىمدا يەملەگلىك.
يارنىڭ ئۆيىگە بارسام،
ناۋات چېيى دەملەگلىك.

يارىم چىقتى كۆل بېشىغا،
ياغلىق چىكىپ بېشىغا.
چۆگۈنگە سۇ ئۇسسىماي،
تولدۇرۇپتۇ كۆز يېشىغا.

بىزنىڭ ئۆيىنى سورىسىڭىز،
موغاللا دېگەن يەردە.
ھەر ئاخشام باراي دېسەم،
ئۆيىڭىز يامان يەردە.

گۈل تېرىدىم باغلارغا،
يارىم كېلىپ كۆرسۇن دەپ.
گۈللىرىم ئېچىلغاندا،
يارىم ئۆزى ئۈزسۇن دەپ.

سەھەر چىققان قۇياشتىن،
يارىم سېنى سورايمەن.
يار ئۆزى كېلەرمۇ دەپ،
يوللىرىڭغا قارايمەن.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
تۈۋىگە چۈشۈپ قاپتۇ.
قارا كۆز مېنىڭ يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

تال-تال ئۆسكەن تېرىكىم،
توپ-توپ ئۆسكەن تېرىكىم.
ئايۋاندىكى يارىمنى،
كۆرۈش ئىدى تىلىكىم.

قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ،
قورغاي كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن
بىر يالغۇز قارا قارغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنى سورىغان يارغا.

چوڭ بوغرا، كىچىك بوغرا،
يارنىڭ مىنگىنى يورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇرارمىز يولغا.

بارغىلى باردۇر خىيالىم،
يانغىلى يوق تاقىتىم.
يار مېنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى يوق قانىتىم.

كەلمىدى يار كەلمىدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى؟
ئېتىنىڭ ئاياغى سۇندى،
باھانە بولدى كەلمىدى.

ئېتىنىڭ ئاياغى سۇنسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى؟
يارنىڭ كۆڭلىدە بولسا،
بىر كېلىپ كۆرمەسمىدى.

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرەپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارىم ماڭغان كوچىلارغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەپ تاتلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز تىلى تاتلىق.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك ئاتارىم كېلىدۇ.
بېلىڭگە ئالما تۈگۈپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

زەيتۇنە تونىنى كىيىپ،
خەستە كۆڭلۈمگە ئوت سېلىپ.
نە ئېچىلغان غۇنچىدەك،
يۈزى ئاتارىم كېلىدۇ.

چوغلۇق گۈللىرى تاغدا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياندا.
بەشىنچى باھار ئايدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كەلسە قېشىغا.
گۈل قىلىپ قىستۇرالسا،
ئەزىز بېشىغا.

خويمۇ ماڭدىم بۇ يولدا،
لاچىن سوققان توشقاندەك.
كەچ كىرسە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.

ئەجەپمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇممەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

سەن قاچان كەلدىڭ ئىشىككە،
مەن بىلىپ ئاھ ئۇردۇم.
چىققىچە چارە تاپالماي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك.
خالىدا تېپىشقاندا،
ئويناپ كۈلگىلى ئەپلىك.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
قوغان يولىغا قاراپ.
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمدە قالغان بېشىمنى؛
كەتكىلى ئۇزاق بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

بۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جان ئىچىمگە پاتمايدۇ.

بىزنىڭ باغدىكى سۇلار،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەيناپتەك.

سېرىق سەيدىگە ئوخشاش،
سارغايدى چىرايلارىم.
مۇڭداشقىلى مەن بارسام،
قوغلايدۇ مالايلارىڭ.

خەت قىلىپ نامە ئېبەردىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
خالىدا ئۈزۈلۈك ئوقۇ،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

كېچە-كۈندۈز يىغلىماقتىن
ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى
كىم بېرىپ يەتكۈزۈر ساڭا.

جان ئۇكام، جېنىم ئۇكام،
بىر كۆرەركۈن بولارمۇ؟
قوينىڭىزغا قول سېلىپ،
بىر سۆيەر كۈن بولارمۇ؟

ئۇسما قويغان پەلكۈچۈك،
ياتۇر تامدا سانچىلىپ.
ھەر كۆرگەندە ئاھ ئۇرۇپ،
كەتتىم تولا يەنچىلىپ.

بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
تىكەن بار كىرەلمەيمەن.
بۇ ئالەمنى خوپ دەيسەن،
سېنىڭسىز يۈرەلمەيمەن.

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟
خويما سېغىندىم مەن سېنى.
سەن قايەرگەدە سېغىندىڭ؟
مەن يۈرەكىمدە سېنى.

كۆككىنە كەپتەرمىدىم،
كۈندە-كۈندە كەلگىلى؟!
ئايدا-يىلدا بىر كېلۈرمەن
ئاي يۈزۈڭدىن سۆيگىلى.

بېرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ
بولدى كۆزۈمگە توتىيا.

باللار ئۇيناۋاتامدۇ؟
بىز ئۇينىساق قاتامدۇ؟
ئالتۇن، قارا كۆز يارىم
مېنى ئۇيلاپ ياتامدۇ؟

قىز بالا دېگەن نەرسە،
قىزىل ئەتىلىنى كەيسە،
قارا قېشىغا قاراپ،
قىزىل مەڭزىگە سۆيسە.

نە خوش كۈندۈز بۇرادەرلەر،
كىشى جانانغا يەتسە.
چېكىپ جەبرۇ-جاپالارنى،
كۆزى مەستانىگە يەتسە.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
تاپسام ئېلىپ كېتەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتام ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
ئېيتقان سۆزلىرى ماقۇل.
بېرىپ ئېيتىڭ يارىمغا،
مەن يارىمغا ناما قۇل.

ئېگىز ئۆستەڭ بويىدا،
يار بىلەن ياتتىم يالىڭاچ.
قار بىلەن يامغۇر يېغىپتۇ،
كەل يارىم، كۆڭلۈڭنى ئاچ.

ئاھ يارىم، تاڭلا كېلىڭ،
تاڭلا تاڭ ئاتسا كېلىڭ.
ئۆزۈم ئايۋاندا ياتارمەن،
ئالملىق باغقا كېلىڭ.

قوغۇن تېرىدىم تۈزگە،
تېگى يازغا، تېگى كۆزگە.
سېنى ئارزۇلاپ تۇرسام،
چىقمايسەن تالا-تۈزگە.

قاپقىم تارتىدۇ مېنىڭ،
قەشقەردىن يارىم كېلۇر.
ئۆزى كەلمىسە يارىم،
خوش خەۋەر سۆزى كېلۇر.

يار ئىشىكدە تۇرسا،
چىن مودەن ئېچىلغاندەك.
يار بىلەن ياتارمەنمۇ؟
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك.

مېنى يارىم چىللايدۇ،
بارسام ئۆيىگە تىللايدۇ.
باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ماڭا بېقىپ يىغلايدۇ.

ئۇ قاتقا ئۆتەرمەن دەپ،
بۇ قاتتا قونۇپ قالدىم.
ئۈچ كۈندە بارارمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدىم.

يانچۇقۇمدا ئارغامچا،
ئۆزۈم قاتتىق ئالۋاڭچى.
قولۇمدا پۇلۇم يوقتۇر،
مەن يارىمغا يالغانچى.

ئىشكىگىدە ئانارگۈل،
ئات باغلاپتۇ ھەمراگۈل.
يار مەندىن يامانلايدۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

سۇ بولسا، سۆزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار،
يان قوشنا - يېقىن بولسا.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
كۈندە كۆرەرمەن دەپ.
ئۆمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

قېشىڭىزنىڭ قارىسىنى
قارا خەتكە ئوخشتاي.
ئەتە-ئاخشام كۆرمىسەم،
بويۇڭنى كىمگە ئوخشتاي؟

ئات بولسا يورغا بولسا،
توقۇلسا، مىنسە كىشى.
يارى بولسا ياندا بولسا،
ئوينىسا-كۈلسە كىشى.

سەن مېنى دوستۇم دېسەڭ،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

باغقا بوستان سالىمەن،
سايراپ ئۆتسەڭچۇ يارىم.
گۈل ھاراقى ئۇتتىمەن،
مەست بولۇپ ئۆتسەڭچۇ يارىم.

بوگۈن ئالتە كۈن بولدى،
مەن يارىمغا خۇمارى.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
كۆكرىكىدە تۇمارى.

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا.

كاككۇك ئاشىقى زېمىنەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

ئالتۇن بىلەن رەنالىنى
يارىمغا تۇتاي دەيمەن.
يار بولسا خېرىدارى،
بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.

يار ئارقىسىدىن باردىم
قورغاسىنىڭ مازارىغا.
يارىمدىن بىلەلمەيمەن،
باقارمۇ ئىنتىزارىمغا.

خومرىدەك قىلىپ گۇ-گۇ،
شەيىختەك قىلىپ ھۇ-ھۇ.
يىغلاپ يۈرۈپ ھەربىر سۇ،
يارىم رەھىم قىلسىچۇ!

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ،
بىر جىلۋە قىلارسەنمۇ؟
بىر كۆرۈپ كېلەي دېسەم،
خالىدا بولارسەنمۇ؟

ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

يالۋۇرۇپ ساڭا ھەرتۈن،
ياد ئېتىپ سېنى ھەركۈن.
باغرىمنى قىلىبان خۇن،
ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ؟

بارسام ئىشىكىڭگە يىغلاپ،
ئاچچىقىڭ كېلىپ قوغلاپ.
بىر قىسمەت كېلىپ خورلۇق،
دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ؟

يارىم ماڭا باقمايدۇ،
سېنەسىنى ياقمايدۇ.
مۇنداق بىۋاپا يارغا
بىھۇدە كۆيەرمەنمۇ؟

باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ،
چىرايىمنى رەت قىلدىڭ.
دەردىمگە داۋا تاپماي،
ئاخىرى ئۆلەرمەنمۇ؟

بىزلەرنى خاپا قىلدىڭ،
جېنىمغا جاپا قىلدىڭ.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
ئاۋارە بولارمەنمۇ؟

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
يار ئۆيۈڭگە جۈپ ساندۇق.
ئالتە ئاي بولدى كەلمىدىڭ.
نىم بولدىكى دەپ قالدۇق.

باغ ئىچىنى ئارىلاپ،
ساڭا تىزدىم گۈلدەستە.
مېنى ئۇتقا سېپ قويۇپ،
سەن يۈرەمسەن بىخەستە؟

كېتىپ باردۇ دەيدۇ،
قايتىشنىڭ كېپى يوقمۇ؟
تۈگەشتۈردۈڭ ئۆزۈن يىل،
ئۇيناشنىڭ ئېپى يوقمۇ؟

بېغىڭدىكى ئالماڭنى
سۇ قويماي قۇرۇتتۇڭمۇ؟
كېتىۋېلىپ يەكەندىن،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

كۈننى تۈنگە ئۇلايمەن،
چاق تۈۋىدە ئۇخلىماي.
يارىم مېنى رەنجىتتى،
ئايدا-يىلدا يوقلىماي.

كېتىپ بارغىن توشقاننىڭ
چاتقاللىق ئىكەن جايى.
پات-پات كەلسىلە يارىم،
مەنمۇ بارىمەن گاھى.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۆلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز بۇندا غېرىپلىقتا،
سۆيگەن يارىمىز قايدا؟

چۈش مەزگىلى باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈملۈكتە قارا كۆز،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئالما تىزدىم تەخسىگە،
ساناپ بېقىڭ جۈپمۇ-تاق.
دەردىڭىزدە يۈرۈيمەن،
بىركۈن كېسەل، بىركۈن ساق.

قاشلىرىڭنى ئۇينۇتۇپ،
يارىم مېنى كۈلدۈرمە.
ئايدا-يىلدا بىر كېلىپ،
پىراقىڭدا كۆيدۈرمە.

كېۋەزلىكنىڭ قېشىنى
بېسىۋالدى يۆگىمەچ،
كۆڭلۈم بىئارام بولدى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

كۆلچىكىڭدىن سۇ ئىچىپ،
بېغىڭدا ئانار بولسام.
ھىجران ئوتىدا كۆيسەم،
دەردىمگە داۋا بولساڭ.

كەپتەرلەر ئۇچۇپ بېرىپ،
دانلايدۇ تېرىقلىقتا.
قايتىپ كەلسىلە تېزراق،
مەن قالدىم غېرىپلىقتا.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ،
قوندى تېرەكنىڭ باشىغا.
ياقا يۇرتتا خار بولدۇم،
كېتەي يارنىڭ قاشىغا.

بۈگۈن ئاخشام ئايدىڭدا،
سۇ تۇتقىلى بارايمەن.
كۆرگۈم كەلسە يارىمنى،
ئاي - چولپانغا قارايمەن.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
قاشقا ئاتىنىڭ تۇمارى.
غىزا ئۆتمەس گېلىمدىن،
تۇتسا يارنىڭ خۇمارى.

ساسلىقتىكى ئۆردەكنى
ئوقيادا ئېتىۋاپلا.
ئاخشام چەكسەم ئىشىكنى،
گەپ قىلماي يېتىۋاپلا.

قوغۇنلۇقنىڭ تاختىسغا
تېرىپ قويدۇم سەۋزىنى.
يۈرۈكۈمدە ساقلايمەن،
سىز يارىمنىڭ لەۋزىنى.

تاشيول بىلەن ماڭغاندا،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
سەن يارىمنى خىيال قىپ،
ئۇيقۇم كەلمەي تاڭ ئاتتى.

ئاخۇنلۇقتا بارغۇچە،
باياۋاتتا قوندۇق بىز.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
بوستان چاچلىق قارا كۆز.

ئەشمە دېگەن گۈزەل يۇرت،
تۇتاش كەتكەن ساپ باغلار.
يادىڭىزدا بارمىدۇ
بىللە ئۆينىغان چاغلار؟

ئاي بويۇڭغا چىققاندا،
ملتىقمىنى ئوقلايمەن.
شۇ چىرايلىق يارىمنى
كۆندە بېرىپ يوقلايمەن.

سېغىنىپ تۇرالمايمەن،
جان-جىگەر، نىگارىمنى.
ئاغرىمدۇ ئىچىڭ يارىم،
كۆرگەندە چىرايىمنى.

بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
تاغ باشىدىكى قاردىن.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كۆڭلۈم خوش مېنىڭ ياردىن.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارنىڭ ئېيتىنى ئاڭلاپ
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

ئالما ئاتتىم تېرەككە،
يېنىپ چۈشتى بۆلەككە.
بېرىپ ئېيتىڭ يارىمگە،
مەلھەم سالسۇن يۈرەككە.

بۇلبۇل قونمىغان تېرەك،
سويما سالمىغان بېلەك.
ئون تۆت ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

هاۋادىكى لاچىنلار،
يارىمغا سالام دەڭلار.
مېنى سورىسا يارىم،
يۈرۈپتۇ ئامان دەڭلار.

يار يالغۇز ياتارمىكىن،
مەن بارسام قارامدىكىن؟
خويمۇ تولا سېغىندىم،
كۆڭلۈمنى ئالامدىكىن؟

ئالتۇن قەپىزىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى
يۈرەككە ياقاي دەيمەن.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر ئايلىق.
يۈرەر ئىكەن قايەردە
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئەجەپ ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بويىنىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

يارىم نەدە ياتقاندۇ؟
بىلىكە چالما پاتقاندۇ.
مەن يادىغا يەتكەندە،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقاندۇ؟

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ ئەجەپ تاتلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز تىلى تاتلىق.

ئىشىك كەينىدە تۇرۇپ،
يۇچۇقىدىن قارايدۇ.
قولۇم-قوشنىسى دۈشمەن،
كۆندە كېلىپ مارايدۇ.

ئالما ئاتقۇم كېلىدۇ،
بېھى ئاتقۇم كېلىدۇ.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىللە ياتقۇم كېلىدۇ.

قاشلىرىڭدۇر قاپقارا،
كىرپىكلىرىڭ زىر-زىۋەر.
مەن ئۇتۇڭدا كۆيىمەن،
سەن يۈرۈيسەن بىخەۋەر.

ئاتۇشۇڭغا بارغۇچە،
چەكمەنىڭدە سايە ئەتتىم.
سايىسىدا ئۆزەم ياتىپ،
سەن يارىمنى ياد ئەتتىم.

تومۇچۇقۇم سايرايدۇ،
يارىم ئۆينىغان باغدا.
جانۇ-جانىم كۆيەدۇر،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

سايرىمايدۇ ئەجەپمۇ،
باغلار ئارا سېغىزخان.
سەن ئۇ يەردە ياد قىلساڭ،
مەن بۇ يەردە سېغىنغان.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغامدىكىن قار بولۇپ؟
ئەجەپ سېغىندىم يارنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولغان.

يارنىڭ ئۆيى يىراقتا،
كۆيدۈم ئوتى-پىراقتا.
سۇرىتىگە قارايمەن،
كۈندۈزى ھەم چىراقتا.

سۇ كېلەر قاش ئۈستىدە،
دۈملاي تاش ئۈستىدە.
يار مېنىڭ يارىمغا چۈشسە،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

ئاق توشقان، قارا توشقان،
جاڭگال ئۇنىڭ ماكانى.
پات-پات كەلسىلا يارىم،
بىزمۇ بارىمىز گاھى.

چىنىدە شاراپ بولسا،
تەخسىدە كاۋاپ بولسا،
مەن تولا ئۆكۈنمەيتتىم،
يارىمدىن جاۋاب بولسا.

يار كەتتى ئارا ئايدا،
كەلمەيدۇ قارايىدا.
يار كەلگىچە ئوينايمەن،
سېپ قويغان سارايىدا.

ئۆزۈن سايدا ماڭغىچە،
ناخشا ئېيتتىم تاڭغىچە.
يار مەلەڭگە چىقمامسەن،
كۆرۈۋالاي قانغىچە.

قورمال تاغنىڭ باشىدا،
بىر گۈمبەز بار قاشىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سۆيگەن يارنىڭ قاشىدا.

يارىم سۇغا چىقىپتۇ،
چېلەك بىلەن چۆگۈندا.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز،
نامازشامدا، گۈگۈمدا.

كېلەرمىكىن يارىم دەپ،
تۈننى تەڭ قىلىپ ياتتىم.
سەن ئۆيۈڭدە ئۇخلساڭ،
بار دەردىڭنى مەن تارتتىم.

www.uyghurkitap.com

هويلاڭ ئاق بولۇپ قاپتۇ،
ئەشتەكتە كۈلۈك يوقمۇ؟
شەرەت قىلسام بىلمەيسەن،
كېلىشكە يولۇڭ يوقمۇ؟

كۆيۈپ قالدىم بىر قىزغا،
سومبۇل چېچى قۇندۇزغا.
ئاخشاملىققا كەل يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

ئارپىلىقتا ئوتلايدۇ،
ئىگەر بىلەن ئارغىماق.
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

تاغدىن كەلگەن شامالدىن،
مەن يارىمنى سورايمەن.
يارىمنى كېلەرمۇ دەپ،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

باغدا ئەجەپ سايرىدى،
كاككۇك بىلەن سىغىزخان.
يۈرىكىمنى تۇتۇپ باق،
مەنمۇ شۇنداق سىغىنغان.

بۈگۈن ياندىم چارادىن،
يار قاشىغا باراي دەپ.
باقماس يارىم هېچ ماڭا،
يار كۆڭلىنى ئالاي دەپ.

كېچە-كۈندۈز يىغلىماقلىق،
بولدىلەر مېنىڭ ئىشىم.
كۈنجى دەريا سۈيىدەك،
ئاقىدۇ قانلىق يېشىم.

كېچە-كۈندۈز يىغلايدىمەن،
سېنى بىردەم ئۇنتۇماي.
قىشىڭغا باراي دېسەم،
ئىش چىقىدۇ توختىماي.

ياراتقان شۇ خۇدايىم،
بىجا قىلسا تىلەكنى.
ئاشنا قىلىپ ئۇتمايمەن،
تورغاي سەندىن بۆلەكنى،
سەن يادىمغا كەلگەندە،
قىستاپ قويدۇم يېمەكنى.

سۆيۈۋالدىم دالىدا،
قاپاق تېرەك ئالدىدا.
دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ،
سېنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا.

ئىچىم بار ئىگەرىم يوق،
بوينۇمدا تۇمارىم يوق.
يەر - ئاسمان گۇۋاھ بولسۇن،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئىچىم بار ئىگەرىم يوق،
يۈرەكىم بار، جىگەرىم يوق.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
يالغۇزمەن كۆمەرىم يوق.

ئىچىم بار ئىگەرىم يوق،
پۇتام بار كەمەرىم يوق.
سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
كېتەشىم بار، كېلەرىم يوق.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى خىللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
هويلىڭىزغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىز ئاراسىدىن،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە،
ئۆلاي كەكلىك سايرايدۇ.
ئۇيناي دېمىسەم يار تولا،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

ئايمىدۇ، ئايلامدۇ؟
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇ؟
سەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈرىكىم پايلامدۇ؟

خوشقىنا ياراشىپتۇ،
پىشايۋاننىڭ تۆۋرۈكى.
ئاخىرەتكە باقۇن،
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى.

ئەترە كۆمدۈم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى،
يارنى سۆيگەندە چىقار.

ئەترە كۆمدۈم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
ئىككىمىزنىڭ كۆيگىنى
جاننى ئالغاندا چىقار.

ئاتچاندىكى تاغلارنىڭ
باغرى تېرىم ئەمەسمۇ؟
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
كۆڭلۈم يېرىم ئەمەسمۇ؟

تولا چىقماڭ ئۆگزەمگە،
ئۆگزەم چۈۋۈق ئەمەسمۇ؟
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
كۆڭلۈم سۇنۇق ئەمەسمۇ؟

باغدا بىرگۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئول خۇدانىڭ قۇدرىتى
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى.

بارسىلا بىرگە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

قاغا قونمىغان تېرەك،
سويما چۈشمىگەن پىلەك.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

يەم بېرىپ كەپتەر باقتىم،
ئاق توقام، قىزىل توقام.
شول يارىمدىن ئايرىلدىم،
قانداق كېلىدۇ ئۇيقام؟

شۇنداق بولارمىز دەممۇدۇك،
ئايرىلارمىز دەممۇدۇك؟
كۈنۈ - تۈن ھەسرەت چېكىپ،
يىغلاپ يۈرەرمىز دەممۇدۇك؟

ئايدىن ئايرىلالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە.

قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە،
رەنجىگەنمىدىڭ مەندىن.
ئىشەنچىم ساڭا كامىل،
ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن.

ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن،
ۋەدىسىدە تۇرار يار دەپ.
باشقىغا كۆز سالمىدىم،
ئامرىقىم سېنى بار دەپ.

ئامرىقىم سىنى بار دەپ،
ھېرىپ مەلەڭدە ئوينايمەن.
مەلەڭدە كۆرۈنمىسەڭ،
تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن.

تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن،
چۇشۇمگە كىرەر يار دەپ.
ئۇمىدنى ئۈزەلمەيمەن،
ۋەدىسىدە تۇرار يار دەپ.

ئاللا، ئاللا ئاللادۇر،
جاننى خۇدا ئالادۇر.
خۇدا ئالمىغان جاننى،
دۇشمەن قانداق ئالادۇر.

ئاللا، ئاللا ئاللايا،
چىن تەخسىدە غىزايا.
سىزنى بىزگە، بىزنى سىزگە
تونۇشتۇرغان خۇدايا.

ئېتىم جەدە-ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرىقى يەدە.
ئوينىغىلى قويمىسلا،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

قاشىڭىنىڭ قاراسىگە،
ئوسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگۈنۈڭ يالغان.

بېشىڭدىكى دوپپاڭىنىڭ
گۈلى قانچە ساناپ باق.
راست كۆيەمسەن - يالغانمۇ؟
يۈرىكىڭنى سىيلاپ باق.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
تەرگىلى تېرىقمىدى؟
ساڭا كۆيمىگەن چاغدا،
چىرايىم سېرىقمىدى؟

ناخشا بىلەن نەي كەلسە،
ئۇنۇمىدىن تۇتارسەنمۇ؟
مەن ئوتۇڭدا كۈل بولسام،
تاشلاشقا چىدارسەنمۇ؟

ئىشىك ئالدى كۆتەرمە،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمە؟
ئوتلىرى يامان يارىنىڭ،
تاشلاپ قانداق كېتەرمە.

بالدۇر تىككەن كۆچەتتىن
كېيىنكىسى پەست ئىكەن.
بۇ جاھاندا يار تۇتۇپ،
ئىشەنمەكمۇ تەست ئىكەن.

ھويلامدىكى كۆلچەككە،
شال پەيدا بولۇپ قالدى.
قاراپ باقسام يار ساڭا،
ھال پەيدا بولۇپ قالدى.

باشىڭدىكى دوپپاڭىنىڭ
گۈلى ئەجەپ ئازادە.
مەن سېنى ياۋاش دېسەم،
كۆڭلەيسەن ھارامزادە.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
سەندىن ئايرىلارمەنمۇ؟
دۇشمەنىنىڭ گېپى بىلەن.

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن يارىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

ئورما ئورغىلى چىقسام،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىڭغا ماڭغاندا،
دۇشمەن توستى يولۇمنى.

سېنىڭ بىلەن گۈل تېرىپ،
غۇنچىدەك ئېچىلسامىمەن.
يۈرىكىمدە ئارمان يوق،
ناخشاڭغا قېتىلسامىمەن.

باغقا كىرىپ ياندىشىپ،
ناخشا ئېيتىلى يارىم.
دوست-دۇشمەنىنىڭ ئالدىدا،
مۇرادقا يېتىلي يارىم.

باغىڭدىكى جىنەستىگە
نەشپۈتنى ئۇلاي يارىم.
راۋاپ چېلىپ، مەن سېنى
ناخشامغا قوشاي يارىم.

ئالمىنى ئاتتىم ساڭا،
شاخى يوق بادامى دەپ.
سەن مېنى ياراتمايسەن،
ئەقلى يوق نادانى دەپ.

ئەقلىمنىڭ يوقلىقىدىن،
يارى بولدۇم مەن ساڭا.
تەغدىرىم شۇنداقمىكىن،
خارى بولدۇم مەن ساڭا.

قاندۇرۇپ بىر سۆيسىڭىز،
نېمە بولار ئەي يارىيار.
مەيدىڭىزدە جۈپ ئانار،
مەن غېرىپ قاچان قانار.

ئۇل ئانارنى بەرسىڭىز،
ئاندىن ئوت مەندىن يانار.
مېھرىڭىزگە چېلىشىپ،
يۈرىكىم شۇندا قانار.

ئويتوغراق بازارىغا،
ئون تاغاردا قاق كىردى.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
چاچ - ساقالغا ئاق كىردى.

ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
ئالتاي بولدى كۆيگىلى،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

يارنى ئۆيگە باشلىدىم،
بويىغا نەزەر تاشلىدىم.
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي،
كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

ئاقتامىغا كۈزلۈكتە
تېرىدىم قارا ماشنى.
كېچىسى ئۇخلاپ يېتىپ،
چۈشۈدۈم قارا قاشنى.

پالتا سالدىم تېرەككە،
ئۇنى كەتتى سېيەككە.
ئالتاي بولدى كۆيەككە،
دىز كەتمەمدۇ يۈرەككە.

يېشىل ساينى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان.
ئايغا ئوخشاش گۈزەل يار،
قەلبىم ساڭا تويمىغان.

باغقا كىرمەڭ ئانام بار،
گۈلنى ئۈزمەڭ دادام بار.
ئامرىقىم قەلەمقاشتىن
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

يارنىڭ كۆڭلى بەك خاپا،
مۇڭداشمىسام ئېچىلماس.
يار-ئىككىمىز بىر بولساق،
يۈرىكىمىز ئېچىلماس.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆكەپ قاپتۇ يېمەستە.
سۆيۈۋالدىم يارىمنى،
دۈشمەنلىرىم كۆرمەستە.

شۇۋۇل يولى قۇمۇشلۇق،
تېخى ئورغاق تەككەن يوق.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئىشكايلاڭدىن تولا ئۆتتۈم،
گۈل زارالىغا تەرگىلى.
گۈل زارالىغا بانا بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

يار تىككەن چىمەن دوپپا،
كېچە-كۈندۈز باشىمدا.
ئاق يىلاندەك تولغىنىپ،
يار ياتىدۇ قاشىمدا.

بېغىمدىكى قوناقنى
ئازنا بېرىپ تاقلايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كىر قوندۇرماي ساقلايمەن.

بېغىمغا كىرىپ باقسام،
قىزىل ئالما پىشىپتۇ.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

باغدا قىزىل ئەترەڭ بار،
ئۈزەي دېسەم ھەدەڭ بار.
ئۈنتۈپ قالما جانانىم،
باشتا قىلغان ۋەدەڭ بار.

ئاخشامقى بۇ چاغدا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقتا.
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۈر،
مۇھەببەت پىچاقىدا.

ئۆيۈمدىكى ئوغلۇمنى
ئوقۇتۇپ قارىم قىلاي.
سەن گۈزەل قەلەم قاشنى
بىر ئۆمۈر يارىم قىلاي.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
قىزىل گۈلۈم سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كۆرگەنىمدەك كۆزۈمدىن.

يۈرەك باغرىم قانمايدۇ،
شوراپ سۆيسەم لىۋىڭنى.
ئالدانمىغىن ئۆزگىگە،
تېپىپ ئوينا خىلىڭنى.

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا
تۆكەلمىدىم دارىمنى.
يۈرەكلەر كۆيۈپ كەتتى،
سۆيەلمىدىم يارىمنى.

ئاتۇشۇڭغا بارغاندا،
ساڭا مانتۇ ئەپ بېرەي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

ئاچىلغۇچە قىزىلگۈل،
غۇنچىسىنى قىسساڭچۇ.
مەن سەپەردىن يانغۇچە،
تاقەت قىلىپ كۈتسەڭچۇ.

لەڭگەر سېپى ئۇزۇن ساي،
مىنەي دېسەم ئېتىم تاي.
بىرىيىل دېگەن ئون ئىككى ئاي،
ئەمدى مەن قانداق چىداي.

مەن كەينىڭدىن قارايمەن،
قاراپ كۆزۈم تالغىچە.
راست گەپ قىلساڭ بولمامدۇ،
مېنى دەردتكە سالغۇچە.

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
بۇ شەھەردە تۇرغۇم يوق.

ھاۋادىكى بۇلۇتتا
لاچىن، كەپتەر ئوينايدۇ.
ساڭا كۆيگەن يۈرەكتە،
چۆگۈن قويسا قاينايدۇ.

سۇغا كەتكەن يارىمنى
ساقلاپ تۇراي يانغۇچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى
سۆيۈۋالاي قانغۇچە.

نەشپۈت بەرگەن كىشىنى،
ئالما بەرگەن دەرمەنمۇ؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ؟

ئۆينىڭ ئارقىسى تاشلىق،
ئامباردا تولا ئاشلىق.
كىلىك يارىم ئوينايلى،
بىكار ئۆتمىسۇن ياشلىق.

سېرىق ساندۇق سىرىمەن،
سىرچىلىقنىڭ پىرىمەن.
بىز ئىككىمىز بىر جۈپ گۈل،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.
تىلىڭىز شىكەر ئىكەن،
سۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.

ئاق سېكىلەك يامان ئىكەن،
توم زەنجىردە باغلاپ قوي.
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

ھاۋادىكى لاچىننى
تور سېلىپ تۇتاي دەيمەن.
يىراقتىكى يارىمنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتاي دەيمەن.

ئامرىقىم دەيمۇ سېنى،
سۆيۈملۈكىم دەيمۇ سېنى؟
ئۆيدە باققان پاقلىنىمدەك
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى.

چىرىپ كەتكەن ساماننى
ئاتقا بەرگىلى بولماس.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى
ياتقا بەرگىلى بولماس.

كېتىپ بارسەن يولدا،
شايى چاپىنىڭ قولدا.
ئارقاڭدىن باراي دېسەم،
نامەھرەم بولار يولدا.

ئۆستەڭ قېشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
ئاچ قويۇنۇڭنى قەلەم قاش.

سەن مېنى يار تۇتمساڭ،
دۇنيادىن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي.

مەن مەشرەپكە بارمايمەن،
بارسام سەھنەڭ تار كېلۇر.
بۇگۈن ئۆيدىن چىقمايمەن،
مېھرىبانىم يار كېلۇر.

ئالما ئىزدەپ يۈرگىچە،
ئانارىڭنى يېسەڭچۇ.
بىركىم ساڭا كەپ قىلسا،
سۆيگىنىم بار دېسەڭچۇ.

باغ ئۈچۈن يازىڭ بولاي،
بۇلبۇلغا ئەندازىڭ بولاي.
خالساڭ خۇمار كۆزۈم،
بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي.

ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
گۇۋاھچىسى كۆزىڭىز.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئايرىلماستىن ئىككىمىز.

ئۈستەڭ بويى تاشلىقكەن،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
سۆيەمەي دېسەم ياشلىقكەن،
خاپىلىقتا باش قاتتى.

مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ،
يۈرىكىم قانغا تولۇپ.
سەن يارىمنى سېغىنسام،
يىغلايمەن ساراڭ بولۇپ.

سىلكىنىپ چىمەنگە چۈشتۈم،
ئەي نىگارىم قايدا سەن؟
سارغىيىپ سامان بولدۇم،
ساق-سالامەت بارمۇ سەن؟

بارغۇچىدىن ئاڭلىسام،
كەلمىگىدەك يارىم مېنىڭ.
نەدە بولسا ئامان بولغاي،
ئۆلمىسۇن يارىم مېنىڭ.

ئويۇنىمۇ ئوينىسۇن،
ھەريەردە بىردەم ئوينىسۇن.
كۆڭلىنى دىۋانە ئەيلەپ،
ئۆزگە يارنى تۇتمىسۇن.

ئەجەپ ئوخشاپتۇ بۇ بوغداي،
كۆرۈنگەن خامانمىدۇر؟
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
يارغىنەم ئامانمىدۇر؟

بىركۆرۈپ پەرۋانە بولدۇم،
ئاھۇ يارىم قايداسەن؟
سارغىيىپ سامانچە بولدۇم،
ئايجامالىم بارمۇ سەن؟

ساچىم مېنىڭ ئىككى تال،
ھەركۈنى تارالمايمەن.
ئارىمىز يىراق بولغاچ،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.

تاغدا تېرىدىم تاۋۇز،
خىيال قىلمەن يالغۇز.
يار يارىمغا يەتكەندە،
خويما بولىمەن مازۇز.

يەنە ئاللاھۇ دېسەم،
كەلمەس كۆزۈمنىڭ ئۇيقىسى.
ئۇيقۇنى كەلتۈرمىگەن،
ئەشۇ يارلار سەۋداسى.

پىچاق، چاقماق ئاسمايمەن،
چاقماق بىلەن نە ئىشىم.
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولىدۇ يېشىم.

كېچىلەپ ئۆتۈپ كەتتى،
بەش هارۋىدا يولغۇنچى.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
مېنىڭ يارىم گۈل غۇنچى.

مەن باراي يوللار قاراڭغۇ،
جۇپ چىراغ ئاندا كېرەك.
يارغىنەم يالغۇز ياتامدۇ؟
يارغىمۇ ھەمراھ كېرەك.

كېچە كەلدىم شۇ داۋانغا،
سەرۋە بويلۇق كەلمىدى.
سەرۋە بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

سەن قاچان تۇرنۇڭكە كەلدىڭ،
مەن قاچان ئۇن بەرمىدىم؟
سەن كىرەلمەي، مەن چىقالماي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

مەن ئۆزۈم پېقىر ئاجىز،
ئانار باغىدىن ئۆتەلمەيمەن.
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

گۈلنى مەن گۈلۈم دەيمەن،
گۈلنى مەن ئۈزەلمەيمەن.
ئارىمىز يىراق ئۈچۈن،
يارنى ھېچ كۆرەلمەيمەن.

كۆكيار كاندىن ئەپكەلدۇق
قالايدىغان كۆمۈرنى.
يارنى كۆرمەي ئۆتكۆزدۇق،
ئون بەش كۈنلۈك ئۆمۈرنى.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ،
كۆز يېشىنى قۇرۇتتۇڭمۇ؟
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتۇڭمۇ؟

كۆتەرمەنمۇ، كۆتەرمەنمۇ،
شۇنچىمۇ كۆتەرمەنمۇ؟
كۆيۈپ قالغان يارىمنى
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ؟

ئوڭ يېنىمدا ئاي ماڭار،
سول يېنىمدا كۈن ماڭار.
ئايغا باقسام كۈن قالار،
نە خىجالەت، نە ئازار؟

يىراق يەردىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
بىزنىڭ يارغا ئۈچ بۇرجەك
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

كەل دېگەندە كەلمىدى،
جانانە قاشىمغا مېنىڭ.
نى ئالامەت تاغلىرى،
سېرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

قوراي تېغى ئېگىز تاغ،
سېرىلەيمۇ دېمەيدۇ.
باغرى قاتتىق شۇ يارلار،
سېغىنايمۇ دېمەيدۇ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
بىز ياتمىدۇق ئۆيلەردە.
بىزنىڭ ياردىن خەت كەلسە،
خوش بولىمىز چۆللەردە.

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيىنىشى،
قۇراي تېغىنىڭ بېشى.
قولىدا تاۋار ياغلىق،
قۇرىمايدۇ كۆز يېشى.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ،
تۇرسام كۆڭۈل قايان بارۇر؟
كۈندۈز ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم سارغىيۇر.

سەن مېنىڭ يارىم ئىدىڭ،
ئەجەپ سەندىن ئايرىلدىم.
جۇدالىق يامان ئىكەن،
يارىم سېنى سېغىندىم.

سارغىيىپتۇ - سارغىيىپتۇ،
شۇ يارنىڭ دەردى بار.
دەردى بولماي سارغىيامدۇ،
يىراققا كەتكەن يارى بار.

تام تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك ئوتى چوغۇم بار.
ئايدا-يىلدا بىر كەلسەڭ،
ساڭا سوئال قويغۇم بار.

ئايمىدۇر-ئايلامىدۇر،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇر؟
يار يىراقتىن كەلگىچە،
ئاققان يېشىم دەريامىدۇر؟

قاپقارا قاشلىق يارىم،
بولدى ساڭا ھالىم خاراپ.
كېچىلەپ ياتالمادىم،
تاڭ ئاتقۇچە ۋاسا ساناپ.

كېچە يارنى چۈش، كۆرۈپ،
كۈندۈزلىرى مازۇزمەن.
چىللىساڭ باراي قېشىڭغا،
خېنىم تەنھا يالغۇزمەن.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغارمىكىن قار بولۇپ.
ئەجەپمۇ سېغىندىم يار،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

كېتىپ بارغان ئايلامنى،
شەرەت بىلەن توختاتتىم.
بېشىدىكى شايىدىن،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشاتتىم.

تاللىرىنىڭ سايىسى
چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا.
يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كۆزۈم كېتىپتۇ ئۇيقىغا.

بېغىنىڭ ئىچىگە كىرسەم،
ئېچىلىپتۇ رەيھانگۈل.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئۆرتىنىدۇ بۇ كۆڭۈل.

ئىتىم ئوتلاقتا ئوتلاپتۇ،
يارىم قايدا ئويناپدۇ؟
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچىمدە ئوت قاينايدۇ.

سۇ بېشى سىڭگىم ئاياغ،
ئاستانە يول خانىسى.
قومۇلدا بىر يارىم بار،
كىچىككىنە قورغوي بالىسى.

سۇ بېشى سىڭگىمگىچە،
ئاستانە، تۇيۇقىچە،
ئاۋۋال ئاخشام بېرىۋىدىم،
ياتمىدى تاڭ ئاتقۇچە.

سەنمۇ ئوقۇدۇڭ نەۋائى،
مەنمۇ ئوقۇدۇم نەۋائى.
يارىمخانىنى بىر سۆيسەم،
يۈرىكىمنىڭ داۋايى.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا،
بىر توپ ئۈزۈم، بىرساپ ئۈزۈم.
ئەتە ئاخشام كېلىمەن دەپ،
كېلەلمىگەن قارا كۆزۈم.

تال دەپتىمەن-تال دەپتىمەن،
سۆگەت ئىكەنغۇ.
تاسقاپ قويغان ئوت دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنغۇ.
يارنى ئەجەپ تاشلاپتىمەن،
كېرەك ئىكەنغۇ.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى بېدە،
نانىنىڭ ياخشىسى كىردە.
سىز يارىمنى ياد ئەتسەم،
يۈرەكنىڭ يارىسى زىبدە.

سەككىز يەرگە ئۆي سالدىم،
تۆت تەرىپى تام بىلەن.
يارىم بىلەن كۆرۈشتۇق،
شەنبە كۈنى شام بىلەن.

قاغىلايۇ-قارغىلار،
راۋاقتا قونغان قاغىلار.
خوشقىنا يوقلاندىلەر،
يىراققا كەتكەن يارىلەر.

ئارقا تاغنى مۇز دەيدۇ،
مەن بارغىچە مۇز قالماس.
يىراقتىكى شۇ يارنىڭ
يۈرىكىدە سۆز قالماس.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالغانمىكىن باشتىن.
ئالتە ئاي بولدى خەۋەر يوق،
ئۆز يارىم، قەلەم قاشتىن.

پەرەڭ ياغلىق ئارىسىدا
قاش-كۆزۈڭ كۆرۈنمەيدۇ.
سەن كەلسەڭ كۈلۈپ يوقلاپ،
غېرىبلىق بىلىنمەيدۇ.

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
ياندا ئولتۇرماسمىدى؟
تەلمۈرۈپ قاراپ قويۇپ،
دىلنى خوش قىلماسمىدى؟

باغقا كىرىپ گۈل ئۈزسەم،
گۈل سۈيى گۈلگە تامار.
يۈرىكىمنىڭ تەشناسى
يارنى سۆيگەندە قانار.

پۇتۇمدىكى ئاياغنى
قارا مايدا مايلايمەن.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارىمنى ئويلايمەن.

چاچلىرىمنى چۇۋۇيمەن،
تارايمەن، ئۆرەلمەيمەن.
يارىم چۈشۈمدە بىللە،
ئويغانسام كۆرەلمەيمەن.

قىزىل گۈلنى بىر تۇتاي،
پۇتقىدىن چىڭ تۇتاي.
قىزىل گۈلدەك يارىمنى
قانداق قىلىپ ئۇنۇتاي.

ئىشىك ئالدىدا تاختا كۆۋرۈك،
ئۆتمىكى بىر قىلچە بار.
مەن يارىمنى كۆرمىسەم،
بىركۈنۈم مىڭ يىلچە بار.

باغىدىكى گۈلۈگىنى
قانداق شامال قايرىيدۇ؟
خۇدا قوشقان يارىمنى
قانداق دۈشمەن ئايرىيدۇ.

ئاسماندىن ئاي چۈشتى،
پارە بولاي دەپ.
باغۇ-گۈللۈكتە ماڭا
ھەمراھ بولاي دەپ.

باغۇ-گۈلنىڭ غۇنچىسى،
ئۆزۈڭ ئاداشىم.
سەن بولغاچقا ھەمراھىم،
ھاۋادا باشىم.

ئېتىلىپ كەتكەن لېۋىمگە
سۆيەي دېمەيسىز.
مەن سىزنى بەك سېغىندىم،
كېلەي دېمەيسىز.

قولنى قولغا ئۆتكۈزۈپ،
يۈرەي دېمەيسىز.
يۈرەكىمنى بىر چاغلاپ،
كۆرەي دېمەيسىز.

ئاسماندىكى پەرىشتە،
ئات مىنىپتۇ يۈرۈشتە.
يارىم بەرگەن ئۈزۈكنىڭ
بېغى ئالتۇن-كۈمۈشتە.

ئوق ئىدى يا، ئوق ئىدى،
ساندۇقتا ئوقۇم جىق ئىدى.
سەن يارغا يولۇققاندا،
ساقال-بۇرۇتۇم يوق ئىدى.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
چاڭچى بىلەن دۇمباقچى.
ئۇخلاپ قالماي ئويغاق يات،
تاڭ سەھەردە بارماقچى.

ئوقەت قىلمىدىڭ دەيسەن،
قانداق قىلمەن ئوقەت.
يار يادىمغا يەتكەندە،
تەندە قالمىدى تاقەت.

ئاي دېسەم ئايدىن چىرايلىق،
يۈزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.
جان دېسەم جاندىنمۇ تاتلىق،
سۆزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.

تاللىرىنىڭ سايىسى
چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا.
يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
كۆزۈم كېتىپتۇ ئويىقىغا.

باغدىكى بولجا تېرەك،
بەلگىسى يەمەكچى بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
بەللىرى چەينەكچى بار.

تۈزلۈق سۇنى كۆپ ئىچىپ،
ئېغىز بېشىم شور بولدى.
تولا قاراپ يولۇڭغا،
قارا كۆزۈم كور بولدى.

تومۇچۇقۇم سايرايدۇ،
شاخقا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
يارنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرۇپ.

يارنىڭ كۆڭلى بەك خاپا،
مۇڭداشمىسام ئېچىلماس.
يار ئىككىمىز بىر بولساق،
يۈرىكىمىز ئېتىلماس.

گۈل ئىشقىغا كىرمىسە،
بۇلبۇل كېلىپ سايرايدۇ؟
دەردى بولمىسا يارنىڭ،
باغقا كېلىپ مارامدۇ؟

ئايۋىنىڭنى بىلمەيمەن،
سارايىڭغا كىرمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم؟
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

ئايۋىنىڭدا جۇپ ساندۇق،
سارايىڭدا جۇپ ساندۇق.
ئالتاي بولدى خېتىڭ يوق،
نېمە بولغاندۇ دەپ قالدۇق.

ئالمىنىڭ شاخى تولا،
ئىگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ ۋەدىسى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.

دەريا تولۇپ ئېقىپتۇ،
بېلىق بولۇپ ئۈزگىدەك.
يارىمدىن خەۋەر كەلدى،
يۈرىكىم يېرىلغۇدەك.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
كېلىپ ئاينى توسساڭچۇ.
يار مەندەك مۇساپىرنى
كېلىپ سۆيۈپ قويساڭچۇ.

كەتتى، كەتتى بىزنىڭ يارلار،
نەلەرگە كەتتى؟
كەلسە، كەلسە تېزرەك كەلسۇن،
غېرىبلىق يەتتى.

ئەتىيازنىڭ ۋاقتىدا،
چېچەك چوكان يېشىلدى.
خىيال قىلسام يارىمنى،
دەردىمگە دەرد قوشۇلدى.

ئاق تىرەكنىڭ پورى بار،
كۆك تېرەكنىڭ پورى بار.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
گەپ-سۆزىنىڭ تۈرى بار.

قازناقتىكى باراڭدا
پەرەس قىلىپ ئاش تۆكتۈم.
يار يادىمغا كەلگەندە،
تارام-تارام ياش تۆكتۈم.

تۇتقان يارىڭ زەرگەرمۇ،
سۆكە، مونچاق ئىتەمدۇ؟
ئايدا يىلدا بىر كەلسەڭ،
سەۋىر-تاقەت يېتەمدۇ؟

گۈرۈچىدىن بۇرۇن
زەدىكى دەم يەپتۇ.
بىركۈن كەلمىسەم،
يارىم غەم يەپتۇ.

گۈل ئېچىلدى باغلاردا،
يامغۇر ياغدى تاغلاردا.
يارنى سۆيسەم بولمامدۇ،
بۇنداق ياخشى چاغلاردا.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.
ئانچە-مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

www.uyghurkitap.com



سېزىپ كەتتى بۇ جانلار،
كۆيۈپ كەتتى بۇ جانلار.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
باغرى قاتتىق چوكانلار.

ئوتقا سالساڭ كۈل بولارمىش،
سۇغا سالساڭ پارچە مۇز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
قاشى بىلەن كۆزى ئۇز.

ئۆستەڭ بېشىدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى كۆك ئالا.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
ئون بەش ياشلىق قىز بالا.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
سۆزلەيدىكەن تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇيانىدا،
چىپا، چىپا قارا تاش.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
ئۆزى زالىم قاراقاش.

شاپاشلايسىز ئۆزىڭىز،
نېمە ھەقتە سۆزىڭىز.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
قاپقار قوي كۆزىڭىز.

ئويتوغراقنىڭ يولىدا
كىردى كۆزۈمگە قۇم-توپا.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
ئۆزى چىرايلىق، بىۋاپا.

شامال چىقسا-پۇرايدۇ،
قوينۇڭدا ئانار بارمۇ؟
مېنى ئەجەپ كۆيدۈردۈڭ،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

ئايۋىنىڭنىڭ ۋاسىسى
ئاتمىشمىدۇ، يەتمىشمىدۇ؟
چاقىرسامۇ كەلمەيدۇ،
بىزنىڭ يار ياڭقۇشمىدۇ؟

ئوردا بېشىدا قوغۇنچى،
كۆل بېشىدا سۇپۇنچى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
مەلەڭدىكى بىر غۇنچى.

ئۆگزەم غىس-غىس قىلادۇ،
چىقسام توخۇنىڭ ئىزى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
ئېيساكامنىڭ چوڭ قىزى.

ئىشىك ئالدى قوش كۆلچەك،
ئوتتۇرىسى چۈمبەلچەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
مەيدەڭدىكى قوش ئەمچەك.

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولسا،
ئىچىپ قويماڭ جانىم قىز.
كۆڭلىڭىزدە مەن بولسام،
تۇزۇك ئويناڭ جانىم قىز.

جانىم ساڭا تەسەددۇق،
سەندە غەم يوق، كۆڭلۈم يوق.
مېنىڭ بىلەن كارىڭ يوق،
تاشلىۋەتمە، جانىم قىز.

كىرسەم ئۇماق قوينۇڭغا،
گىرە سالسام بوينۇڭغا.
سۇ سەپكەندەك قۇملۇققا،
سىڭىپ كەتسەم جانىم قىز.

باغ سالدۇق، ئانار سالدۇق،
كۆرۈپ قويسىلا يارىم.
بىز سىزگە كۆيۈپ قالدۇق،
سۆيۈپ قويسىلا يارىم.

باغدا ئۆسكەن لەيلى مەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى مەن.
سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى مەن.

ئۇنداق تەتمەڭلار مېنى،
مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

ئۇنداق دېسىلە ماقۇل،
مۇنداق دېسىلە ماقۇل.
كۈزلۈككە پىشار شاپتۇل،
توغاچ تۈۋىدە ماقۇل.

ئۇنداق دېمىسىلە يارىم،
مۇنداق دېمىسىلە يارىم.
ئاخشام بولغان گەپ-سۆزنى
كىشىگە دېمىسىلە يارىم.

باغقا كىردىم، گۈللەر ئۈزدۈم،
تولدۇرۇپ ئېتەكىمنى.
ئىشقى ئوتۇڭنى ماڭا سالدىڭ،
كۆيدۈرۈپ يۈرەكىمنى.

ئاسماندىكى ئايمىسەن،
كۆڭلۈمدىكى يار.
ساڭا كۆيگەن يۈرەكلەر
بولدى پارە-پار.

ئاسماندىكى ئايمىسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
كىچىك ئويناپ تېپىشقان،
باغرى يۇمشاق يارىمسەن.

ئۈزۈن بولدى كۆيگىلى،
قولۇڭنىمۇ بەرمەيسەن.
ناز قىلمىغىن بۇنچىلىك،
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيسەن.

بىر جۈپ ئالما ئاتامسىز،
ئۈچ جۈپ ئالما ئاتامسىز؟
بىز ئىككەيلەن دوست بولساق،
بىر يوتقاندا ياتامسىز؟

باغىم بار دېگەن بولساڭ،
يېڭى باغنى سالمايتتىم.
يارىم بار دېگەن بولساڭ،
سېنى خىجىل قىلمايتتىم.

بىرى نوچى، بىرى چاققان،
يەر جاھان ساڭا باققان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر،
كۆڭلۈمگە ئەجەپ ياققان.

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرىڭ،
دىلغا چىراغ كۆزلىرىڭ.
مەجرۇھ دىلنى ساقايتتى،
سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ.

مەن بۇ يەردىن كەتكەندە،
سىز قالدىڭىز سىردىشىم.
ھېرىپ ئىچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردىڭىز سىردىشىم.

بىۋاپانىڭ دەردىدە،
خەستە كۆڭلۈم توق ئەمەس.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ
ياخشى قىزلار يوق ئەمەس.

يولدىن ئۆتكەن ماشىنا
ئىشكايلاڭدا توختايدۇ.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا
كۈندە نەچچە يوقلايدۇ.

ئاشىق بولدۇم يارىمغا،
كۆزلىرى خۇمارىمغا.
مىڭ جان بەرسەم ئەرزىيدۇ،
كۆڭلۈم چۈشكەن يارىمغا.

سۆيگۈ ئوتتۇڭ تۇتاشتى،
شومبۇيىلار سولاشتى.
پەرۋاز ئۇرۇپ شۇ چاغدا،
بۇلبۇل گۈلگە ئۇلاشتى.

بادام دوپپا چىرايلىق،
كەيسەم باشىمغا لايىق.
كىيىپ ئۆتسەم كوچادىن،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

گۈل تېرىدىم چۈنەككە،
كاككۇك قوندى تېرەككە.
ئەقىللىق قارا كۆزنىڭ
ئوتى چۈشتى يۈرەككە.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتكىلى
تار كوۋرۈكنى سالدىڭسەن.
ئونبەش كۈنلۈك ئالەمگە
شۇنچە ئوتنى سالدىڭسەن.

كۆزلىرىڭدىن ئاققان ياش،
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

باغقا كىرسەم باغچاڭمەن،
ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن.
سىغىنغاندا چېكەڭگە،
قىسۇالغان غۇنچەڭمەن.

ئىككى تاغ ئاراسىدىن
ياپپېشىل بولاق چىققاي.
ئىككى ئاشىق بىرلىشىپ،
بىر ئۆيدە ئورۇن تۇتقاي.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك
كەيسەم ئەجەپ ياراشتى.
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گۈيلار ياراشتى.

بىزنىڭ دەريا چوڭ دەريا،
تارمىقى تارام-تارام.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
مېنىڭ سۆيگۈنۈم ھارام.

قاراڭ ھەي گۈزەل قىزچاق،
گۈل ئېچىلدى خۇشپۇراق.
بىزگە دۈشمەن بولغانىنىڭ
يۈرىكىدە قوش پىچاق.

مايسىنى يۇلۇپ قويۇپ،
كۆچۈرەلمىگەن يارىم.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
ئۆچۈرەلمىگەن يارىم.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
زىرائەتلەرگە باقسا.
مەگزى قىزىل شۇ يارىم،
كۆكرىكىنى بىر ياقسا.

سېنىڭ قاتتىق باغرىڭنى
ئوخشاتتىم قارا تاشقا.
سەھەردە قويۇپ يىغلاپ،
قوينۇم تولدى ياشقا.

باغىڭدىكى ئالمىنى
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سەندىن باشقا قىزلارنى
يار تۇتمايمەن، سۆيمەيمەن.

قوشاق يازدىم نېمە ئۈچۈن،
جاۋاب بېرىڭ بىز ئۈچۈن.
راست ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇڭ،
دەردتە قالدىم سىز ئۈچۈن.

شىشىدەك گۈمبەز ئىچىدە،
ئايلىنار باشىم مېنىڭ.
ئاقتى يارىم كوچىسىدا،
قان بولۇپ ياشىم مېنىڭ.

ئۆستەڭ بېشىدا ناخشا ئېيتسام،
ئىشكايلاڭدا تىڭشايسەن.
ئۈچاڭدا تاۋار كۆينەك،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايسەن.

ئورماگنى ئورنۇتتۇم،
ئېتىزلىرىڭ ئاق قالدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
يۈرىكىمدە ئوت قالدى.

ئېگىز تاغقا تاش ئاتتىم،
چىرايلىققا قاش ئاتتىم.
چىرايلىق ئۇخلاپ قالسا،
غەزەل بىلەن ئويغاتتىم.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق تاۋارغا ئورۇلۇپ.
ئارقىسىدىن مەن چىقارمەن،
تال چۈشقەتەك تولغۇنۇپ.

ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ،
گۈل شېخىنى ئەگىدۇ.
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟

ئاخشاملىقتا ئاي تۇغدى،
سەھەرلىكتە چولپان قىز.
سېنى دەپ بۇزۇلغان بىز،
ئاچ قوينۇڭنى قارا كۆز.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
گۈللىرىمگە قاراپ باق.
كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
ئادىشىڭدىن سوراپ باق.

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
خېلى بولدى كۆرمىدىم،
بىر سۆيمەيسەن قەلەم قاش.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئانچە قارايسەن؟
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
ئاندىن ماڭا يارايسەن.

قاپقارا قاش كۆزىڭىز،
غۇنچە بويلۇق ئۆزىڭىز.
يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ،
باشتا قىلغان سۆزىڭىز.

ئۆزۈكۈم بار ياقۇت كۆز،
دۈشمەن ئېيتار يالغان سۆز.
دۈشمەن ئېيتسا يالغان سۆز،
ئايرىمايلى قارا كۆز.

ئوقۇيمەن غوجا ھاپىزنى،
خۇدايىم ئايرىماس بىزنى.
خۇدايىم ئايرىسا بىزنى،
ئەسلەيمەن قارا كۆزنى.

uyghurkitap.com



تاڭ سەھەردە تاللىغان
دەستە گۈلۈم قولۇمدا.
كەلدىم ئېيتقان جايىڭغا،
ئىككى كۆزۈم يولۇڭدا.

ئۈستەڭگە كەلكۈن كەلدى،
ئېرىقنى كۆمۈپ بولماس.
ئىككىمىز بويتاق قالدۇق،
تاقىنا يۈرۈپ بولماس.

بۇلبۇل دېمە ھەممىنى،
بۇلبۇل ئۆزى شوخ ئاۋاز.
لەيلى گۈلگە ئاشىقمەن،
قىش بولسىمۇ كۆڭلۈم ياز.

دەردكە مۇپتىلا بولدۇم،
يارغا ئاشنا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى
ئاشىق-بىقارار بولدۇم.

خەنجىرىم بار بەك ئىتتىك،
كەسمەس گۈلنىڭ شاخنى.
مېنىڭ يارىم ئەقىللىق،
سۆيمەس مەندىن باشقىنى.

كۆزى چۈشتى يارىمنىڭ،
قولۇمدىكى ئۈزۈككە.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
ئايرىلارمىز كۆزلۈككە.

كېرىيە دېگەن چوڭ شەھەر،
ئات توختايدۇ لەڭزىدە.
مەن يارىمنى بىر سۆيسەم،
قان توختايدۇ مەڭزىدە.

باغىڭدىن ئۈزىۋالدىم،
ئەترە بىلەن لەيلىنى.
يارنىڭ ئىشقى تارتىدۇ،
ھەر كىشىنىڭ مەيلىنى.

يارىمنىڭ ئۆيى باغلىق،
تېپىۋالدىم تاۋار ياغلىق.
ھېچ كىشىگە بەرمەيمەن،
جېنىمدىن ئەتىۋار ياغلىق.

ئىشىك ئالدى باراڭ يارىم،
باراڭلىقتىن قاراڭ يارىم.
ئەقىدەمنى بىلمىگەن
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

ياغلىقىڭنى ئالدىڭسەن،
مېنى ئوتقا سالدىڭسەن.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئۆۋالىمغا قالدىڭسەن.

ئاق چوكان ئۆيۈڭ نەدە؟
ئاق ساراي دېگەن يەردە.
ئاگىلى ئاخشام باراي دېسەم،
مەلەڭ بەك ئۇزاق يەردە.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
ئېگىز شاخنى ئەگسەم دەپ.
يىراق يەردىن يار كەلدى،
مەن يارىمنى سۆيسەم دەپ.

سەھەردە ئويغۇنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغۇنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
خۇداغا ئاھ ئۇرادۇرمەن.

غېرىبسىنىپ ئولتاردىم،
يول بويىدا تاشتا مەن.
نېمە دەپ كۆڭۈل بەردىم،
سەن خېنىمغا باشتا مەن؟

ئايمىدۇ، ئايلامىدۇ،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇ؟
مەن يارغا كۆڭۈل بەرسەم،
يار مېنى ئالدامدۇر؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنى
كىيىپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟
توغراقتىكى يارىمنى
سۆيۈپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟

يۈرتنىڭ ئوبدىنى سەمەن،
سەمەندە تولا ئەمەن.
ئامرىقىم گۈلۈم سېنى
قاچاندا مېنىڭ دەرمەن.

گۈل ئەترەڭنى ساقلاشقا
ئوچاق بېشىدا مۇراڭ بار.
سېنىڭ مەيدەڭ ئاغرىسا،
مېنىڭ مەيدەمدە دوراڭ بار.

سېنىڭ مەلەڭ كۆرۈندى،
ئۆگزىگە چىقىپ باقسام.
ئارمىنىمغا قاناتتىم،
باغرىمغا سېنى ياقسام.

قارا چاچىمنى چۈۋۈۋەتمەن،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى
بىلىنمەمدۇ قولۇڭغا؟

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
كەچ ۋاقتى زاۋال چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

سايراپ كەلگەن كاككۇكنى
ئوك قولۇمدا ئۆگىتەي.
كۆيەك ئوتى دەردىمنى
راۋاپ چېلىپ تۆكتەي.

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
باشقا يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

ئۆزۈڭ بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى ئۆلگىلى.
ياكى رايىم بارمىدى،
باشقىسىنى سۆيگىلى.

قورغۇي بولۇپ ئەگىيمەن،
ھويلاڭدا، ئىرەككىدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە-يۈرەكىڭدە.

گۈلباغقا ئانار سالام،
كۆرمەمسەن ئانارىمنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
سېنىڭدەك بىر مۇلايىمنى.

ئۆيلىرى قەيەردىرەك،
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.
بەلگىسى قاپاق تېرەك،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئوتىمىزنى ئاچمىسلا،
چوغىمىزنى چاچمىسلا.
دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن،
بىزدىن ئۇنداق قاچمىسلا.

ئۇك قولۇمدا ئاي پالتا،
بۇسۇغاڭنى كولايمەن.
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات،
تەك ئاخشامدا توۋلايمەن.

ئىتمنى توقۇپ قويدۇم،
شۇرغان. يامان قاردا.
بېشىمغا هەر بالا كەلسۇن،
خىيالىم مېنىڭ ياردا.

قول ياغلىقىڭ قوينۇمدا،
ئەمىر قىلىپ پۈتۈكلۈك.
سەن بەرگەنسەن ئامرىقىم،
بۇنى ماڭا ئۆمۈرلۈك.

يۈرىكىم چاكى چاك بولدى،
لېۋىڭدە سۇ ئىچەي يارىم.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل كەلسە ئۆلەي يارىم.

ئاغزىمدا يەم بېرەي،
بۇلبۇل بولۇپ كەلسىڭىز.
نان تۇتۇپ قەسەم بېرەي،
ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز.

يارىم سايۋاغقا كەتتى،
كەينىگە يانارمىكىن؟
ماڭا بىر جام سۇ بەرسە،
يۈرىكىم قانارمىكىن؟

ئاق بوز ئاتنى تاقىلا،
كۆك بوز ئاتنى تاقىلا.
ياخشى يار تۇتاي دېسەڭ،
بوستان تېرەك ياقىلا.

توغراقتىن يېنىپ كەلدى،
بىردانە تورۇق ئاتلىق.
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن،
مېهرىبان سۆزى تاتلىق.

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ،
ناخشامنىڭ قارايى يوق.
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

ئۇردۇم دەمسەن سەن مېنى،
سېپى سۇنۇق قامچاك بىلەن.
ئايرىمسۇن خۇدايىم،
ۋاپادار ئاغىچام بىلەن.

توك-توك شاپتۇلۇم، توك-توك...
تەپسەم توۋىگە چۈشتى.
بىزنىڭ يار كىچىك تۇرۇپ،
ئىشقىنىڭ كويىغا چۈشتى.

ئالتۇندىن قەپەز ئېتىپ،
بۇلبۇلنى باقارمەنمۇ؟
سەن يارىمنى قۇچاقلاپ،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

كۆلگە سۇنى باشلىسام،
كۆلمۇ لاي، كۆلچەكمۇ لاي.
يارىم خاپا بولۇپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟

دۇنياغا بىر كەلگۈلۈك،
ئىككىنچى كەلمەس كىشى.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
باشقا يارنىڭ نېمە ئىشى.

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۈگمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل، ئاي ئۆتسىمۇ يارىم،
بۇزۇلماس مېنىڭ ۋەدەم.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
ئۈمىدنى ئۈزىۋەتمەك،
چۆللەردە بېشىم كەتمەس.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
تىڭشاپ يات سارايىڭدا.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئۇخلىما قارايىڭدا.

جانان چىنىڭىز رەڭلىك،
ئىچىدە ئۇپا-ئەڭلىك.
يار دېسەم ئەگەر سېنى،
يارىم ئالدىدا تەڭلىك.

دۆك ئارىلاپ مېڭىپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتتى،
لەڭگەرلىك باينىڭ قىزى.

ئەجەپ ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

ئاققىنا كەپتەر ئەمەسكەن،
كۈندە-كۈندە ئۇچقىلى.
ئاي ئەمەسكەن، كۈن ئەمەسكەن،
تۈگۈلۈكۈڭدىن چۈشكىلى.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
مەكتەپخانىدۇر،
بارغان كىشى موللا بولادۇر.
كۆيمەي دېسەم كۆيگۈم كېلەدۇر،
سۆيمەي دېسەم سۆيگۈم كېلەدۇر.

ئالتۇن سائىتىم بولسا،
ئۇنى ساڭا بېرەتتىم،
رەسىمىڭنى بەر يارىم،
سېغىنغاندا كۆرەتتىم.

باغقا كىردىم گۈل ئۈچۈن،
باغدا بۇلبۇل بار ئۈچۈن.
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم،
مېهرىبانىم يار ئۈچۈن.

قولۇمدىكى مارجاننى،
ئىشىك ئالدىغا چاچىمەن.
خاپا بولغان كۆڭلۈمنى
مەن بارغاندا ئاچىمەن.

تاغ باشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
دىل رىشتىمىز چىڭ بولسا،
كىممۇ بىزنى ئايرىغاي.

كاككۇك يارنىڭ ئۆتىدا
كۆيسە مەيلى كۆيگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى هەم،
هامان بىركۈن ئۆلگۈلۈك.

مەن كاككۇكنىڭ ئۈنىنى
نېرىدىن ئاڭلاپ كەلدىم.
يارىم بەرگەن پوتىنى
بېلىمگە باغلاپ كەلدىم.

كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دەريا بويىنى بويلايلى.
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىر خۇداغا يىغلايلى.

ئۆزىڭىز قىزىل غۇنچە،
كۆيدۈرمەك مېنى بۇنچە.
سىزنىڭ كۆيىشىڭىز شۇنچە،
بىزنىڭ كۆيىشىمىز مۇنچە.

www.uyghurkitap.com

ئېتىمنى باغلاپ قويدۇم،
ئىشىك ئالدى بېدىگە.
ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپلا،
قالدىم يارنىڭ دەردىگە.

كىرپىكىڭىزنى كەسلىسەم،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
جان خۇدا دەپ يىغلىسام،
تاغ ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

ئۆگزەڭدىكى قومۇشقا
مەن دەسسەپ چىقالمايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن
مۇڭدىشىپ ياتالمايمەن.

قورغۇي قوندى تېرەككە،
ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە.
كۆڭلۈم قانداق چىدايدۇ،
سۆيمەي تۇرۇپ كەتمەككە.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
تۆشۈپتىن سوراپ باقسام،
كۆيۈككە داۋا يوق ئىكەن.

بىزنىڭ مەللە باغ مەللە،
بارسىلا تاپالاملا؟
كېچە بولسا تولغىنىپ،
ئارامداپ ياتالاملا؟

ھاۋادىكى بەش ئۆردەك،
بەشلىسى بىر خىلدەك.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك.

قىزىلگۈل ئېچىلىپتۇ،
ئۈزىۋالمىساق بولماس.
قىزلارمۇ چوكۇپ قالدى،
سۆيۈۋالمىساق بولماس.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرغان
تۇمشۇقى قىزىل قارغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرەكىم تويمىدى يارغا.

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
چاغاندا ياققان پانۇستەك.

ئاق چەينەككە چاي قويسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
يارنىڭ كۆڭلى ئېرىپتۇ،
ئەمدى ھالىمغا يەتتى.

مەن بازارغا بارمىسام،
ھەپتىدە كەلمەيدۇ بازار.
سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى
سانىغىلى بولمايدۇ.
يېڭى يارنىڭ ئوتىدا،
چىدىغىلى بولمايدۇ.

بېرىڭ دېگەندە بارغان بىز،
يېنىڭ دېگەندە يانغان بىز.
ئالتۇن ئۈزۈك سېپ قويۇپ،
ئاندىن كېيىن سۆيگەن بىز.

ئۆيىڭىز يىراق يارىم،
ئاتقا مىنگىدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان يارىم،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

يارنىڭ كۆڭلىكى خەسە،
كۆڭلىنى ماڭا بەرسە.
كۆڭلۈم چۈشمىدى خەخكە،
كۆڭلۈمدىكى يار كەلسە.

يارىم چالىدۇ راۋاپ،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

مەن قارا قارلىغاچ بولۇپ،
قوش ئايۋاندا سايرىسام.
كېچە ئايدىڭدا يېتىپ،
ماڭغان يولۇڭغا قارىسام.

دوستمۇ سەن، دۈشمەنمۇ سەن،
قايدىن قوشۇلدۇڭ سەن ماڭا.
خالى بىر جايىنى تېپىپ،
ئەرزىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

بېرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كۆزۈمگە توتىيا.

ئالمىنىڭ چىچەكىنى
قوينىغا كۆمۈپ قۇرۇتماق.
ھەرقاچان مەن سىزنىڭكى،
كۆڭلىڭىزنى سۇۋۇتماق.

ئەتتىگەندە شەنبەمدە
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۈمىد ئۈزگىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئانچە قارايسەن؟
كۆڭلۈڭدە گۇمان باردەك،
نېمە ئانچە مارايسەن؟

باغقا كىرگۈم بار مېنىڭ،
تاغقا چىققۇم بار مېنىڭ.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىللە يۈرگۈم بار مېنىڭ.

گۈلۈم غۇنچىگە مەيلىم بار،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
لېۋىگە ئالتىنى سۆيسەم،
يۈرىكىم يارغا تويمايدۇ.

كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
يوقمۇ خەۋەرداريڭ سېنىڭ.
ئوتتىن ئېلىپ سۇغا سالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئەجەپ ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۈستەڭ بويىدا بولغاچ.
ئارزۇيىمىزغا قاندۇق بىز،
تام قوشنا يېقىن بولغاچ.

ئارقا تاغدا نېمە بار؟
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەلمەي قالماڭ كېچە دەپ،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

سېنىڭ ھويلاڭدىكى تېرەك،
مېنىڭ ھويلامغا ئەگىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسام سەگىيدۇ.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتەمدۇ،
كادىر بىلەن ئەمگەكچى،
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
كۆيدۈرىدۇ بۆلەكچە.

قىزىل گۈل ئارىسىدا،
غۇنچە ئارىلاپ ئوينايلى.
ياش بالا ئارىسىدا،
ئاداش بولۇپ ئوينايلى.

باغىمدا ئەجەپ تولا،
شاپتۇلا بىلەن ئالما.
سەن ئۈزۈمنى چوك توتۇپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

كېچە بولسا ياتمايمەن،
يىغلايمەن خۇدايىمغا.
ئۆلسەم يار دۇئا قىلغاي،
مېنىڭ ياتقان مازارىمغا.

يار بىلەن بىر چۆلگە كىرسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزارىكەن.
توغرىقى ئالما مىسال،
يۇلغۇنى مازارىكەن.

قاشنى قاشقا ئۇلساق،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
بىز خۇدا دەپ يىغلىساق،
تاش ئېرىپ سۇ بولغىدەك.

قارا-قارا قاشلارىڭ،
يەلپۈنەمدۇ چاچلارىڭ.
ساڭا نېمە دەرد كەلدى؟
قۇرۇمايدۇ ياشلارىڭ.

باغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئالما ئېغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

ئاتقا مىنمەڭ يۆگەنسىز،
مىنىپ بېقىپ بىلەرسىز.
مېنى يامان دېمەڭ سىز،
سۆيۈپ بېقىپ بىلەرسىز.

چوكانمۇ تىكەي دەيدۇ،
جۇۋانمۇ تىكەي دەيدۇ.
قىزغا ئۆيلىنەي دېسەم،
قوينۇڭغا كىرەي دەيدۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

زەپىرەڭ نەدە بولۇر،
يولنىڭ بويىدا بولۇر.
ھەركىشىنىڭ ئەقلى بولسا،
يارنىڭ كويىدا بولۇر.

ئاللا بەرسە ھەركىمنىڭ
ئېچىلار قىزىل گۈلى.
چىمەن ئىچرە سايرايدۇ،
باغ ئارىلاپ بۇلبۇلى.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
ئېگىز تاغنىڭ كەينىگە.
بىزنى دېگەن چوكانلار
چىقسۇن باغنىڭ كەينىدە.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇ باشلىسا تاشمىسا.
يار بولسا گاڭگۇڭ بولسا،
قايرىپ سۆيسە قاچمىسا.

ماجان دوپپا ئېلىپ بەرسەم،
ياغلىق بىلەن ياز قىللا.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئەجەپ تولا ناز قىللا.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
ئۆزلىرى چاقىقان خېنىمنىڭ
ھاجىتى بىزگە چۈشەر.

ئوقيا ئالدىم قولۇمغا،
سايدا چەگرەن ئاتقىلى.
نومۇس قىلماڭ قارا كۆز،
بىر ياستۇقتا ياتقىلى.

ئارقا تاغنىڭ يوللىرى
ئالتۇن كۈمۈش ئارىلاش.
ئاگاھ بولغىن جان دوستۇم،
بىزگە دۈشمەن ئارىلاش.

تېپىلغىلى مۇز ياخشى،
ئۆينىغلى قىز ياخشى.
ئۇنداق-مۇنداق يارلاردىن
سەت بولساقمۇ بىز ياخشى.

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ،
سېنىڭ ئالماڭنى مەن يەيمۇ؟
سېنىڭ ئالماڭ داۋا بولسا؟
يۈرەكىمگە تاڭاي دەيمۇ؟

يارىم بەرگەن دۇتارنىڭ
دەستىسىدە ئۇلاق يوق.
سىز تورسىڭىز ۋەدىدە،
بىز دېگەندە چاتاق يوق.

ئەجەپمۇ بالكەنسىز،
سەدەپ مونچاققا ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
بىر نادانغا ئوخشايسىز.

مەن بارالمىدىم تۈزغا،
مەيدەمنى يېقىپ مۇزغا.
بىر پۇلۇمنىڭ تايىنى يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
خىيالىمدىن كەتمەيسەن.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
مۇڭداشقىلى كەلمەيسەن.

قاراپ ئولتۇرسام يارىم،
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن.
مەن كۆيگەن بۇ ئوتلاردا،
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن.

مەشۇقۇم قارا كۆزنىڭ
ئۇتۇڭ مەگزىدە خالى بار.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
ئېشىپ كەتكەن ھالى بار.

بارالغنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئۇننىڭ گۈلدۇر.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان
مەشۇقۇم قارا كۆزدۇر.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن.
نېمە مۇنچە زار قىلدىڭ،
سۆيۈپ قويساڭ ئۆلمەيسەن.

مېنىڭ مەقسەت كۈنۈم شولدۇر،
سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم.
ئاياغىمدا مادارىم يوق،
بېرىپ بېشىڭدىن ئۆرگىلسەم.

مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمنى
چىرايلىق مەشۇقۇم ئالدى.
راست سۆزۈڭنى ئېيت يارىم،
جان كىچىككىنە قالدى.

مېنىڭ يارىم ئەجەپ دانا،
ئەجەپ رەنا، ئەجەپ خوشخۇي.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئېشىكنى تاقىماي بوش قوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى سېپىلغا سايىسى.
خويمۇ يىراق بوپتىكەن
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

يامغۇر تولا ياغسا،
ئۆيدىن ئۆتىدۇ تامچە
مەن يارنى سېغىنغاندا،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

يارنىڭ يېنىدا باغدا
بۇلبۇل تولا سايرايدۇ.
خۇدا قوشقان كۆڭۈلنى
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.

ئىشىكنى قىيا ئاچقىن،
يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئالاي،
تۇتۇپ جوپ قۇلاقىڭنى،
ئاغزىڭغا سۆيۈپ ئالاي.

سېرىق چېچەك سايدا بار،
سىزدەك چوكان قايدا بار؟
سىزدەك چوكاننى سۆيسەم،
يۈرىكىمگە پايدا بار.

خۇمارى بولۇپ كەتسەم،
سىلاپ باقمەن يانىنى.
سەن خېنىم مىنى دېسەڭ،
پىدا قىلىمەن جانىنى.

بۇ مىنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قويمىسام يار قېشىدىن.
خەلقى ئالەم ئالدىدا
پەرۋانە بولسام بېشىدىن.

بېغىڭدىكى تاللاردا
خامان ھەيدىسەم لازىم.
ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي نازىم.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئۈرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن.
نىمە مۇنچە يىغلايسەن،
يار تۇتقانغا ئۆلمەيسەن.

قېشىڭىز قارا ئىكەن،
دىلىڭىز ساراي ئىكەن.
مەن ئاخشام باراي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

بېشىڭدىكى چېچىڭغا
ئالتۇن تاغاق تاقىغىن.
قىزىل گۈلدەك قەلبىڭنى
جېنىم ماڭا ئاتىغىن.

ياراشقان قارا خالىڭ،
چېكىپ ئالغان مەڭ ئەمەس.
مىنىڭ ئۆچۈن بارچە قىز،
بىر ئۈزۈڭگە تەڭ ئەمەس.

كىرپىكىڭدىن چىققان ئوق
يۈرىكىمگە قادالدى.
پېشانەمدىن كىرگەن ئوت
بەدىنىمگە تارالدى.

تۇتما دېسەم خويمۇ تۇتتۇڭ
بىلەكلىرىمنى.
سېنىڭ ئوتۇڭ كۆيدۈردى
يۈرەكلىرىمنى.

ئىشىك ئالدى قارا ياغاچ،
قونۇۋاپتۇ قارلىغاچ.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
تالادا ياتتىم يالىڭاچ.

يارنىڭ بېغىدا ئەنجۈر،
تۇتسام ئىزىلىپ كەتتى.
ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ،
يۈرىكىم يېرىلىپ كەتتى.

چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ
قويدۇڭ مۇراڭنىڭ بېشىغا.
مەن ساڭا بىر گەپ قىلاي،
قېرى ئاكاڭنىڭ قېشىدا.

يارىم بەردى بەش ئالما،
بەشلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىپ،
پەنجىرەڭدىن تاش ئاتتىم.
يارىم، سىز ئۇخلاپ قاپسىز،
تەمبۇر چېلىپ ئويغاتتىم.

بىر كۆرۈپ سېنى يارىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.
بىر باقساڭچۇ سەن يارىم،
تەڭ بولۇپتۇ ئەھۋالىم.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نۇرى دېيمەن.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دېيمەن.

ئېرىق بىلەن ماڭساڭچۇ،
بىدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى بەر، يارىم،
غېرىب كۆڭلۈمنى گول قىلماي.

قېشىڭ قارىكەن يارىم،
كۆڭلۈڭ ئاق ئىكەن يارىم.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
مەيلىڭ يوق ئىكەن يارىم.

ئوت كۆيگەن ساماۋارغا
مەن سۇنى قوياي دېيمەن.
كۈلگۈنچەك مېنىڭ يارىم،
لېۋىگە سۆيەي دېيمەن.

بىرگە بىلەيمۇ جانىمنى
ئىككى بىلەيمۇ جانىمنى.
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ كۆرەيمۇ يارىمنى.

ئاققىنا ئايدەك يۈزۈڭگە
زەيتۇنە خالىڭ بولاي.
كېچە يېنىڭدا يېتىپ،
كۈندۈز خەبەردارىڭ بولاي.

ئۈستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇققا قۇلۇپ سالدۇق.
چاتاقنى ئايرىۋەت يارىم،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

ناخشا ئېيتىمەن باشتىن،
ئاڭلاپتۇر قۇلاقىڭدا.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئويناتقىن بۇلاقىڭدا.

ئاق كەپتەرگە دان چاچتىڭ،
كۆك كەپتەرگە چاچمايسەن.
مەن شۇنچە يىلىنسامۇ،
چىرايىڭنى ئاچمايسەن.

ئاي بېشىدا ئاھ ئۇرسام،
ئاي ئاخىرىغا كەتتى.
سەندىن ئۆزگە ئالەمدە،
مېنىڭ ھالىمغا كىم يەتتى؟

ئۇ كوچاڭدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچاڭدا مەن بولاي.
قىزىل گۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئالمۇتۇنىڭ ئالمىسى،
ئالا بۆرەك ئانارى.
مېنى شۇنچە يىغلاتقان
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
ئۈزۈپ ئاغزىڭغا سالما.
ئويناپ ئېيتقان سۆزۈمنى
ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما.

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
سىم بىلەن ھەم قىل بىلەن.
ئەھدى قىلغايمىز، كېلىڭ،
ئىككىمىز چىن دىل بىلەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
قاراڭدىن قورقىمەن، يارىم.
كوچاڭدىن ئۆتەي دېسەم،
ئاناڭدىن قورقىمەن يارىم.

ئوڭ قولۇمدا قەنتىم بار،
سول قولۇمدا قەنتىم بار.
سېنىڭ بىلەن ئويناشقا
قىيامەتلىك شەرتىم بار.

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
بىر ئۈزۈك سېلىپ قوياي.
ئاخشاملىقتا كەلگەندە،
دالدىدا سۆيۈپ قوياي.

تۇرپان يولى يول بولسۇن،
ئىككى چېتى گۈل بولسۇن.
چىن ئەقىدە بولمىسا،
ئىككى كۆزۈم كور بولسۇن.

قىزىل گۈل ئاراسىدا
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ساڭا ئېيتمىسام بولماس،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

سېنىڭمەنەي-سېنىڭ مەن،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن.
ئىزىزانە قەشقەردىن
تاللىۋالغان گۈلۈڭ مەن.

ئاق كىگىز، قارا كىگىز،
ئايۋانىڭغا باپ كىگىز.
بويۇم بىلەن بويۇڭ تەڭ،
دوپپاڭنى ماڭا كەيگۈز.

ئۆيۈڭگە كېلىپ قالدىم،
ناخشاڭغا خۇمار بولۇپ.
ئاي يۈزۈڭگە قانغۇم بار،
بويۇڭغا تۇمار بولۇپ.

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم،
ئۇنۇمدىن تونۇغان يارىم.
جاپايىمنى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرمىگەن يارىم.

يارىم سەن ئىشىتتىڭمۇ،
چايغا چىللىغانىمنى؟
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما
ئويناپ تىللىغانىمنى.

ئا خېنىم، يامانلىماڭ،
ياخشى يامانى كىم بىلۇر؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ
سايىنى تىرىسا گۈل بولۇر.

دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى،
دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى.
سۆرەياسىننى ئوقۇپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام سەن كۈلسەن.
بارچە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرسەن.

ئاق بالىخان دەپ ئېيتمايمەن،
سىم كارۋاتتا ياتمايمەن.
سىم كارۋاتتا ياتقاندا،
بىر كېپىم بار ئېيتمايمەن.

چۈلقاينىڭ غوللىرى
يانتاقلىق ئوتۇن ئىكەن.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
قاراقاش خوتۇن ئىكەن.

تۈڭلۈكتىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان باغ-باغ ئەتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى قارنى.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

دەردى تولدۇر يارىڭ،
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
ئويناپ ئاللى، يارىم،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

قاشىڭ قارىسى سەندە،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.
چىللىغاندا كەلمىگەن
يۈزى قارا شەرمەندە.

ھاۋادا بېلىق ئالغۇچ
دەريادىن بېلىق ئالدى.
بىر كېپىڭنى قىل يارىم،
شېرىن جېنىم ئاز قالدى.

بارمىغاچقا، كەلمىگەچكە،
يار مېنى «دىۋانە» دەر.
بېشىدا پەرۋانە بولسام،
ساق ئەمەس مەستانەدەر.

بېغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەھرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئات مىنىپمۇ ئۆتكەنسەن،
تون كىيىپمۇ ئۆتكەنسەن.
ئىچىمدىكى دەردلەرنى
بۇ ناخشامدىن بىلگەنسەن.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن.

ئانداق ئەتمەڭلار مېنى،
مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولارمەن،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

uyghurkitap.com

يارىمنىڭ ئىسمى زوھرا،
قولىدا يوغان كوزا.
سىنىڭ دەردىڭدە مەن ئاغرىق،
سەن بەرمىگىن ماڭا دورا.

ئۆجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
تاراڭگىدە قاقساڭچۇ؟
رەڭگىم زەپىرەڭ بولدى،
يار ھالىغا باقساڭچۇ.

سەن بەرگەن چىمەن دوپپا
يانچۇقۇمدا قاتلاقلىق.
سەن ئۆزۈڭنى دەگسەپ باق،
مېنىڭ بىلىم باغلاقلىق.

ئاق مەسچىتكە بورا سالدىم،
كۆك مەسچىتكە جايناماز.
قارا كۆزنىڭ ئىشقىدا،
يورغىلايدۇ مەتنىياز.

چاي ئەكەلدىم سۇۋۇتۇپ،
كۆيمىسۇن دەپ تىللىرى.
شۇنچە قىلسام ياخشىلىق،
ئېرىمەمدۇ دىللىرى.

تۇتۇپ بېرەي تۇمۇچۇق،
قەپەزدە بېقىپ ئالغىن.
ئۆمۈرلۈك بولاي جانان،
باغرىڭغا يېقىپ ئالغىن.

ئۈستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
سۆيەي دېسەم بويۇم پەس،
ئېگىلەمسىز قارا قاش.

ئالما ئاتسام ھويلاڭغا،
تۇتۇپ ئالدىڭ ئېتەكتە.
مېنى مەپتۇن ئەيلىدىڭ،
ئۇتنى سېلىپ يۈرەككە.

سەپەر قىلدىم تۇرپانغا،
ئاستانىنى كۆرەي دەپ.
رەسىمىڭنى ئېپقالدىم،
كۆزلىرىمگە سۈرەي دەپ.

شايى ئىشتان تار ئىشتان،
كىيگىلىرى كېلەرمۇ؟
سىلە كادىر، بىز دېھقان،
سۆيگىلىرى كېلەرمۇ؟

ئۈچقۇر ئېتىم بولمىسا،
مەنزىلگە يېتەلمەيمەن.
كۆڭلۈم چۈشكەن يارىمنى
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن.

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى
قىبلە تامغا پاسىل قىل.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
مۇرادىمنى ھاسىل قىل.

ئاق پىيازنىڭ پوستى مەن،
قىزىل پىيازنىڭ پوستى مەن.
بىر مەلىدە چوك بولغان،
قارا قاشنىڭ دوستى مەن.

بېشىڭدىكى دوپپىسىنى
ناۋاتتا پاتلىغان يارىم.
ماڭا قىلغان ۋەدىسىنى
يۈرەكتە ساقلىغان يارىم.

يايلاق ئېكەن تاشقورغان،
مايسىسىغا مال تويغان.
مېنىڭ بىر نىگارىم بار،
لەۋلىرىگە خال قويغان.

قولۇمدىكى گۈلدەستە،
سەن ئېگىزدە، مەن پەستە.
بىز ئىككىمىز ئويناپلى،
تا ئۆلگۈچە ھەۋەستە.

ئاسماندىكى جۇپ قۇش بىز،
خىنىم دەردىڭدە بىھوش بىز.
مەيلىڭ بولسا كەل يايرىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بىز.

يارىنىڭ ئىسمى گۈل ئايىم،
مېنىڭ ئىسمىم ئىبراھىم.
بىز ئىككىمىز بەختلىك،
قوشۇپ قويغان خۇدايىم.

قاغىلار قارا بولۇر،
قاناتلىرى ئالا بولۇر.
مەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈزلىرىم قارا بولۇر.

مەرمەنسا ئۇبدان بالا،
ئەجەپ ئوقۇيدۇ ناخشىنى.
ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بار،
تاللاپ سۆيەر ياخشىنى.

قاشلىرى بەرگى قىياق،
يۈزلىرى خۇددى ئانار.
سەن ئۈچۈن شەيدا ئۆزۈم،
مەرەمنىسا كۆزى خۇمار.

ئۈستەڭ بويىدا تاللار،
ياپراقىدا مارجانلار.
يارىم بىلەن كۆرۈشتۇق،
ئەمدى يوقتۇر ئارمانلار.

گۈل تېرىدىم باھاردا،
تەشتەكلەرگە تولدۇرۇپ.
لەۋلىرىمگە سۆيدۈگسەن،
قۇچاقىمدا ئولتۇرۇپ.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
تاپىنىمغا تاش قويۇپ.
دەردىمنى تۆكۈۋالاي،
سىنىڭ مەيدەڭگە باش قويۇپ.

باغقا كىرىپ ئۆرۈك يەڭ،
باغنىڭ مۆتىسى بىزنىڭ.
مېنى دېسىڭىز ئەگەر،
جاندىن بۆلىكى سىزنىڭ.

بۇغدايلىقتا ماڭغاندەك،
يۇلغۇنلۇقتا ماڭمايمەن.
سەن يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەيمەن.

يارىم بەرگەن پاكچۇنى
كۆكلەك تىكىپ كەيگۈم بار.
مېھرىبان قارا كۆزنى
ئۆمۈرۋايەت سۆيگۈم بار.

يارىم مەن سېنى باشتا
گۈللۈك باغچىدا كۆرگەن.
سەندىن ئايرىلالمايمەن،
ئۆزۈم ئارزۇلاپ سۆيگەن.

بىر موللاقچى كەپتەرنى
كەپتەرۋاز تۇتۇپ كەلدى.
لېۋەنلىك قىلىپ يارىم،
كۆڭلۈمنى تۇتۇپ ئالدى.

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ،
چۈنەكتىكى پەلەكتە.
سەن سورىما، مەن ئېيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

ئاق ياغلىقمۇ توقۇيمەن،
كۆك ياغلىقمۇ توقۇيمەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

قىزىل گۈل دېگەن نەرسە،
بېھىشتىن چىققان نەرسە.
ئۆرۈك ئېغىتىپ بەرسەم،
يارىم قولىدا تەرسە.

كېچە يېتىپ چۈش كۆردۈم،
تولۇنئاي قولۇمدا دەپ.
ئاھ! دەپ ئويغىنىپ كەتتىم،
پاھ! يۈرىكىم كۆيدى دەپ.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
سىكىلەكنى يېتىلەپ.
سۆيۈۋالدىم گۈللۈكتە،
سېكىلەكنى مىكىلەپ.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
مەن جىگلاپ هاراق ئىچتىم.
ئىشقى ئوتى يامانكەن،
تونلەردە كۆيۈپ پىشتىم.

ئۆستەڭ بويىدا كۆردۈم،
خەقلەر سالغان كۆۋرۈكنى.
مەن ئۈزۈمچە كۆيگەنمۇ؟
يارى ساپتۇ كۆيۈكنى.

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆڭلىكى پاچچۇ،
بويىندا قاتار مارجان.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
ئۆلگۈچە خۇمارىم بار،
سىز يارىم چىرايلىققا.

تاماكا سالاي دەيدۇ،
خالتىنى ئاچالمايدۇ.
بىر سۆيۈپ قوياي دەيدۇ،
خالى جاي تاپالمايدۇ.

تاشقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قورغۇي بالىسى بار ئۈچۈن.
ئوتقا سالسام كۆيمەستىم،
ئوتسىز كۆيدۈم يار ئۈچۈن.

هاۋا-هاۋادىن ئاشتى،
بۇلۇت سامادىن ئاشتى.
قىزغا مەيلىم بار ئىدى،
جوۋان قويىنىنى ئاچتى.

يارنىڭ بېغىغا كىرسەم،
ئالما تۆگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە قىز ئىدى،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

جىنەستەيۇ-جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
سەن يايرىم چىرايلىققا،
تېزىپ كەلدىم گۈلدەستە.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
يەلپۈنەر ئەجەپ بەلەن.
ۋاقتىدا بارالمىدىم،
مەن يارغا نېمە دەرمەن.

باغىم بارۇ، باغىم بار،
يار قېشىغا بارغىم بار.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
يار كۆڭلىنى ئالغىم بار.

ھەپتە دېگەن سەككىز كۈن،
ئۈنىڭ سەككىز تۈنى بار.
بۇلدۇقلىغان بۇلاقتا،
سەن يارىمنىڭ ئوتى بار.

بىزنىڭ يۇرتتا تاش تولا،
تاشتىن تولا ئاش تولا.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
ئۆيلەنمىگەن ياش تولا.

كۆل بويىدا قۇش سۆگەت،
يول بويىدا ئاق سۆگەت.
ئانچە-مۇنچە كەل يارىم،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك،
يارىمنىڭ ئۇچاسىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ئوچتۇرپان كوچاسىدا.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئېگىلىپ قالدىم بۇگۈن.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمىگىلى،
سېغىنىپ قالدىم بۇگۈن.

سېنى ئۇندا ياراتتى،
مېنى مۇندا ياراتتى.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا
ئاقار دەريانى ياراتتى.

قاش بېشىغا بارغىچە،
تاش تېپىلماس ئاتقىلى.
پۇرسەت كەلمىدى بۈگۈن،
قوش يۈرەكنى چاتقىلى.

تەپسەم ساندۇق ئېچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانچىلۇر.
سىزدىن ماڭا خەت كەلسە،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلۇر.

شاخلايدۇيا-شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك تۆۋىدە،
بىزنىڭ يارلار ساقلايدۇ.

يۇشقىقىمنى تۇرمەستىن،
سوغا كىردىم يوتىغا.
يارىم ئەجەپ كەلمەيدۇ،
ئۆلتۈرەمدۇ ئوتىدا.

ئىچىمدىكى دەردلىرىم،
چىقمايدىكەن تېشىمغا.
بولسا ئۈچار قاناتىم،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

توغراق يۈلغۈن كۆكىرىپ،
گۈزەل قىلىپتۇ تارىمنى.
ئاخىر بىركۈن سۆيەرمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى.

قاشلارى قارامىدۇ،
يۈرتلىرى ھەرەممىدۇ؟
باراي دېسەم يول يىراق،
ماڭا كەلگەن ئەلەممىدۇر؟

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
چاي بولسا ناۋات بولسا.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
ئۈچقىلى قانات بولسا.

يارىم ياغلىق چىگىپتۇ،
پېشانىسىنى چۆكۈرۈپ.
نىكەمگىچە يۈرۈيسىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ.

www.uyghurkitap.com



قەشقەر بازىرى پەستە،
كوچىسى ئاۋات رەستە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دۈشمەن بىلەن بەس-بەستە.

يارىمنىڭ ئالمىسىدىن،
بىرنى ئۈزۈپ يېمىدىم.
كۆيگىلى ئۈزۈن بولدى،
بىرنى سۆيۈڭ دېمىدىم.

تاشلاشقان-تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ چىداشمىغان.
شۇنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
قانغىچە مۇڭداشمىغان.

ئېتىمنى مىنىپ بېرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
يار ئوتى·يامان ئىكەن،
دورا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

ياخشى ئاتنىڭ بالىسى،
سۆڭگۈچىدە ئالىسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
قۇچىقىدا بالىسى.

ئېتىمنى مىنىپ بېرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
يارىمنىڭ قۇلاقىغا
ھالقا سېپ قوياي دەيمەن.

ئۈستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
مىراپ ساپتۇ كۆۋرۈكنى.
ئىككىمىز ئاراسىغا
خۇدا ساپتۇ كۆيۈكنى.

ئۈزۈملەر پىشىپ قاپتۇ،
شاپتۇللارمۇ پىشقاندۇ؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
يار مېنى سېغىنغاندۇ؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنى
قىستۇرۇپ بۇزئۆتمە.
بۇ ئالەم ئۈزۈن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزئۆتمە.

بىز قەشقەردىن كەلگىچە،
سانساكۇدا تاڭ ئاتتى.
شېرىن ئۇيقىدا ياتسام،
يارىم كېلىپ ئويغاتتى.

تاغدا كەلگەن شامالدىن،
يارىم سېنى سورايمەن.
كەلسە خەۋەر سېنىڭدىن،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

قاغا جىگدەڭنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

قاچان چۈشەر سايىسى،
يېڭى تىككەن جىرىمنىڭ.
جاندىن ئۆتتى كۆيۈكى،
يىراقتىكى خېنىمنىڭ.

غېرىپ بولدى مېنىڭ باشىم،
تىنماي ئاقىدۇ ياشىم.
ھالىمغا بىر يەتسەڭچۇ،
قارا كۆز، قارا قاشىم.

ئىلىخو دېگەن شىدە،
مەن بارمىغان باغ تولا.
دەردىڭىزنى ئەجەپ تارتتىم،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

تاڭ سەھەردە بۇلبۇلدەك،
تومۇچۇقۇم ئويغاتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەپ يىغلاتتى.

يولنى ماڭسام باغ ئارا،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.
مېنى ھەرگىز توسماڭلار،
يارىم ئۆيدە يالغۇزدۇر.

باراي دېسەم يول يىراق،
كۆرەلمىدىم مەن سېنى.
كۆيۈپ قالغان چېغىمدا،
سۆيەلمىدىم مەن سېنى.

ئاي يۈزلۈكۈم يارىم سەن،
گۈل يۈزلۈكۈم يارىم سەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق-سالامەت بارمۇ سەن.

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

ئەجەپ رەھمىڭ كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
قانات بولسا ئۇچاتتىم،
يارىم سېنىڭ قېشىڭغا.

ئۈنچە-مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەس تېرىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارىمنى بىر كۆرۈشكە.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن
سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش؟
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۈن ئۆتەمدۇ قارا قاش.

شاپتۇل شېخىدەك پەسكە
ئىگىلىپ قالدىم بۈگۈن.
مېھرىبان يار قايدا دەپ،
سېغىنىپ قالدىم بۈگۈن.

توشقان چىقتى ئۆۋدىن،
قارچۇغنى قۇشلايمەن.
يار دەردى يامان ئىكەن،
كېچە-كۈندۈز يىغلايمەن.

ئاھ خېنىم رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نە بولۇر؟
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نە بولۇر؟

كۆيگىنىمگە پۇتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نە بولۇر؟
يۈرىكىمنىڭ قېتىنى
يېرىپ باقساڭ نە بولۇر؟

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
بار ئىكەن قۇرۇق تېرەك.
يارىمنى خىيال قىلسام،
ئوتتەك كۆيىدۇ يۈرەك.

ئالىمەن راۋابىمنى،
چالىمەن پىغانىمغا.
سالامىمنى يەتكۈزگىن،
مېنىڭ سۆيگەن نىگارىمغا.

يارىم تىكىپ كەيگۈزگەن،
بادام دوپپا بېشىمدا.
بىر يۈتۈم سۇ ئۆتمەيدۇ،
يار بولمىسا قېشىمدا.

كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
مەن يارىمنى كۆرگەندە،
ئالما قويدۇم يارىمغا،
قىزىل گۈللۈك لىگەندە.

ئالماڭنى يېگەن بىلەن،
سوغۇق سۇ ئىچەلمەيمەن.
يارىدىن خەق كەچسمۇ،
مەن ياردىن كېچەلمەيمەن.

ھەر جايغا بارساڭ،
بولغىن سالامەت.
سەن يارىم ئۈچۈن،
چەكتىم نادامەت.

ئاسمانغا قاراپ،
چولپاننى كۆردۈم.
ئۇخلاپ چۈشۈمدە،
سەن يارنى سۆيدۈم.

ئاينىڭ بارمۇ شولىسى؟
كۈننىڭ بارمۇ شولىسى؟
ياخشى يەردە يار تۇتسام،
يامان يەردە ھويلىسى.

ئېرىقىممۇ ئېرىقىم،
پىلدىرلايدۇ بېلىقىم.
قانداق يەردە تۇرسەن،
مېنىڭ يارىم-غېرىبىم.

ھاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
دورا ئىچسەم مەست ئەمەس.
بىر كۆرگەن شۇ يارىمنى
يەنە كۆرمەك تەس ئەمەس.

باغقا كىرسەم سەھەردە،
بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
كۆزۈم يەتسە كۆرەردىم.
شۇنداق دەردنى تارتقىچە،
ئەجەل كەلسە ئۆلەردىم.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
سۇغا قاراپ ئولتۇردۇم.
يار يادىمغا يەتكەندە،
گۈلنى يۇراپ ئولتۇردۇم.

ئىشىك ئالدى بوستانلىق،
باراقسانلىق-گۈلباغلىق.
سەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
نىمە دېگەن خوشاللىق.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
مېھرىبان يارىم بىلەن،
بىللە يۈرسەم نە بولار.

يۈرىكىم ئارام تاپماس،
سەن يارنى سېغىنغاندا.
ئۆلمىسەك كۆرىشەرمىز،
باغدا گۈل ئېچىلغاندا.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
ئانارگۈلنى ئۈزەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

باغنىڭ چۆرىسى ئېرىق،
ئېرىق بويى چىمەنزار.
سەن يارىمنى كۆرۈشكە،
بولدۇم بەكمۇ ئىنتىزار.

مەن يارالدىم بۇ جاھانغا
كۆرگۈلۈكنى كۆرگىلى.
تەلمۈرۈپ باقتىم يولۇڭغا
كەلگىن جېنىم بىر سۆيگىلى.

بۈگۈن كۈنگە جۈمەكەن،
يارىم بىلۇر ئەلۋەتتە.
يارىم كەلسە پات كەلسۇن،
مەن قالماي خىجالەتتە.

ئېرىق بولسا تار بولسا،
ئاتلاپ ئۆتكىلى بولسا.
يار بولسا يېقىن بولسا،
كۈندە كۆرگىلى بولسا.

قۇم تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
ئەمەن قالاپ چوغۇم بار.
كۈندە-كۈندە كەلسىڭىز،
قۇم چۆگۈندە چېيىم بار.

مەن ناخشامنى ئېيتساملا،
يارىم كېلۇر يادىمغا.
ئىپەك رومال ئەۋەتتىم،
ۋاپادارىم يارىمغا.

بىزنىڭ يارلار كېلدۇ،
ئۇڭ قولىدا گۈل بىلەن.
بىزمۇ باردۇق ئالدىغا،
ئۆستەڭ بويى غول بىلەن.

سۆزۈك-سۆزۈك مارجانىنى،
ئېسۋاپسەن بوينۇڭغا.
مارجىنىڭنىڭ يىپى بوپ،
چىرمىشايمەن بويۇڭغا.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
باراڭغا تال قوندۇرما.
يىغلاپ كەلدىم ئالدىڭغا،
بۇ كۆڭلۈمنى ياندۇرما.

مەن يارىمغا ئېلىپ قويدۇم،
ئالتۇن قولۇپنى.
يارىم كېلىپ سۆيۈپ قويسۇن،
كۆڭلى سۇنۇقنى.

يەتتىنچى ئاي تومۇزدا،
يامغۇر ياغماس تۇرپاندا.
چاقچاپ بارسام ئۆيگە،
يارىم ياتار ئايۋاندا.

بارغۇلۇقتا-بارغۇلۇق،
يار يېنىغا بارغۇلۇق.
يارىمنى كۆرەلمىسەم،
ئۆيگە قانداق يانغۇلۇق.

كۆۋرۈك سالدىم ئۆستەڭگە،
ھەممە كىشى ئۆتكىلى.
خېلى ئۇزۇن ۋاخ بولدى،
يارىم، سېنى كۈتكىلى.

ئارپا تېرىدىم ئىشلەپ،
بالدۇر ئېغىز تەككىلى.
ئۇزۇن بولدى يارىمغا،
بۇ مەلدىن كەتكىلى.

ئىككىمىزنىڭ نالىسىغا
جان-جانىۋار سايرىدى.
ئىككىمىز بىر جايدا بولساق،
خەلقى ئالەم ماردى.

زاراڭزا چېچەكلەپتۇ،
قىزىل، سېرىق-ئالتۇن رەڭ.
بىزنىڭ باغقا كەلسىڭىز،
ئۈزۈم، ئۈزەي تاللاپ يەڭ.

قاپاق تېرەك بېشىدا،
كاككۇك سايرايدۇ.
ئايدەك جۇگان قوينىدا،
يىگىت يايرايدۇ.

ئاق بۇلۇتمۇ لەيلەيدۇ،
كۆك بۇلۇتمۇ لەيلەيدۇ.
يارنىڭ باغرى تاشمىكىن،
كۆتكۈنۈمنى بىلمەيدۇ.

ئۆچۈپ كەتكەن كەپتەرلەر،
دان سەپكەنگە چۈشەرمۇ؟
رەنجىپ قاچقان ئاشۇ يار،
كۆللىغانغا كېلەرمۇ؟

ساقلاپ قويدۇم يارىمغا
باراڭدا ئۈزۈم.
قاراپ يارنىڭ يولىغا،
تېشىلدى كۆزۈم.

ئاپئاق ئۈجمە شېخىدا،
ۋىچىرلايدۇ ئاق قۇشقاچ.
يارغا بېقىپ قاش ئاتتىم،
ئىسسىق چاينى ئۇتلىغاچ.

يار ئۆزى كىچىك بالا،
ساراي ساپتۇ سوقمىدا.
ئەتە-ئاخشىمى بارساق،
قونغۇدەك ئارام خۇدا.

ئاي مەسەللىك يارىمسەن،
كۈن مەسەللىك يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
بۇ دۇنيادا بارمۇ سەن؟

ئۇنتۇپ كېتەي دېگەنتىم،
كېچە كىرىدىڭ چۈشۈمگە.
ئۆچۈپ كەتكەن ئوتۇڭنى
قايتا ياقتىڭ كۆڭلۈمگە.

يارنىڭ بېغىدا ئەنجۈر،
تۇتسام ئېزىلىپ كەتتى.
يارنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ،
يۈرەك باغرىم ئېرىپ كەتتى.

يارىم ماڭغان كوچىدا،
بۇغداي چېچىلىپ قاپتۇ.
سەن يارنى كۆرۈۋېلىپ،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ قاپتۇ.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئاتلاپ نەچچە بۇلاقتىن.
تىنەپ قالدى شۇ يارىم،
مەن سورىغان سوراقتىن.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
قونسام دالان بېشىغا.
چار ئىلاندەك تولغۇنۇپ،
كىرسەم يارنىڭ قېشىغا.

تاسلا قالدىم ئۆلگىلى،
يارىم كەپتۇ كۆرگىلى.
تۇرغىدەك ماجالىم يوق،
يارغا تازىم قىلغىلى.

مەن يارىمغا نامە يازدىم،
سىيا قىلىپ يېشىمنى.
چۆللەرگە كېتەي دەيمەن،
چەتكە ئېلىپ بېشىمنى.

خالتا كەپتۇ ئايىمدىن،
يىراقتىكى يارىمدىن.
يارىم كەلسە مەن تەييار،
كېچەي تۇرقى-بارىمدىن.

بىيت ئېيتتىم يارىمغا،
ھوشى بولسا بىلەر دەپ.
ئايلار-يىللار ئۆتسىمۇ،
ھامان بىركۈن كېلەر دەپ.

شىلدىر-شىلدىر قومۇشلۇق،
شىلدىرلايدۇ شامالدا.
مەن ئىزدەپ باراي دېسەم،
مېنىڭ يارىم قامالدا.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
بېغىمدا قىزىل گۈلدە.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سېنى كۆرمىگەن كۈندە.

چىراغىمنى ياندۇرۇپ،
قويدۇم مورا بېشىغا.
قاچانلىققا بارارمەن،
سۆيگۈنۈمنىڭ قېشىغا.

ھاراق ئىچتۇق گەنزىدە،
ھاشخان داڭلىق بىلەن.
خويى تۇتسا ئۇرىدۇ،
ھاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.

ئۆستەڭ بويىدا ياتتىم،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتىم.
گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ،
يارىم بىلەن يەپ كەتتىم.

مېنىڭ يارىم يېنىمدا،
ئاق بىلىكى بويىنۇمدا.
كېچە يېتىپ چۈش كۆرسەم،
گۈل ئانارىم قوينۇمدا.

يارنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭ
پەنجىرىدە پەردە بار.
سارغىيىپتۇ چىرايى،
نېمە ئىشتا دەردى بار.

يارىم كەلدى مەيلىڭ،
مەن غېرىبنى كۆرگىلى.
نازى بىلەن كۆيدۈرۈپ،
مېھرى بىلەن سۆيگىلى.

گۈلنى گۈلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
بالدۇرغىنا كەل دېسەم،
ئەجەپ كېچىكىپ كەلدىلە.

يارىم تېرىغان ئۇسما،
بىر تەكشى ئۈنۈپ چىقتى.
ئىشىك ئالدىغا كەلسەم،
ھويلىدىن كۈلۈپ چىقتى.

يارىم كۈندە ئۆتىدۇ،
ئىشىكىمدىن گۈل بولۇپ.
ئەگىشىمەن كەينىدىن،
كۈلكىسىگە گۈل بولۇپ.

مورىغا چىقىپ يازدا،
كۆزۈم چۈشتى قاۋۇلغا.
شۇ قاۋۇلغا ئەگىشىپ،
كىرىپ كەتتىم ئاۋۇلغا.

كېچە كەلدىم داۋانغا،
غۇنچە بويلۇق كەلمىدى.
غۇنچە بويلۇق كەلگىچە،
كۆزگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئىشقى دەردى پىراقتىن.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
يانغان نۇرلۇق چىراقتىن.

uyghurkitap.com

يارىم مېنى خوش قىلدى،
بېرىپ ئەگىلىك-ئۆپىنى.
مەن ئاتاپ تىكىپ قويدۇم،
يارغا گىلەم دوپپىنى.

قىلۇدىن شامال چىقسا،
يارنىڭ شاملى دەيدۇ.
ئەجەپ كەپتۇ شاملى،
يار نېمىشقا كەلمەيدۇ.

ئۇ يانغىمۇ ئۆتكۈم بار،
بۇ يانغىمۇ ئۆتكۈم بار.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
مۇرادىمغا يەتكۈم بار.

قاغىلار توپ-توپ ئۇچار،
ئاپئاق بولۇت ئاستىدا.
ھالۋا ئېتىپ كۈتۈپ تۇر،
يارىم مېنى ناشتىدا.

بوگۈن جۈمە ئەتتىگەن،
بىزنىڭ يار قېچىپ كەپتۇ.
قىلغىنىغا تۆۋە قىپ،
ئاش-مانتا ئېتىپ كەپتۇ.

يارىمنىڭ زىل ئاۋازى،
ئەجەپ مۇڭلۇق، جاراڭلىق.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
خالىي بولسا باراڭلىق.

يارىم ساپتۇ قولاقتا
لەھەڭ كۆزلۈك ھالقىنى.
يارىمنى كۆرەلمىدىم،
توسۇۋېلىپ ئالدىنى.

ماتانى ماتا دەيمەن،
خاتانى خاتا دەيمەن.
چىللاپ قويدۇم يارىمنى،
مەن بىلەن ياتار دەيمەن.

گۈل ئىچىدە گۈللەر بار،
يۇراقلىرى ئۆزگىچە.
مەن يارىمنى كۆرەرمەن،
ئۆزۈن بولسا كۆزگىچە.

ئۆڭ قولۇمدا ئاغامچا،
سالمىنى ئاتاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
قۇچاقلاپ ياتاي دەيمەن.

يارىم چىقتى ئۆيىدىن،
مىيىقىدا بىر كۈلۈپ.
ئەستە يەتتىم ۋەسلىگە،
بىر تىرىلىپ، بىر ئۆلۈپ.

كەلگەن كۈنۈم چارشەنبە،
راۋان بولدى سەپىرىم.
يار كۆڭلىنى ئېرىتتى
مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم.

بۈگۈن ئۈچكۈن، تاغدا تۈت كۈن،
يار بۇ يەردىن كەتكىلى.
ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە يوق،
ئۆگزىمگە چىقسام شاملى.

ئۆيۈڭ يار بويىدا بولسا،
ئاغزىم بىلەن يەم بەرسەم.
ئەقدە ساقلىغان يارنىڭ
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

مېنىڭ يارىم كەچ كەلدى،
باش-كۆزلىرى پەس كەلدى.
ياردىن ئەھۋال سورىماق،
ئانىسى بار، تەس كەلدى.

مەن يارىمغا سوۋغا بەردىم،
زىلچىسى بىلەن.
ماڭا يارىم يىپ ئەۋەتتى،
پىلتىسى بىلەن.

مەن يارىمغا بەرگەن خالتا،
قاشتېشى تۇمار.
ئۆڭ قولىغا ئالغان ھامان،
كۆز يېشى قۇرار.

يارىم ماڭا گۈل بەرگەنتى،
باغدا تۇرۇپ قول ئۇچىدا.
بوگۈن ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ،
تېپىۋالدىم تار كوچىدا.

گۈل-گىيالار ئۇسۇپتۇ،
ئىسسىق بولاق ئىچىدە.
مەن يارىمنى چاقىرسام،
يېتىپ كەلدى كېچىدە.

كەشتە تىكىپ ئولتۇرسام،
شىرىق-شىرىق تىۋش كەلدى.
يۇگرەپ چىقسام ئىشىككە،
مېنىڭ يارىم خوش كەلدى.

كاكۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
ھەرجايدا ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

شاخلايدۇيا-شاخلايدۇ،
يوغان تېرەك شاخلايدۇ.
يوغان تېرەك تۆۋىدە،
يارىم مېنى ساقلايدۇ.

بارغانلاردىن-تۇرغانلاردىن
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نەكەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

تام بېشىدا ئولتۇرغان
تۇمشۇقى ئالا قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم تويمىدى يارغا.

مەن ئېتىمنى توقلۇدۇم،
يار ئۆيىگە يەتكىلى.
يار باقمىسا تەس كېلۇر،
قۇرۇق يېنىپ كەتكىلى.

تالمۇ-تال سىم تاردەك،
چاچلىرىڭنى سېغىندىم.
ھەر تەرەپكە ئويىنىغان
قاشلىرىڭنى سېغىندىم.

لىپ-لىپ قىلغان قوندۇزدەك،
كىرپىكىڭنى سېغىندىم.
ئېقىپ تۇرغان بولاقتەك
كۆزلىرىڭنى سېغىندىم.

خۇددى قىزىل ئاناردەك
يۈزلىرىڭنى سېغىندىم.
ئۈنچە-مارجان مىسالى،
چىشلىرىڭنى سېغىندىم.

كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى،
خۇددى مېغىز يارى-يار.
ئوت پىراقى ئۇتاشقان،
ۋاپالىق قىز يارى-يار.

ئاغزى قۇرۇپ سۇ دېسىلە،
سۇغا مەن قايان باراي.
ئىچى ئالتۇن، تېشى كۈمۈش
چىنىگە قايان باراي.

مەلىمىزگە توي تارتىپ،
شېرىن كەلدى يارى-يار.
قوشاق بىلەن، ساز بىلەن
كېلىن كەلدى يارى-يار.

ھەيرانىمەننا-ھەيرانىمەن،
سۈدىكى قۇندۇزلارغا.
سەن سېغىنساڭ ئايغا باق،
مەن قارايمەن يۇلتۇزغا.

چاپىنىڭنى تاشلايمەن،
يولغا ئالتە ئاي قارايمەن.
ئالتە ئايغىچە كەلمىسەڭ،
ئۆزۈم بىلگەنچە ئوينايمەن.

قىزىل گۈلنى گۈلۈم دەپ،
ئەتىرگۈلدىن ئايرىلدۇق.
يېڭى يارنى يارىم دەپ،
كونا ياردىن ئايرىلدۇق.

گۈلنىڭ بەرگىنى ئەگسەم،
تىكەن سانچىلىپ كەتتى.
يار سېنى ياد ئەيلىسەم،
كۆڭلۈم چېچىلىپ كەتتى.

كۆز پەسلى بولۇپ قاپتۇ،
غازاڭلار چۈشۈپ قاپتۇ.
ئامرىقىم چىرايلىقىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

ئاق تاۋادا بۆكۈم بار،
كۆك تاۋاردا شوينىسى.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
سۆيگەن يارىنىڭ ھويلىسى.

چاقامنىڭ تاناپى يوق،
ئاق ئۈچتا تاناپ سالدىم.
يارىم سېنى كېلەر دەپ،
پاقلاندا كاۋاپ سالدىم.

بىزنىڭ ھويلا قوش تاللىق،
زەپ ياراشقان باراڭلىق.
يارنى كۈندە كۆرەلمەي،
يەنە تۇتتى ساراڭلىق.

كۈندە باشنى تارايسىز،
ئۆگزىڭىزدە ئولتۇرۇپ.
سىزگە يېمىش ئەپ كەلدىم،
يانچۇقۇمنى تولدۇرۇپ.

مىس تەخسە لىگەن بولسا،
يار سەندەك لىۋەن بولسا.
مەن بارارمەن يولۇڭغا،
يار سەندىن خەۋەر بولسا.

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
مەن كۆيدۈم تولا سىزگە،
چىقمايسىز تالا-تۈزگە.

سۆزۈك سۇنى كۆرگەندە،
بۇلىقىنى ئەسلەيمەن.
بۇ خەتلەرنى كۆرگەندە،
يارىم سېنى ئەسلەيمەن.

بىزنىڭ يارىنىڭ ھويلىسى،
كۈن چىقىشتا ئۆگزىسى.
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
كىمگە ئوخشار ياڭزىسى.

روھى چۈۋن بولسا كىشى،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى.
شەمۇ-شە ئىزلەپ يۈرۈپ،
يارىنى تاپسا كىشى.

تاش ئۆستەڭنىڭ سۈيىدە
قارا قۇمچاق ئوينايدۇ.
سەن يارىمنى داۋاملىق،
سۆيسەم يۈرەك قانمايدۇ.

ھاجىمنىڭ تىراكتۇرى،
گۆكىرەيمۇ دېمەيدۇ.
قىزىلگۈلدەك شۇ يارىم
بىر كېلەيمۇ دېمەيدۇ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
پىل-پىل كۆيىدۇ چىراق.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارىنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

گۈلدەك ئېچىلىپ كەپسەن،
كۆزۈڭگە كۆرۈندۈممۇ؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن.
سەن مېنى سېغىندىڭمۇ؟

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
گۈل تۈۋىدە تۇرارمەن.
سەن يارىم چىرايلىقنى
قايسى كۈندە كۆرەرمەن.

چوڭ يورغا، كىچىك يورغا،
يارىنىڭ مىنگىنى تورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇراي مەن يولغا.

كىچىككىنە ئاق قۇشقاچ،
ئاسانلىقچە تۇتۇلماس.
سەن يارىمنى كۆرمىسەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلماس.

ئاش ئېتىمەن ئۈگرىدەك،
گۆش توغرايمەن چامغۇردەك.
سىز يارىمنى ئەسلىسەم،
يېشىم ئاقار يامغۇردەك.

ئاق كۆڭلەك مېنىڭ بولسا،
ئەتتىگەندە كىيەردىم.
مېھرىبان يارىم بولسا،
سېغىنغاندا سۆيەردىم.

ساسلىقنى ماكان ئەيلەپ،
بىز ئامباردا ئىشلىدۇق.
سۆيگەن ياردىن خەت كەپتۇ،
ئوقۇپ، ئاڭلاپ يىغلىدۇق.

ئات باشىدا ئارغامچى،
ماڭمىسا ئۇراي قامچى.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
بۇ يۈرتنىڭ يولى قانى.

چوكان تالۇ-چوكان تال،
چوكانتالدا بۇلبۇل بار.
ئالەمدە تولا گۈللەر،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن—گۈل بار.

قاغىلىقنىڭ قاغىسى،
سېغىزخانغا ئوخشايدۇ.
يار قېشىغا بارمىسام،
كەلمىدى دەپ قاخشايدۇ.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيمەن،
ئەترە گۈلنى گۈل دەيمەن.
ئون سەككىزنىڭ ئالەمدە
سەن يارىمنى بىر دەيمەن.

يارىمنىڭ ئۆيى تاغدا،
ئوينايدىكەن سايباغدا.
مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كېلىدۇ دېگەن چاغدا.

توخۇلار چىللاشىدۇ،
قاناتىنى قاقمايدۇ.
بىزنى سۆيگەن شۇ يارلار،
يەردىن ئۈستۈن باقمايدۇ.

دۇتارنى چېلىشۇرسەم،
تۈگمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل ئۆتسىمۇ ئاردىن،
ئۈزۈلمەس مېنىڭ ۋەدەم.

ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا
شېغىل تارتىمەن كۈندە.
سىز يارىمنى دېمىسەم،
نېمە ئىش قىلىمەن چۆلدە.

قاراڭغۇدا يول يۈرسەم،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
ئۆزلىرىگە ساقلىغان
مۇھەببەتلىك خېتىم بار.

سىزگە يازغان بۇ خەتنى
تولدۇرغان قۇرۇق بەتنى.
سىز نېمە دەپ تونۇيسىز،
باشلىدىم مۇھەببەتنى.

يارىم كېيگەن ئاق كۆڭلەك،
لىپىلدايدۇ شامالدەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يار قېشىمدا تۇرغاندەك.

ئۆزۈمنى ئالاي چۆلگە،
بەش موللاق ئاتاي كۆلگە.
يار ئىسمىگە كەلگەندە،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

قۇناقنى سوقۇپ قويدۇم،
شامال چىقسا چەش بولۇر.
سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
بىركۈن قانداق كەچ بولۇر.

باغ ئىچىدە بىركۆل بار،
گۈل شېخىدا بۇلبۇل بار.
سەن يارىمنى تاپقاندا،
كۈندە نەچچە سۆيگۈم بار.

چۈمپەردەڭنى ئاچساڭچۇ،
مېنىڭ مەيلىمگە باقساڭچۇ.
يۈرىكىم ئارام تاپسۇن،
كېلىپ مەيدەڭنى ياقساڭچۇ.

شۇنداق بولارمىز دەپمىدۇق،
ئايرىلامىز دەپمىدۇق؟
ئاردا ھەسرەت چېكىپ،
يىغلاپ يۈرەرمىز دەپمىدۇق.

ئېگىز تاغنىڭ بويىدىن
قوغلاپ چۈشتۈم توشقاننى.
يارىم بولسا ئاڭلايتتى،
مەن ناخشامغا قوشقاننى.

ساي بويىدىكى تېرەكلەر
چاشقان قۇلاق بولغاندۇ.
ئۆز يارىم قەلەمقاشنىڭ
كېلەر ۋاقتى بولغاندۇ.

ئالتۇن كەكە تال كېسەر،
كۈمۈش كەكە گۈل كېسەر.
مەن يارىمنى كۆرگەندە،
باياۋاندا گۈل ئۆسەر.

بۇ ئېتىزمۇ ئۇسكەن،
ئۇ ئېتىزمۇ ئۇسكەن.
بىز ئىككىمىز ياتقىلى،
تاۋار يوتقان بولسكەن.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
بىرىپ ئاينى توسساڭچۇ.
مەندەك يالغۇز يارىڭنى
پات-پات ئىزلەپ تۇرساڭچۇ.

چۈش ۋاقتىدا باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈم بارالڭ ئاستىدا،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئۇلۇك قولۇمدا ئاي پالتا،
بۇسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىقتا ئويغاق يات،
يارىم سېنى توۋلايمەن.

ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
خامان سورىغان ئارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
بۇلتۇر ئوينىغان يارىم.

بۇلبۇلۇممۇ سايرايدۇ،
ئۆز قولۇمدا دان بەرسەم.
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ،
قۇچاقىڭدا جان بەرسەم.

كەكلىكلىرىم سايرايدۇ،
تاشقا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
مەن يارىمغا يىغلايمەن،
يولغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

ئاش پىشامدۇ چوگۈندا،
نان پىشامدۇ چوگۈندا.
يارىم بىلەن ئوينايمەن،
ئاخشاملىقتا گۈگۈمدا.

بوغداي باشاق تارتىپتۇ،
دان سۈيى قوياي دېيمەن.
سەن چىقسالڭ تولۇنئايدەك،
مەن يۇلتۇز بولاي دېيمەن.

نەم داۋاندا ئولتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كۆرمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يارىمنى
ئىشەك مىنگەندە كۆرمىدىم.

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە
مېنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
سازىدا ئوت بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر؟

قىشىڭنى قارا كۆردۈم،
تال بويۇڭنى تۈز كۆردۈم.
ئاخشام كۆرگەن بويۇڭنى
كېچە يېتىپ چۈش كۆردۈم.

ئېگىز-ئېگىز سۆرىسىدە،
چاشا ياغلىق مۆرىسىدە.
ئۆلمىسەڭ كۆرۈشەرمىز،
چولڭ كۆۋرۈكنىڭ چۆرىسىدە.

كۆكۆل سېزىدۇ دەيدۇ،
كۆكۆلنىڭ سەزگىنى راستۇر.
يار قەدرىگە بەتكەندە،
سۆيىسە يۈرەككە خاستۇر.

پىچاق چاقماق باغ ئەۋرىشىم،
ئەگىيدۇ مېنىڭ باشىم.
يارنى مەن خىيال قىلسام،
دەريا بولۇپ ئاقار ياشىم.

لەمپىلەردىن ئۆتمىگۈنچە،
مەنزىل كۆرۈنمەس.
ئاق بوز ئاتنى مىنمىگۈنچە،
يارلار كۆرۈنمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جاندۇر مېنىڭ يارىم،
جانانەدۇر مېنىڭ يارىم.
چىققىلى چارىسى يوق،
بىچارىدۇر مېنىڭ يارىم.

يارىمغا ساراي سالدىم،
گۈل بىلەن مۇنار سالدىم.
كەلمىگەنىگە كۆپ بولدى،
يولىغا قاراپ قالدىم.

ئايرىلغانىغا مەن رازى،
نىكاھ قىلمايدۇ ساراڭ قازى.
چىنار باغدا ئولتۇرسام،
يارىم خانىنىڭ ئاۋازى.

مەيلىڭ بولسا سەھەردە كەل،
قورقما ئۆلۈمدىن.
ئۇنىڭ قولۇڭغا ئۆزگەچ كەلگىن،
ئەترە گۈلۈگدىن.

يىراق بولسا يېقىن بولسا،
تارارىم يوقتۇر.
ەن يارىمنى كۆرىۋالسام،
ارمانىم يوقتۇر.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
ھەردەم ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە ياغلاپ كېلىمەن.

دېڭىزنىڭ زەنجىرى
ئۆچ كېلەرمۇ، تۆت كېلەر.
ھەركىشى يارىنى تاپسا،
ئىچ-باغرىنى كىم بىلەر؟

دوپپىگىزنىڭ چەشمىسى
ئۈچ كېلىدۇ، تۆت كېلىدۇ.
يېگى يار تۇتقان بىلەن
قاچان كۆڭۈل جۈپ كېلىدۇ؟

يار كېلىپ ئالدىمدىن ئۆتسە،
قايقارا مۇڭلار ماڭا.
چۆرۈلۈپ ئالدىمغا كەلسە،
تار كېلەر دۇنيا ماڭا.

كۆل تۇۋىدە ئولتۇرسام،
گۈل سۇيى گۈلگە تامۇر.
ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى
يارنى كۆرگەندە قانۇر.

سېغىنىپتۇرمەن سېنى،
نەچچە يىراقتا بولسىلا.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە رەڭلىك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلايتىمەن،
ساغرىپ ساي باشىدا.
كۆلگىنىم پاشالىقىم
ئولتۇرۇپ يار قاشىدا.

شايى پەننى تارتىمەن،
ئاپتاپتا ئوبدان قۇرۇسا.
مەن يارىمنى كۆرۈمەن،
ئول خۇدايىم بۇيرىسا.

يەل بوراندەك يەلپۈنۈپ،
كەلسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزىكۆلدەك ئېچىلىپ،
سانچىۋالسام بېشىغا.

يار كوچىسىغا بېرىپ،
گەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.
سەپەرگە كەتكەن يارىمغا
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقسام،
ئاي ماڭا يولداش بولسا.
مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل،
يار ماڭا مۇڭداش بولسا.

سېنى كۆرگەندە ئەي يارىم،
بولۇر ئەقلىم كۆزۈم روشەن.
قاناتىم بولسا ئۇچقىلى،
بېرىپ شەھرىگنى چۆرۈلسەم.

مەن ئۆزۈم ئەر بالاسى،
بېغىڭدا خار بولمىمەن.
قارا قاش قاۋۇل جېنىم،
كۆرگىلى زار بولمىمەن.

قارا قاش قاۋۇل جېنىم،
بولدى مېنىڭ ھالىم خاراپ.
شۇ سېنىڭ مۇشكۇل ئوتۇڭدا
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاپ.

يەنە ئالما شېخىنى
چاپسام راۋاپ بولمامدىكەن؟!
يەنە ئاشىق كىشىنى
سۆيسە ساۋاپ بولمامدىكەن؟!

كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن
قورغۇيدەك ئاداشىمنى.

جاندۇر يارىم مېنىڭ،
جانانىدۇر يارىم مېنىڭ.
چىققىلى چارەسى يوق،
بىچارىدۇر يارىم مېنىڭ.

سەھەرلەردە مەن باردىم،
ئىتلىرىڭگە يول بەردىم.
چىقمايسەن تالا-تۈزگە،
زەپىراندەك سارغايدىم.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا،
بىرتوپ ئۆزۈم، بىرساپ ئۆزۈم.
ئەتە ئاخشام كېلىمەن دەپ،
كېلەلمىگەن قارا كۆزۈم.

يارىم قۇناق ئۇتايدۇ،
ئارقىدا قۇناقلىقتا.
ماڭا ئالما ساقلايدۇ،
ئانارگۈللۈك ياغلىقتا.

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
كۆرۈنگەن قارا تۈزگە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ مەشۇق قاراكۆزگە.

مەن ئۆزۈم سەھرادا بولسام،
ئاشىقىم ئاستانىدا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
قېشى قارا مەستانىغا.

سۇ بېشى سىڭگىمگىچە،
ئاستانە تۈيۈققىچە.
ئاۋۋال ئاخشام كېلىۋىدىم،
ياتمىدىم تاڭ ئاتقىچە.

بۇ مېنىڭ يايرىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قاشىدىن.
ئىككى ئالەم بولمىسا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

قوراي تېغى ئېگىز تاغ،
سېرىلەيمۇ دېمەيدۇ.
كۆڭلى قاتتىق شۇ يارلار،
سېغىنايمۇ دېمەيدۇ.



ئۆمۈرلۈك جۆرىلەر



تۇرمۇشقا چۆكۈش



مېھماندارچىلىق

www.uyghurkitap.com



كىچىك ئاماننىساخان


بۇلاق (پەسىللىك ژۇرنال) ئومۇمىي 63-سان

源泉 (布拉克)(维吾尔文)总63期

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放路348号)
新疆畜牧印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1063/I
ۋاكالەت نومۇرى: 108—58، باھاسى 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

国内统一刊号 :CN65—1063/I
本刊代号 : 58—108 定价:5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

ISSN 1005-0876

05>

9 771005 087006